

5

1982

# شىنجاڭ سەنئىتى

Altun0q

# ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن 1982 - يىللىق تىياتىر كۆرىكى (بىرىنچى قېتىملىق) دىن كۆرۈنۈشلەر

— سۈرەتلەرنى چى يۈلىڭ تارتقان



1 . ئىلى ئوبلاستلىق سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئورۇنلىشىدا: قازاقچە ناخشا - ئۇسسۇللۇق دراما «سالىخا - سەمەن».



2 . ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئورۇنلىشىدا: ئۇيغۇرچە مۇزىكىلىق دراما «ئەل قىساسى».



3 . شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمىكىنىڭ ئورۇنلىشىدا: بىر پەردىلىك باللار دىرامىسى «يولۋاس بىلەن ئېيىق ھەققىدە ھېكايە».



4. قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئورۇنلىشىدا: ئۇيغۇرچە مۇزىكىلىق دراما «مەسلىھەت چېيى».



5 . شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمىكىنىڭ ئورۇنلىشىدا: ئۇيغۇرچە ئوپېرا «ئانا ۋە بالا».



6 . خوتەن ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئورۇنلىشىدا: ئۇيغۇرچە ئوپېرا «ئانارگۈل».



7 . بايىنغۇلىن ئوبلاستلىق سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئورۇنلىشىدا: ئۇيغۇرچە مۇزىكىلىق دراما «نەشپۈتزارلىقتا».

# شىنجاڭ سەنئىتى

( قوش ئايلىق ژورنال )

2 - يىل نەشرى

5

1982

# بۇ ساندا


كۈلپەتلىك مۇھەببەت (ئوپېرا) ........ ئارسلان (3)

ئۇيغۇر مىللىي چالغۇ ئەسۋابى تەنبۇر ۋە ئۇنىڭ قىسقىچە تارىخى (ماقالا)
........ ھوسەيىن كېرىم (45)

ئاتاقلىق ئۇيغۇر بۇددا رەسسامى ۋىسا ئىراساتگا (ماقالا) ..... ئابلىز مۇھەممەت سايرامى (62)

ئۇيغۇر مىللىي ئۇسۇلچىلىقىدا ئەنئەنە بىلەن يېڭىلاشنىڭ مۇناسىۋىتى (ماقالا) ... رەنا مەخسۇت (67)

ئېسىمگە سالدى (يۇمۇر) ........ پەتتار رەھىم (71)

شاڭخەي كېچىسى (دىراما) ........ شۈكۈر يالقىن (72)

دوستۇم ئابدۇللا ھامۇتنى ئەسلەيمەن (ئەسلىمە) ........ ھېيتەم ھۈسەيىن (90)

تۇرمۇش ۋە ئىجادىيەت (ئەسلىمە) ........ ھوشۇر روزى (96)

دۇتار (شېئىر) ........ ئابلىمىت مەھەممەت (101)

قىرغىز خەلقىنىڭ ماھىر كۈيچىسى (ماقالا) ........ ئىبراي ئەيسا (102)

ئاۋال دىراما ۋەقەلىكى يازايلى (ماقالا) ........ سۇڭ گۋاڭزۇ (104)

چارلىز چاپلىن ھەققىدە ھېكايىلار ........ چېن جيەنخۇا (107)

چارلىز چاپلىن توغرىسىدا قىزىق گەپلەر ........ ۋاڭ جىڭ مىڭ (110)

قىممىتى يېڭىلىق يارىتىشتا (ماقالا) ........ ۋۇ پېيگۇ، جۇ باۋيۇڭ (112)

تىياتىر كورۇنۇشلىرى توغرىسىدا (ماقالا) ........ شۈي ۋېنيىڭ (115)

گوركىينىڭ سەنئەت ۋە سەنئەتچىلەر توغرىسىدا ئېيتقانلىرى ........ (117)

چېلو ماھىرى مىستىسلاۋ روستروپوۋىچ (ماقالا) ........ جۇ جيەن (118)

ئۇسكار ئىسمىنىڭ قويۇلۇشى ھەققىدە ........ (119)

لېنىن ۋە مۇزىكا ........ (120)

نەيچى (شېئىر) ........ ھەسەن تىلىۋالدى (121)

سەھنىگە قاراپ (شېئىر) ........ مىرزايىت كېرىمى (122)

يورۇقلاش ۋادىسىدىكى شاتلىق (مۇزىكا) ........ مەتروزى تۇرسۇن (123)

قەھرىمانلىق مىدالى (ناخشا) ........ سۆزى: مۇتەللىپ مەھەممەتنىڭ
مۇزىكىسى: نۇرمەھەممەت سايىتنىڭ (125)

سەييارە قوشىقى (ناخشا) ........ سۆزى: بۇغدا ئابدۇللانىڭ
مۇزىكىسى: خارىس ئاشىروپنىڭ (127)

ۋەتەن قوشىقى (ناخشا) ........ سۆزى: ئېزىز نىيازنىڭ
مۇزىكىسى: روزى ياسىننىڭ (128)


بۇ ساندىكى ھۆسنىخەت، بەت بېشى سۈرەتلىرىنى نىياز كېرىم ئىشلىگەن.



(بەش پەردىلىك ئوپېرا)

## ئارسلان

### قاتناشقۇچىلار

قەمبەرنىسا ........................................ 17 ياش، باتۇر، زىلۋا بوي، گۈزەل قىز.
شاكىر ........... 20 ياش، قەمبەرنىسانىڭ ئاشىقى، ئەركپەرۋەر، تەدبىرچان، غەيۇر يىگىت.
گۈلەمخان ...................... 40 ياش، قەمبەرنىسانىڭ ئانىسى، ئاقكۆڭۈل ئايال.
مەرەمنىسا ........................................ 18 ياش، قەمبەرنىسانىڭ دوستى.
ئابلەت ........................................ 21 ياش، شاكىرنىڭ دوستى.
ئايزىم ................. ..................... 18 ياش، بوجاڭنىڭ قىزى.
مىركېرەمباي ........................................ 50 ياش، زالىم ئادەم.
نىزام ......... 40ياش، شاكىربىلەن ئاتاباشقا، ئاناباشقابىر تۇققان، گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ پەيجاڭى.
بوجاڭ ........................................ 55 ياش، قارا قوساق ئادەم.
خوجىدار ........................................ 48 ياش، باينىڭ ئىگىلىك باشقۇرغۇچىسى.
ھېلىم سوپى ........................................ 53 ياش، مەھەللىنىڭ سوپىسى.
پازىل ........................................ 30 ياش، تۇتۇرۇقسىز، ئىككىيۈزلىمە ئادەم.
ئايىمخان ........................ 39 ياش، ھېلىم سوپىنىڭ خوتۇنى، بوجاڭنىڭ ئاشنىسى.
شاكىرنىڭ دوستلىرى، بىر نەچچە دېھقان قىز - ئاياللار، ئەسكەر ۋە مالايلار.
ۋەقە ئازاتلىق ھارپىسىدا جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ مەلۇم بىر يېزىسىدا سادىر بولغان.

### بىرىنچى پەردە

[ۋاقتى: 1949 - يىل، ياز، پېشىن. ئورنى: گۈلەمخاننىڭ قوروسى، سول تەرەپتە گۈلەمخاننىڭ ئۆيى، ئىشىك ئالدى بوستانلىق، رىدە دەرىخىدىكى تەۋرىنىپ تۇرغان بىر جۈپ گۈلەڭگۈچتە قەمبەرنىسا بىلەن مەرەمنىسا غەمكىن ئولتۇرغان ھالدىتە پەردە ئېچىلىدۇ، تالادىن بىر توپ قىز چۇقىرىشىپ كىرىدۇ]

AltunOq

قىز ئا: ۋىيەي، بۇ يەردىكەنسىلەرغۇ ئوسما ئوغرىلىرى.

قىز ب: چىمچاچاق ئوينىۋېتىپسىلەردە تېخى، قاپىغىڭلار نىمانداق تۈرۈلۈپ كەتتى؟

قەمبەرنىسا: (ناخشا) جۇدۇن سوقتى غۇنچىنى،
كۇلپەت چۈشتى بېشىمغا.
دۈشمەن يارنى باغلىدى،
قان ئارىلاشتى يېشىمغا.

قىزلار: (قايتارما) قالمىدى بۇ زاماندا،
ۋاپا ئىنساپ جاهاندا.

مەرەمنىسا: (ناخشا) يىغلىمىغىن تۈگەيدۇ،
ئاقسا كوزنىڭ قارىسى.
مەلھەم ئالغاي كۈلكىدىن،
يۈرۈگۈڭنىڭ يارىسى.

(مۇزىكا داۋاملىشىدۇ، مەرەمنىسا گۈلەڭگۈچتىن چۈشۈپ قىزلارنىڭ يېنىغا كېلىدۇ)

قىز ئا: مىركېرىم باي شاكىرنى قامىتىۋەتكىلى ئىككى ئاي بولدى. بىچارە قەمبەرنىسانىڭمۇ يۈرىگى قانغا تولدى.

مەرەمنىسا: ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىت بار، شاكىر غۇلجىغا قاچۇرىۋەتكەن ئادالەتچى مۇئەللىم پات ئارىدا ئۈچ ۋىلايەتچىلەر بىلەن بۇ ياققا كېلەرمىش، كەلسە شاكىر تۈرمىدىن قۇتۇلىدۇ، قەمبەرنىسانىڭمۇ كۈنى تۇغۇلىدۇ.

قىز ب: يار يادىمىزدا، توي ئالدىمىزدا دەگا...

[قىزلار كۈلۈشۈپ بېرىپ قەمبەرنىسانى گۈلەڭگۈچتىن بوستانغا ئېلىپ كېلىدۇ، مۇزىكا كۈچىيىدۇ]

قەمبەرنىسا: (ناخشا) ئارامى يوق كوڭلىمنىڭ،
تويدۇم دەرتكە ئازارغا.
يارسىز يۈرسەم بۇ جاهان،
ئوخشار ئىكەن مازارغا.

[گۈللەر ئارىسىدىن شاكىر بېشىنى چىقىرىپ جاۋابەن ناخشا ئېيتىدۇ]

شاكىر: راۋابىمنى ئالسام بۈگۈن جاراڭلىدى تارىسى،
كەلگىن يارىم ئۆزەڭ بولغاچ يۈرىگىمنىڭ پارىسى.
كوزلىرىڭدىن سېغىنىشنى كورۇپ تاشتى هاياجان،
يىغلىما يار، يۇيۇلمايدۇ ياشتا تەقدىر قارىسى.

قەمبەرنىسا: شاكىرجان!

شاكىر: قەمبەرنىسا!

[ئىككىسى بېقىشىپ ناخشا ئېيتىشىدۇ]

قەمبەرنىسا: بەرمىدى بۇ شوم پەلەك سويگۈگە ئىمكان نەيلەيىن،

بىر بېشىمغا كۈندە يۈزمىڭ سالدى ھىجران نەيلەيىن.
ئەل دىدىڭ، ھورلۇق دىدىڭ، بۇ بىزگە خاس ۋىجدان دىدىم،
يىغلىدىم، ياتقان يېرىڭ بولغاندا زىندان نەيلەيىن.

شاكىر: يىغلىما، كۈلگىن نىگار ئارزۇنى ئىزھار ئەيلەيىن،
سەندىكى ۋىجدان ۋاپاغا جاننى نىسار ئەيلەيىن.
ئوتقا كىرسەم، سۇغا چۈشسەم دىلكىشىم بولدۇق چىداپ،
دۈشمىنىڭنى ئىككى دۇنيادا ئۆزەم خار ئەيلەيىن.

[شاكىر گۈللۈكتىن چىقىپ قىزلار بىلەن سالاملىشىدۇ. قەمبەرنىسا يۈزىنى رومىلىدا تو-
سايدۇ. قىزلار چىقىپ كېتىپ ئىككىسى خالى قالىدۇ]

شاكىر: بۇلبۇل تاپتى قىزىل گۈلنى سايرىسۇن ئەندى...

قەمبەرنىسا: ئاشىق - مەشۇق مۇڭداش بولۇپ سايرىسۇن ئەندى... ياداپ قاپسىز، ئۇلارنىڭ چاڭگىلىدىن قانداق قۇتۇلدىڭىز؟ ئەندى ئىزدىمەمدۇ؟

شاكىر: تۈرمىدىن قېچىپ چىقتىم، قوغلىغان گۇندىپايلار بىلەن ئىككى كېچە - كۈندۈز ئېلىشتىم، ئەندى غۇلجىغا كەتمەي بولمايدۇ.

قەمبەرنىسا: (قېيىدىغان ئاھاڭدا) شۇنداق، كېتىمەن دەپ كېلىپسىز - دە، بىز ئېسىڭىزگىمۇ كىرىپ چىقماپتۇق.

شاكىر: شۇمۇ گەپ بولامدۇ، مەن قېچىپ يۈرۈپ گۇندىپايلارنى كىچىگىمىزدە ئوينىغان توقايدا ئازدۇرۇپ بىر ئېتىنى مىنىپ قاچتىم.

قەمبەرنىسا: قايسى توقاي؟

شاكىر: بىز سۇ چېچىشىپ ئوينايدىغان جىگدە بۇلاقچۇ، ئۇ يەردە مەن سىزنىڭ ئىزلىرىڭىزنى ئىزدىدىم.

قەمبەرنىسا: بالىلىق قىزىق بولىدۇ - ھە، يىلىم ئېلىمۋاتسام ئاستا كېلىپ قىرىق كوكۇلامنى جىگدىگە باغلاپ قاچقانلىرىڭىز.

شاكىر: "ئاكا" دىگۈزۈپ يالۋۇرتقاندىن كېيىن، چېچىڭىزنى يىشىۋەتسەم، مېنى قوغلاپ چاپقانلىرىڭىز.

قەمبەرنىسا: موكۇ - موكۇلەڭ ئويناپ يارغا موككەندە، يار ئۆرۈلۈپ كېتىپ سىزنى بېسىۋالغانلىرىچۇ شاكىرجان، ئويلىسام ھازىرمۇ قورقىمەن.

شاكىر: شۇ چاغدا سىز بولمىسىڭىز تۈگىشەتتىم دەڭا. سىز مېنىڭ شەپقەتچى مېھرىبانىم.

قەمبەرنىسا: ياقەي توشۇك تاغدا بورىگە ئۇچرىغىنىمدا بورىنى ئولتۈرۈپ مېنى قۇتقازغانتىڭىز، سىز مېنىڭ شەپقەتچى پاسىبانىم.

شاكىر: ماقۇل، بىراق مەن ئارانلا پاسىبانىڭىزمۇ؟...

قەمبەرنىسا: (ئۇيۇلۇپ) يەنە، يەنە سىز ... مەنچۇ؟

شاكىر: سىز كوزۇمنىڭ گوھىرى، مەشۇغۇمسىز.

قەمبەرنىسا: ئەمىسە نىمىشكە "كېتىمەن" دەپ قامچىڭىزنى سۇغا چىلايسىز؟

شاكىر: مەن سىزنى كورگىلى، كويدۇرگىلى، غۇلجىغا ئەپقېچىپ كۆلدۈرگىلى كەلدىم.

قەمبەرنىسا: ۋىيەي، ئۇياتمايدىغان! (قولىنى مەڭزىگە تەككۈزۈپ يۈزى قېلىن دىگەن مەنانى ئىشارە قىلىدۇ)

شاكىر: ئاتنى ئابلەتنىڭكىگە يوشۇرۇپ قويدۇم، ئۇ يەنە بىر ئات بىلەن جابدۇقلارنىمۇ تەقلەپ قويماقچى، گۇندىپايلارنىڭ كېلىپ قېلىشىدىن بۇرۇن ئەتە سەھەردىلا ئاتلىنايلى ماقۇلمۇ؟

قەمبەرنىسا: (ناخشا)
مۇھەببەت بۇلبۇلى قىلغاي ئازات سەيلانە ـ سەيلانە،
قەپەزنى كوكسىدە ئەيلەپ هامان ۋەيرانە ـ ۋەيرانە.
ئوزەم هورلىككە تەشنا ئايدالادا ئەركىن ئۇسكەچكە،
باراي ئاسمانى كەڭ يەرگە جۇرۇڭ غەمخانە ـ غەمخانە.

شاكىر: (ناخشا)
لېۋىڭ ياقۇتمىدۇر يارىم سوزۇڭ دۇردانە ـ دۇردانە،
ۋاپا دۇنياسىدا قەلبىڭ گويا يىگانە ـ يىگانە.
مۇھەببەتنى كوتەردىڭ سەن يۈرەك ئاسمانىغا يۈكسەك،
هايات مەيدانىدا جەڭچى ئوزەڭ مەردانە ـ مەردانە.

[شاكىر قەمبەرنىساغا قول سوزىدۇ، قەمبەرنىسا ئەكىلەپ دەرەخ كەينىگە ئوتىۋالىدۇ، شاكىر تۇتماق بولغاندا كۈلۈپ قاچىدۇ، شاكىر قوغلايدۇ، سىرتتىن ئاڭلانغان گۈلەمخاننىڭ ئاۋازى قوغلاشماقنى توختىتىدۇ]

گۈلەمخان: قەمبەر قىزىم!

[شاكىر ئوزىنى دەرەخ دالدىسىغا ئالىدۇ، گۈلەمخان كىرىدۇ. قەمبەرنىسا يۈگرەپ بېرىپ ئانىسىنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ ئەركىلەيدۇ]

قەمبەرنىسا: ئانا، كىم كەلدى، تېپىڭا؟

گۈلەمخان: قوي بالام، ئېسىم جايىدا ئەمەس، ئوزەڭ ئېيتقىنا.

قەمبەرنىسا: (دەرەخلىكنى ئىشارە قىلىپ) ئەنە قاراڭا.

شاكىر: دەرەخ دالدىسىدىن چىقىپ سالام بېرىدۇ) سالام! گۈلەمخان ئاچا.

گۈلەمخان: (هەيرانلىقتا بىر هازا قاراپ قالىدۇ ـ دە، كېيىن هاياجانلىنىپ) شاكىرجان، قانداق كەلدىڭ بالام؟

قەمبەرنىسا: قېچىپ كەپتۇ ئانىجان.

گۈلەمخان: هېرىپ ـ ئېچىپ كەلگەندە ئويگە باشلىماڭچۇ قىزىم، ياۋاللا قاچان چوڭ بولارسەن.

[قەمبەرنىسا شاكىرغا قاراپ مەنىلىك كۈلۈپ قويىدۇ]

قەمبەرنىسا: ئويگە كىرىڭ شاكىرجان! (ئانىسىغا) ئانا، چىرايىڭىز ئومىسلىغۇ، نىمە بولدىڭىز يەنە؟

گۈلەمخان: مىركىبرەم بايىڭ تويىدىكىلەر ئاهانەت قىلدى، مۇز داۋاندىن ئوتكىچە داداڭ بىلار كارۋاندىكى باينىڭ ئىككى ئېتى يۈكلىرى بىلەنلا هاڭغا تېيىلىپ غۇلاپ كېتىپتىكەن، شۇ ماللارنىڭ هەققىنى تولەيسىلەر دەيدۇ.

قەمبەرنىسا: ۋاي ئاللا بۇ نىمە پالاكەت، دادامچۇ؟

گۈلەمخان: داداڭ ئامانكەن. هازىر غولجىدا ئوخشايدۇ. مىركېرەم باي ئوۋغا كېتىپتىكەن، كورۈشۈپ يانای دەپ شۇ چاقىمچە ساقلىسامىمۇ قايتىمىدى.

شاكىر: جېنى ئامان بولسىلا بولدى. "جان بولسا جاھان" دەپتىكەن.

قەمبەرنىسا: دادامنىڭ ئالتۇن بېشى ساق بولسىلا، قەرزنى كەلگەندە ئوزى تولىۋالىدۇ. قېنى ئويسەن كىرەيلى.

[سىرتتىن ئات تۇياقلىرىنىڭ دۈپۈرلىشى ئاڭلىنىدۇ، شاكىر سەگەكلىشىدۇ. گۈلەمخان قىزىغا شەرەت قىلىدۇ. قەمبەرنىسا شاكىرنى ئويگە باشلاپ كىرىپ كېتىدۇ. گۈلەمخان دەرۋازا تەرەپكە ماڭىدۇ. دەرۋازىدىن قارچۇغا كوتەرگەن مىركېرەم باي ھەمراھلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ كىرىپ كېلىدۇ]

مىركېرەم: ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم. تېچ تۇرۇلىمۇ گۈلەمخان؟ ئوۋدىن قايتىۋېتىپ سىلىنى يوقلاپ ئوتەيلى دېدۇق.

گۈلەمخان: ياخشى نىيەت — يېرىم دۇنيا ئەمەسمۇ، قېنى سۇپىغا ئوتۇشسىلە.

[مالايلار ئولجا ئېلىنغان ئاڭلارنى دەرەخ تۇۋىگە جايلاشتۇرىدۇ، پازىل ئۇلارغا چىقىپ كېتىش ئىشارىسى قىلىدۇ]

پازىل: ئاتلارغا قاراڭلار.

[مالايلار چىقىدۇ، گۈلەمخان سۇپىغا كورپە سالىدۇ. مىركېرەم ئەتىراپىغا قاراپ قارچۇغا قويۇدىغان جاي ئىزلەيدۇ. پازىل يۈگرەپ كېلىپ قارچۇغىنى ئالماق بولىدۇ. بىراق باي ئۇنى ئىتتىرىۋېتىپ ئويگە قاراپ ماڭىدۇ]

مىركېرەم: بۇ جانىۋارغا ئوينىڭ سۇپىسى بىر ئەپلىك تۇرسا ...

گۈلەمخان: (ئالدىراپ) كوز ئالدىلىرىدا تۇرغىنى ياخشى باي ئاكا، ئەتىۋا جانىۋارلىرىغا ئويدە پىشكەللىك تېگىپ قالسا ...

[ئويدىن ئاپتوۋا كوتىرىپ قەمبەرنىسا چىقىدۇ. ئۇنى تۇۋرۇكنىڭ يېنىغا قويۇپ، ئىشىكنى يېپىپ كىرىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ قىيا ئوچۇق روملىدىن چىرايىنى كورۈپ قالغان باي قاققان قوزۇقتەك جايىدا قېتىپلا قالىدۇ - دە، قارچۇغىنى پازىلغا قانداق بېرىۋەتكەنلىكىنىمۇ سەزمەيدۇ، پازىل قۇشنى دەرەخ شېخىغا جايلاشتۇرىدۇ]

مىركېرەم: پاھ، ئادىمىزاتتىن تورەلگەن پەرىكەنغۇ، كىم بۇ؟

گۈلەمخان: مېنىڭ قىزىم قەمبەرنىسا، قېنى تورگە ئىلتىپات قىلسىلا، مەن چاي راسلاي.

مىركېرەم: ۋاقتىم يوق، قوساقىمۇ توق، جوۋۇمىسىلا.

[مىركېرەم كورپىنى سۇپىنىڭ چېتىگە تارتىپ ئولتۇرىدۇ. ئىچكىرىدىن قەمبەرنىسانىڭ ناخشىنى چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ. گۈلەمخان ئويگە كىرىپ كېتىدۇ]

مىركېرەم: (ناخشا)　　ئۇچارغانتىم تالاي يىللاپ قۇشۇمنى،
تاپالماستىن بۇ خىسلەتلىك شىكارنى.

پەلەك بۇ كۈن ماڭا بەردى قوش ئامەت،
كىيىكنى ھەم كىيىك كوزلۇك نىگارنى.

گۈلەمخان: (كىرىپ) يۇقۇرى ئوتسىلىچۇ باي ئاكا!

مىركېرەم: بولدى، ئالدىرايمەن ... قەمبەرنىسا كوزنىڭ يېغىنى يىگىدەك چوڭ بوپتۇ، ئالتۇن بالىكەن ...

گۈلەمخان: خۇدايىم يامان كوزدىن ساقلىغاي.

مىركېرەم: بالاغەتكە يېتىپ قاپتۇ، باش ئاغرىغى بولىۋاتقاندۇ، چىراق تۈۋۈى قاراڭغۇ دىگەندەك بىز تېخى بىخەۋەر ئىكەنمىز، خۇدا يامان كوزدىن ساقلىغاي.

پازىل: شۇ، شۇ، ساقلىغاي تەقسىر، ساقلىغاي.

گۈلەمخان: بالا تېخى كىچىك، دادىسىمۇ بىر نەچچە يىل ھايىلى بار، دەيدۇ، ھە، سىلىنىڭ ئىككى ئاتلىرى داۋاندا ھاڭغا چۈشۈپ كېتىپتىكەن، ئاغىچا خېنىم "تولەڭلار" دەۋاتىدۇ، ھازىر قولىمىز قىسقا ئىدى باي ئاكا.

مىركېرەم: ئۇنداق دىمىسىلە، يوق دىسە يوق بولۇپ كېتەرمىش، سىلىنىڭمۇ چوڭ بايلىقلىرى بار، مەسلىھەتلىشىپ ...

["ھاي ئويدە ئادىمىزات بارمۇ؟" دىگەن ناتونۇش ئاۋاز گەپنى بولىۋېتىدۇ. ھەربىچە كىيىنىپ قورال - ياراق ئاسقان ئۈچ ئادەم كىرىدۇ. ئاردىن بىرسى "ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!" دەپ سالام قىلىدۇ]

مىركېرەم: ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! (ئالدىراشلىق بىلەن مېھمانىنىڭ ئالدىغا ئوتۇپ ئۇلپەتلەرچە كورۇشىدۇ)

مىركېرەم: نىزام جاناپلىرى، كەم دىدار مېھمان ئىدىلە، بۇگۈن قايسى شامال بۇ ياقلارغا ئۇچۇرۇپ كەلدى، ياغاچ سۇندۇرۋېتەيلىمىكى!

نىزام: ئۇنچىلا ئەمەس تەقسىر، ئەسكەرچىلىك، ئەسكەرنىڭ بويىنى قىل ئاغامچىدا باغلاقلىق بولىدىكەن. (يېنىدىكى ئەسكەرلەرگە ئىشارە قىلىدۇ، ئۇلار چىقىپ كېتىدۇ)

مىركېرەم: تولىمۇ كىچىك پېئىل ئادەم جۇمۇ ئوزلىرى، مەرتىۋىلىرى لېيەنجاڭلىققا ئوسۇپتىمىشقۇ، قېنى ئىچكىرىگە مەرھەمەت!

نىزام: ئېغىزلىرىغا ناۋات، ھازىر ئوسمىگەن بىلەن كېيىن ھامىنى ئوسىدۇ. بوستاندا بىر دەم سەگىمەيلىمۇ؟!

پازىل: شۇ، شۇ، ھامىنى ئوسىدۇ، ھامىنى!

گۈلەمخان: مەن كىرىپ چاي قاينىتاي. (ئويگە كىرىپ كېتىدۇ)

مىركېرەم: يېزىمىز چەترەك يېزا، ماۋۇ قورو يېزىنىڭمۇ چەت ياقىسىدىراق، (گۈللۈكنى ئىشارە قىلىپ) لېكىن بۇ سەھرا بوستىنىنىڭ گۈللىرى چىرايلىقكەن.

[ئۇلار گۈللۈك تەرەپكە ئەگىشىدۇ. بىراق نىزام دەرەخ تۈۋۈدىكى دوۋلەگىلىك ئاڭلارنى كورۇپ توختايدۇ]

نىزام: (ناخشا) يېتىپتۇ بۇندا كوپ ئاڭلار، كورۇپ بولدى كوڭۈل ھەيران،

AltunOq

كۆلۈپ قىسمەت، شىكار تارتىپتۇ ئۇڭغا گۈللىنىپ- ئارمان.

مىركېرەم: (ناخشا) يولۇقتى بۇلبۇلى گويا قانات قويرۇقلىرى ئالماس،
نە بىر ئارمان، چېچەك ئاچتى قوش ئامەت ئۇمىت ئارمان.

پازىل: شۇ، شۇ، بىر ئوقتا ئىككىدىن كېيىك سوقتۇق دىسىلە.

مىركېرەم: نىزام جاناپلىرىنىمۇ بىرەر ئامەت سورەپ كەلگەندۇ؟

نىزام: بىزمۇ چىقتۇق شىكارغا، كېيىك ئەمەس ئادەم تۇتارغا.

پازىل: شۇ، شۇ، ئادەم تۇتار ... (ئــاخىرىنى ئېيتالماي ئالاقزادە بولۇپ كوزلىرى چەكچىيىپ كېتىدۇ)

نىزام: مۇشۇ يېزىلىق شاكىر تۈرمىدىن قېچىپ كەتتى.

مىركېرەم: ھەي ... كوڭلۇمدىن كەچكەندەكلا ئىش بوپتۇ - دە، ئەسلىدىمۇ شەيتاننىڭ ئۇستىسى ئىدى بۇ كاپىر.

پازىل: شۇ، شۇ، چاتاق تېرىلىپتۇ ياپىر.

نىزام: سىلىمۇ بوش ئەمەسكەنلا جۇمۇسلا، ئېسىمدە قېلىشچە شاكىرنى ئوزلىرى تۈرمىگە ئاپىرىپ قاماتقان.

مىركېرەم: تۇتقىچە ئاز جاپا تارتتى دەملا، ئۇ ئاخىرى شۇنداق بىر ئامەت كېلىپ قولغا چۈشۈپ قالغان.

پازىل: شۇ، شۇ، باي غوجامنى ئۇكدا قويغىلى قىل قالغان.

مىركېرەم: (رەللە بولۇپ پازىلنىڭ يوتىسىغا بىرنى تېپىدۇ) ساقالغا ياماشماي يوقال خــوتۇنتالاق، خوشامەت قىلىشنىڭ ئېپىنىمۇ بىلمەيدىغان ھارامتاماق، بار، مالايلارغا ئېيت، ئاتلارنىڭ گېلى خارلىقتا قالمىسۇن.

پازىل: (يىقىلغان يېرىدىن بىر دومىلاپلا لىككىدە ئورە تۇرىدۇ - دە، ئىككى پۈكۈلۈپ تــازىم قىلىۋېتىپ سىرتقا يۈگرەيدۇ. چىقىپ كېتىۋېتىپ) شۇ، شۇ، ھارامتاماق تەخسىر، شاكىرنى تۇتۇشقا ياردەملەشكەن.

مىركېرەم: يېزىمىزدا بىر تەپرىقچى مۇئەللىم بار ئىدى. ئۇ شاكىر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، دىخانــلارنى كۇشكۇرتۇپ ماڭىمۇ، سىلىگىمۇ مۇش كوتەرگەن.

نىزام: ماڭا مۇش كوتەرگەن؟

مىركېرەم: ھوكۇمەتكە مۇش كوتەرگەندىكىن سىلىگىمۇ مۇش كوتەرگەن بولىدۇ - دە، ئەلۋەتتە.

نىزام: ھەم، بۇ شاكىرغا مېنىڭمۇ غەزىۋىم تاشتى. تۈنۈگۈن جىگدە بۇلاقتا بىزنى كولدۇرلۇتۇپ ئېتىمىزنى مىنىپ قاچتى.

مىركېرەم: بۇ يىتىمەك كىچىكىدە داۋازلىقنى ئۆگەنگەن، دائىم لەنگەر خادىسى كوتۇرۇپ ئاسمانــدا ئوينايتتى. داۋاز ئۇستىسى بوينى قاتلىنىپ ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنى ھىلىقى تەپرىقــچى بېقىۋالغان، ئەمدى كېلىپ بىزنىڭ بېشىمىزغا دەسسەپ ئوينايدىغان بولىۋالدى.

نىزام: ھە، تۈرمە تېمىدىن ئون مېتىر نېرىدىكى ئەسكى مۇنارغا ئاغامچا تاشلاپ سەكرەپ ئوتــۇپ كەتكىنى شۇكەندە.

مىركېرەم: خوجىدارنىڭ قولىغى ئۆزۈن ئادەم، مۇئەللىمنىڭ بىر ئۆيدە مەجلىس ئېچىپ پىتنە ئۆيۇشتۇرۇۋاتقانلىقىنى شۇ خەۋەر قىلىپ قالامدۇ، ئەلىياتقۇدا بىز ئاستا بېرىپ شۇ ئۆينى باستۇق.

نىزام: (ئوڭ قولىنى سوزۇپ) ئوگزىدىن بېسىش كېرەكتى، ئوگزىدىن.

مىركېرەم: بىزمۇ ئوگزىگە چىققان. ئۇلار ئۈچ كىشى ئىكەن، ئىشىكنى ئۇشتۇمتۇت ئېچىپلا تالاغا ئېتىلدى. بىز ئوق ملتىقى بىلەن ئاتتۇق، ئۇلارنىڭ بىرسى يىقىلدى، ئوگزىدە بىر ئۇچۇلۇق تۇرۇپتىكەن. پازىل غالچا ئىككىز كوتىرىپ يەرگە بىر ئۇرۇپ قالدىسمۇ، قوشقۇن بوينىغا ئىلىنىپ قېلىپ ئوزىمۇ بىللە يەرگە يۇمىلاپ كەتتى. (كۈلكە)

نىزام: ۋاي پالاكەت بەندە، ياردىمىڭ شۇكەندە.

مىركېرەم: ئۇلار باققا سەكرىگەندەك قىلىۋىدى، بىزمۇ باققا سەكرەپتۇق، بۇ خۇمپەرلەر بولسا دەرەخلىكتە بىزنى ئازدۇرۇپ توپتوغرا كوچا تەرەپتىكى بىزنىڭ ئاتلار قويۇلغان جايغا چىقىپتۇ.

نىزام: يامانلىقىنى قارا جېنى كويگۇرلەرنىڭ ...

مىركېرەم: ئېيىقتەك يوغان ئىككى مالاي ئاتلارغا قاراغلىق ئىدى، شاكىر شۇنداق كەلمەسمۇ. ...

نىزام: ئامەت دىگەنلىرى شۇكەندە، چوجىنى باسقاندەك باسقاندۇ؟

مىركېرەم: نەدىكىنى، شاكىرمۇ ناننى بىكار يەمەپتىكەن، ئىككى مۇشتا ئىككىسىنىڭ قولىغىدىن خوراز قىچقىرتىپ، چاكسىلىق سىۋەتنى دومىلاتقاندەك ئىككى ياققا دۇمىلىۋېتىپتۇ ـ دە، مۇئەللىم بىلەن بىللە ئاتلىنىپلا قېچىپتۇ، خۇمپەر ...

نىزام: ئاخىرى قانداق قولغا چۈشتى؟

مىركېرەم: ئۇنىىر چەۋاندازنى ئاتقا مىنگۈزگەنتىم، بىر ھەپتە چول كېزىپ ئاران قوغلاپ يەتكەندە، بۇ ھازامزادە، چىۋەرلىك بىلەن مۇئەللىمنى قاچۇرىۋېتىپ، ئوزى يىگىتلەرنى ئېزىقتۇرۇش ئۇچۇن بىر دەرەخلىككە ئات ساپتۇ.

نىزام: (قول ئىشارىتى بىلەن) دەرەخلىكنى ئايلاندۇرۇپ قورشاش كېرەكتى.

مىركېرەم: قورشىغىچە بوسۇپلا ئوتۇپ كېتىپتۇ، بىراق دەرەخلىكنىڭ ئۇ تەرىپى چوڭ بىر سازلىق ئىكەن.

نىزام: ئېتى بىلەن بىللە بوينىغىچە پاتقاقتا پاتقاندا قولغا چۈشۈپتۇ ـ دە.

مىركېرەم: (ناخشا) قېچىپ ئامەت پېتىپمۇ لايغا، باش ئەگمەپتۇ بۇ شەيتان،
لېكىن باغلاپتۇ باتۇرلار يىراقتىن ئىرغىتىپ ئارقان.
تۇرۇپ باغلاقتىمۇ كاللا قويۇپ پەشۋا ئېتىپ تىنماي،
يېرىپتۇ توت يىگىتنىڭ باش ـ كوزىنى پىقىراپ ھەريان.

نىزام: (ئەنسىزلىنىپ) ئىككى لەشكەر بىلەن كەلدىم تۇتارمەن قانداق؟

مىركېرەم: مەن ئون مالاي قوشۇپ بېرەي بولۇشقا ياندىق.

نىزام: ھىممەتلىرىگە كوپتىن ـ كوپ رەخمەت.

مىركېرەم: مۇكاپاتنى تەڭ ئالساقلا رازى مەن پەقەت.

گۈلەمخان: (لوڭگە كۆتىرىپ ئۆيدىن چىقىدۇ) ئاق نېنىمىز ئۇكسۇپ قاپتىكەن، زاغرا بولسىمۇ قويياي.

نىزام: داستىخان راسلاپ ئاۋارە بولمىسىلا، ئۇسسۇلۇق ئىچەيلى.

مىركېرەم: زاغرا گادايىنىڭ رىسقى، گادايى رىسقىغا زار ئەمەسمىز، ئۇسسۇلۇققا قول چايقاش كەتمەيدۇ.

گۈلەمخان: (ئىچكىرىگە كىرىپ كېتىۋېتىپ) كورپىگە كېلىشسىلە.

[مىركېرەم، نىزاملار كېلىپ سۇپىنىڭ گىرۋىگىدە ئولتۇرىدۇ. گۈلەمخان كىرىپ پەتنۇستا خۇنچىلاپ چاي تۇتىدۇ. قەمبەرنىسا ئۆيدىن چىقىپ تۇۋرۇككە ئېسىلغان قوشۇغلۇقتىن پۇتمىگەن كەشتىنى ئالىدۇ. نىزام قەمبەرنىساغا يىمۆتكىدەك تىكىلگىنىدە قولىدىكى پىيالە قىڭغىيىپ، تامبىلىغا قىزىق چاي توكۇلىدۇ ـ دە، ۋايجانلاپ سەكرەپ كېتىدۇ. قەمبەرنىسا ئۆيگە كىرىپ كېتىدۇ. گۈلەمخان ئالدىراپ نىزامغا لوڭگە سۇنىدۇ]

گۈلەمخان: ھېزى بولۇش كېرەكتى، سۈرتىۋەسىلە.

[نىزام لوڭگىدە تامبىلىنى سۈرتىدۇ، گۈلەمخان ئۆيگە كىرىپ كېتىدۇ]

مىركېرەم: پۇتلىرى بەك كۆيدىمۇ؟

نىزام: پۇتقۇ مەيلىدى، يۈرەك كۆيدى دىسىلە، يۈرەك! ئادەم بالىسىمۇ شۇنداق چىرايلىق بولىدىكەنا؟!

مىركېرەم: كاتەكتىن بۇلبۇل چىقتى دىگىنى شۇ دە، نىمىشقا بالدۇرراق كۆزۈم چۈشمەپتىكى.

نىزام: (ناخشا)
ئامەت كېلىپ سورەپتۇ بۇ ئۆيگە مېنى،
ئايدەك چىراي كۆڭلۈمنى ئاۋات ئەيلىدى.
نازۇك بەدەن ئالدى ھوشۇمنى تولغۇنۇپ،
نۇرانە كۆز جانىمنى بەربات ئەيلىدى.

مىركېرەم: (ناخشا)
ئاڭلاپ قېلىڭ ئەمدى مېنىڭ ئەرزىمنى سىز،
سىزگە ئۆتەي دوستانىلىق قەرزىمنى تېز.
كۆيپتىن بۇيان قەلبىمنى ياندۇرغان بۇ قىز،
گەپ ـ سۆزىڭىز كۆڭلۈمنى ناشات ئەيلىدى.

باياتىن مەن تىلغا ئالغان ئالماس قۇيرۇقلۇق بۇلبۇل گويا مۇشۇ ئىدى.

نىزام: ھە، چوڭ پايدىنىڭ قۇيرىقىنى تۇتۇۋاپلا، تۇققانلارنىڭ ئوغۇللىرىغا كۆزلەۋاتاملا؟

مىركېرەم: ئۇمۇر ـــ قىسقا، بەش كۈن بولسىمۇ، دۇنيانىڭ مېغىزىنى چاقاي، ئۆزەمگە "جان بالىخان" قىلىپ مەيدەمگە ياقاي!

نىزام: (بايغا ھەسەت بىلەن چەكچىيىپ قاراپ) نىكالىرىدا توت خوتۇنلىرى بار، بۇ قىز كەنجى قىزلىرىدىنمۇ كىچىك تۇرىدىغۇ؟! (ناخشا ئېيتىدۇ)

پاشانغاندا بولۇر ئادەمگە پۇل ئابروي ـ جاھان ھاجەت،
ئەيش ئىشرەت تاماسى ۋە تاماشايى جانان ھاجەت.
ئۇيات ئۇنتۇش شەرىئەت ھەم ئاۋام ئالدىدا بۇ شەرتنى،
ئەزەلدىنلا گۈزەل قىزغا بولۇر بەستى قىران ھاجەت.

مىركېرەم: (ناخشا) مەن ئۈچۈن جاندىنمۇ بابلىق، ھەمدە جانان ئەتىۋا،
قانۇنۇ پەرمان دىگەن پۇخراغا چىققان پەتىۋا.
كاتتا ئابروي يار ماڭا، ئابروي ئۇياتنى يەڭگۈسى،
ئەرزىگەي تەگسە پېقىرغا، بىر ئەمەس ئون قىز بالا.

نىزام: (ئاز سۈكۈتتىن كېيىن) ئۇلار ئۇنايدىغاندەك قىلامدۇ؟

مىركېرەم: ئەمدى ئېغىز ئاچماقچىمىز، قىزنىڭ دادىسى ئىككى ئېتىمنى ھاڭغا غۇلىتىۋېتىپ ماڭا قەرزدار بولۇپ قالدى، بۇنىسى قىسمەتنىڭ ياردىمى دىسىلە.

[گۈلەمخان چوگۈن كوتىرىپ كىرىپ پىيالىلەردىكى چاينى يېڭىلىماق بولىدۇ. مېھمانلار ئۇنىمايدۇ]

نىزام: (گەپنى يوتكەيدۇ) شاكىر بۇ ياقلارغا كېلىپ يۈرمەس؟

گۈلەمخان: بۇ تەرەپتە ئۇرۇق - تۇققانلىرى بولمىسا كىمنى ئىزدەپ كېلەر دەيلا.

مىركېرەم: ئۇغۇ بىر يىتىمەك، بىراق يۇرت ئىچىدە ئەل - ئاغىنىلىرى بار، قېنى ئاختۇرۇپ باقسىلا، تېپىلمىسا باشقا يېزىلارغا بېرىپ كورەرلا.

نىزام: مەشەدە بىر ھەپتە تۇرمىسام بولمىغىدەك.

مىركېرەم: (چۆچۈپ) نەگە چۈشلا؟

نىزام: ئەمدى كەلدۇق، گۈلەمخان بىلەنمۇ تونۇشۇپ قالدۇق. بۇ ئويمۇ كوزۇمگە ئىسسىق كورۈنىۋاتىدۇ.

پازىل: (ئۆتىنىڭ ئىچىدا مېڭىپ كىرىپ) شۇ، شۇ، ئىسسىق كورۈنىدۇ، ئىسسىق...

مىركېرەم: (ھودۇقۇپ پازىلغا ئالىيىپ قويۇپ) بۇ ئويدە ئەركىشى يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە نامرات بوسۇغا مەنسەپ - ئابرويلىرىغا ياراشمايدۇ. بىزنىڭكىگە چۈشسىلە ياخشى بولاتتى، بىراق بوجاڭنىڭ ئويى ئەپلىگرەك، ھەي پازىل!

پازىل: (پۈكۈلۈپ تازىم قىلىدۇ) لەببەي، ئاياقلىرىدىكى چاڭنى ساقلىم بىلەن سۈرتەي!

مىركېرەم: بار، بوجاڭغا خەۋەر قىل، نىزام پەيجاڭلارغا ئۈچ كىشىلىك ئوي ھازىرلىسۇن.

پازىل: شۇ، شۇ، خوپ ھازىرلىسۇن.

[پازىل پالاقشىپ يۈگرەپ كېتىدۇ، مىركېرەم، نىزاملار بوستانلىققا چىقىدۇ. گۈلەمخان ئويدىن چىقىپ پىيالىلەرنى يىغىشتۇرۇشقا باشلىغاندا مىركېرەم ئۇنى يېنىغا چاقىرىدۇ]

مىركېرەم: بۇيان كەلسىلە گۈلەمخان، سىلىگە ئىككى ئېغىز گېپىم بار ئىدى.

گۈلەمخان: (كېتىۋېتىپ) قۇلۇغۇم سىلىدە باي ئاكا.

مىركېرەم: بۇگۈن ئاغچا خېنىم سىلىگە مالىنىڭ زىيىنىنى ئېيتىپ، جاننىڭ زىيىنىنى ئېيتماپتۇ، جان بار يەردە قازا بار، سىلىنىڭ بالىنىڭ دادىسى مۇز داۋاندىن ئوتكىچە ئات بىلەن بىللە ھاڭغا چۈشۈپ كەتتى. بۇ بەختسىزلىك تەقدىرىدىن يەتتى.

[گۈلەمخان ئەندىكىپ تۇرغان يېرىدە بىر ھازا تاشتەك قېتىپ قالىدۇ - دە، ئاندىن چاچلىرىنى چۇۋۇپ يىغلاشقا باشلايدۇ]

گۈلەمخان: ۋاي شورۇم قۇرۇپتۇغۇ مەن شور پىشانىنىڭ، ۋاي دادىسى ئەمدى قانداق قىلاي، مەن

بىچارىگە كىم ئىچ ئاغرىتقاي.

نىزام: سەۋرى قىلسىلا گۈلەمخان، يىغلىغانغا ئۆلگەن كىشى تىرىلمەيدۇ.

مىركېرەم: رەھمىتىنىڭ جېنى تەستە چىقىپتۇ، ئۈچ كۈنگىچە ھاگدىن تۇۋلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرۇپتىمىش، ئامال قانچە؟ "قەمبەرنىسا" دەپلا تۇۋلايمىش، يىغلايمىش...

نىزام: جايى جەننەتتە بولسۇن، پېشانىسىغا شۇنداق پۈتۈلگەن - دە، ئەندى كېچىكمەي نەزىر - چىراق ئۆتكۈزۈۋەتسىلە.

مىركېرەم: خوش، بىز چىقايلى، مەن نىزاملارنى بوجاڭنىڭكىگە جايلاشتۇرۇپ قوياي، سىلى نەزىر - چىراققا تەرەددۇت قىلسىلا، كەم - كۈسلىرى بولسا بىز قاراپ تۇرمايمىز.

نىزام: قاراپ تۇرمايمىز ئەلۋەتتە.

[مىركېرەم، نىزاملار چىقىپ كېتىدۇ. گۈلەمخان ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغىنىچە قوشاق قوشۇپ يىغلايدۇ]

ئاھۇ - زارىڭ ھاگدا قاپتۇ دادىسى،
نوكچا مۇزلار سەن ئېقتقان ياشمىكىن؟
ماڭا يەتمەپتۇ، يېتىپ كوككە ئۈنىڭ،
بۇ پەلەكنىڭ باغرى قاتتىق تاشمىكىن؟
ھاگدا ياتتىڭمۇ تېپىلماي تۇزدە جاي،
بىزگە ئالەم قوينى شۇنچە تارمىكىن؟
سەن قېلىپ ئۆلسەمچۇ مەن بەختى قارا،
مەن كەبى قان ياشقا پاتقان بارمىكىن؟

زەھمى قىلىپ جېنىمنى ئال! ئەي قۇدرىتى ئۇلۇق ئاللا - تائاللا ئىگەم.

[گۈلەمخان قوللىرىنى ئاسمانغا سوزغىنىچە بىھۇش بولۇپ سەنتۈرۈلىدۇ. قەمبەرنىسا بىلەن شاكىر ھوڭگىرەپ يىغلىغىنىچە ئۆيدىن ئېتىلىپ چىقىپ گۈلەمخاننى يۆلەيدۇ]

قەمبەرنىسا: دادا...!

شاكىر: دادا ۋاي، دادامەي.

— پەردە

## 2 - پەردە

(خور)

بىر نەپەس توختا پەلەك چاچما پالاكەت مۇنچىلا،
دەردى ماتەم ئۈستىگە قوشما مالامەت مۇنچىلا.
كوزا چاققاننى ئېزىز، سۇ ئىگىسىنى قىلما خار،

AltunOq

نە ئۇچۇن ئەگرى يولۇڭ، كوپ ئەلگە ئاپەت مۇنچىلا.

[ۋاقتى: ئالدىنقى پەردىدىن بىر نەچچە سائەت كېيىن. ئورنى: گۈلەمخاننىڭ قوروسى. سەھنە بىرىنچى پەردىدىكىگە ئوخشاش. قەمبەرنىسا بىلەن مەرەمنىسا سۇپىدا بىر توپ داكىنى يىرتىۋاتقاندا پەردە ئېچىلىدۇ. ئىچكىرىدىن قايچا كوتەرگەن گۈلەمخان چىقىپ ياردەملىشىدۇ]

گۈلەمخان: بالام مەرەمنىسا، ئاز پۇلغا كوپ داكا ئەپكەپسەنغۇ؟ مەن تېخى هازىدارلارغىمۇ ئاق يەتمەسمىكىن دەپ ۋايىم قىلغان.

مەرەمنىسا: (كوز قىرىدا قەمبەرنىساغا قاراپ) ئاز بولغىنى بىلەن ئۇ شاكىرجاننىڭ پۇلىدە، بىر چىمدىم توز بىر قازان ئاشقا تېتىيدۇ.

قەمبەرنىسا: بولدى تىلىڭنى بىر غىرىچ قىلما، ئاتا ـ ئاناڭنى خىجالەتچىلىككە سېلىپ يۇرمىسىگەنسەن، سىلەرمۇ كەمبەغەل تۇرساڭلار!

مەرەمنىسا: نەدىكىنى، پۇلنى خوجىدارغا تەڭلىسەم ئالدى ـ دە، مۇشۇ بىر توپ داكىنى ئالدىمغا تاشلىدى. "ئاپارغىن، بۇ باي ئاكىنىڭ ئىلتىپاتى" دىدى.

قەمبەرنىسا: ئىلتىپا تىمىش، يېزىۋالغاندۇ؟

مەرەمنىسا: يېزىشنى يازدى.

گۈلەمخان: ئۇنداق دىمە بالام. باي ئائىلىسىنىڭ تۇزۇمىدە قەرز بېرىشىمۇ ئىلتىپات. ئولۇم بولغاننى كورۇپ ئادىمىگەرچىلىك قىلغاندۇ. يۇرىگى تاش بولسىمۇ ئادەم ئەمەسمۇ؟!

مەرەمنىسا: خوجىدار تېخى، گۈلەمخاننىڭ نىمىگە هاجىتى چۈشسە كېلىۋەرسۇن، ئامبىرىمىزنىڭ ئىشىگى ئوچۇق دەيدۇ.

قەمبەرنىسا: ئانامغا ئوچۇق؟!. بۇ پېتىر ناندىن قىل سۇغۇرىدىغان پىخسىق بۇگۇن نىمىگە شۇنچىلا كەڭ قول بولۇپ قالدىكى؟

گۈلەمخان: ئـۇ جۇۋاينىمەكقۇ بۇرگىدىن پوستومبا ئالىدىغان ئادەم. كىچىك ئاغچا خېنىم ماڭا شۇ خوجىدارنىڭ هاڭغا يىقىلغان ئاتلارنى تولتىۋېلىشتا چىك تۇرۇۋاتقانلىغىنى ئېيتىۋىدى، ئۇ بىچارىمۇ خوجىدارنىڭ بۇيرۇغى بويىچە مەن بىلەن سوزلەشكەنمىش.

قەمبەرنىسا: ئۇلارنىڭ قىرچاڭغۇ ئاتلىرىنىغۇ بىز تولەرمىز، بىزنىڭ تاغدەك دادىمىزنى كىم تولەيدىكەن؟

[سىرتتىن شاكىر بىلەن ئابلەت كەتمەن، كېسەكلەرنى كوتىرىپ كىرىپ باغ تەرەپكە قويىدۇ]

ئابلەت: قازاننى هايال ئوتمەي ئەپكىلىشىدۇ، ئوچاقنى مەشەگىرەك كولايمىزمۇ؟

گۈلەمخان: بۇلۇڭغا يېقىنىراق كولايلى، سەۋزە ـ پىيازنىڭ ئېپى باردەكمۇ؟

شاكىر: پىيازنىڭ غېمىنى ئابلەت قىلدى. سەۋزىنى خوشنا ـ خولۇملار يىغىش قىلماقچى.

گۈلەمخان: ۋاي باللىرىم هىلىمۇ تەلىيىمگە يۇرت، جامائەت بار ئىكەن، بولمىسا بۇ ئاي، بۇ كۇنلەردە يالغۇز تۇل خوتۇن قانداقمۇ قىلاريدىم.

شاكىر: (ناخشا) ئاۋام ئەل قويىندا ئوستۇق، شۇ ئەلسىز دىلدا ياز بولماس،

ئاۋام ئەل مېھرىسىز بىزگە جاپا، غەم - غۇسسە ئاز بولماس.
قارا قىلسا ئەگەر بەختىڭنى قىسمەت، ئەل يورۇق ئەتكەي،
دۇتاردىن تارى ئايرىلسا تۈگەشكەي، نەغمە ساز بولماس.

ئابلەت: دوستلاردىن ئىككىسى جاڭگالغا ئوتۇنغا كەتتى، ئىككى ئاغىنىمىز تاققا ئوۋغا بارىدىغان بولدى، ئارقاردىن بىرەرنى ئېتىپ كەلسىلا گوش غېمىدىنمۇ قۇتۇلىمىز.

شاكىر: تاققا ئابلەتنىڭ ئۆزى بارماقچى بولۇۋىدى، باي سېزىپ قېلىپ ئۇنى ئەتە ھاشاغا ماڭىسەن دەپ قىستاپتۇ، بۇ بىچارە ئەندى گۈرۈچنىڭ يولىنى مېڭىۋاتىدۇ.

گۈلەمخان: بۇ ئىچى قوتۇر باي مېنىڭسىز ھېچ ئىش ئاقمايدۇ دىمەكچىمىغۇ، رەخمەت بالىلىرىم، خۇدايىم بەختىڭلارنى بەرسۇن!

مەرەمنىسا: شاكىرجاننىڭ دوستلىرى خويمۇ ئوبدان جۇمۇ.

شاكىر: قەمبەرنىسانىڭ دوستلىرىنىڭ ئوبدانلىغى يوققانىدۇ.

قەمبەرنىسا: ئىشقىلىپ، بۇ ئىچى زەھەر باينىڭ ئالدىغا بارمايدىغان ئىش بولسىلا بولدى.

ئابلەت: شۇنداق نەزىر ئۆتكۈزىمىزكى، باينىڭ ئاغزى كامادەك ھاڭقىيىپ قالىدۇ تېخى، ئۇ پۇقرالار دوستلىغىنىڭ مەنسەپتىن، پۇلدىن كۈچلۈكلىگىنى بىلمەيدۇ - دە، (ناخشا ئېيتىدۇ)

باي غوجاملار كەمبەغەلنىڭ ھەسرىتىنى نە بىلۇر،
شادىمانلار ئەھلى مىسكىن كۆلپىتىنى نە بىلۇر.
كەمبەغەلگە كەمبەغەل كۆلپەت ئارا بولغاي قاياش،
پۇلغا مەستانە كىشى دوست قىممىتىنى نە بىلۇر.

شاكىر: كەم - كۈسىلارنى جوندەشكە چىقايلى. (ئابلەت بىلەن چىقىپ كېتىدۇ)

پازىل: (تالادىن) گۈلەمخان، ھوي، گۈلەمخان!

گۈلەمخان: كېلىڭىسلە.

خوجىدار / پازىل: ئەسسالامۇئەلەيكۇم (ئىككىسى بىللە كىرىدۇ)

گۈلەمخان: تېچ كېلىشتىلىمۇ، ئۆي ئىچى تېچلىقمۇ؟

[قەمبەرنىسا بىلەن مەرەمنىسا داكىلارنى كوتىرىپ ئۆيگە كىرىپ كېتىدۇ]

خوجىدار: تەقدىردىن قازايى قەدەر يېتىپتۇ، ئاللا ئامانىتىنى ئالغان ئوخشايدۇ.

پازىل: شۇ، شۇ، ئالغان ئوخشايدۇ.

خوجىدار: نەزىر - چىراقتا قىسىلمىسۇن دەپ باي غوجام ياردەمگە ئەۋەتكەن ئىدى.

گۈلەمخان: كايىپ كېتىشىپلا، سۇپىغا ئۆتۈشسىلە.

خوجىدار: تۇققانچىلىق بىر تويدا، بىر ئۆلۈمدە بىلىنىدۇ، باي ئاكىنىڭ قەرز ۋە نەزىر - چىراق چىقىملىرىنى سىلى بىلەن ئورتاقلاشقىسى كېپتۇ، ئاقكۆڭۈل مېھرىبان ئادەم ئەمەسمۇ ئۆزى.

پازىل: شۇ، شۇ مېھرىبان ئادەم، مېھرىبان!

گۈلەمخان: خۇدا مېھرىبان بولۇشنى نىسىپ قىلسۇن.

خوجىدار: خوش، ئەندى نىمە دەيمىز، شەرئەت ئىشىغا ئۇيات يوق دېيىشىدۇ. پەرزەنت قەرزى ئاتا ـ ئانىنىڭ گەدىنىگە چۈشىدۇ. قەمبەرنىسا چوڭ بولۇپ قاپتۇ، باي بىزنى خالىس ئەلچىلىككە ئېۋەتتى. ئۇزلىرىگە بالا بولۇپ دولەت كورسىتىشنى خالايدىكەن.

گۇلەمخان: كوزۇمدىن ياش قۇرىماي تۇرۇپ بۇ يەنە نىمە پالاكەت.

پازىل: شۇ، شۇ پالاكەت.

خوجىدار: باشلىرىغا كۈن چۈشكەننى كورۇپ، "بېرىڭلار ياردەم قىلايلى" دىدى.

پازىل: شۇ، شۇ، "ياردەمنىڭ ۋاقتىدابولغىنى ياخشى" دىدى.

گۇلەمخان: ماڭا ئۇنداق ياردەم كېرەك ئەمەس. قىزىم ئۇلۇغ بوسۇغىلارغا لايىق ئەمەس.

پازىل: شۇ، شۇ، جىك گەپ...

خوجىدار: (پازىلغا هومىيىپ قاراپ) باي ئاكا جىك گەپ قىلىپ "ئاتلارنىڭ قەرزىنىمۇ تولەتمەيمەن" دىدى.

گۇلەمخان: بۇ ئات سودىسى ئەمەس، ئومۇر سودىسى. مەن قىزىمنى ئاتقا تېگىشەمتىم، ئۇ ئاتلارنى مەن سېتىپ يىمىگەن...

خوجىدار: نادان بولمىسىلا گۇلەمخان، قىزنى بەرمەي ئات قەرزىدىن تانالمايلا، بۇ مېنىڭ دەپتىرىمگە كىرگەن هىساۋات.

پازىل: شۇ، شۇ، بىزنىڭ خوجىدار هىساپقا كەلگەندە قىلنى قىرىققا يارىدۇ.

خوجىدار: باينىڭ يۇقۇرىدا شەنگەندەك ئۇلپىتى، توۋەندە ئابروي ـ ئىناۋىتى تۇرۇقلۇق قىزلىرىغا كوزى چۈشۈپ ئەلچى ئەۋەتكىنىمۇ ئادەمگەرچىلىك قىلغىنى...

پازىل: ئادىمگەرچىلىك قىلغىنى، بولمىسا بايغا قىز ئازمىدى؟

خوجىدار: (گۇلەمخانغا) باشلىرىغا قوناي دەيدۇ دولەت قۇشى.

پازىل: يوقالمىسۇن ئوزلىرىنىڭ ئەقلى ـ هۇشى.

خوجىدار: (پازىلغا هەيرانلىق بىلەن قاراپ) زۇۋانىڭ خېلى تۇزۇكقۇ، بۇ گەپلەرگە ئەقلىڭ قانداق يېتىۋاتىدۇ؟

پازىل: شۇ، شۇ، باي ئاتام، سوپىكاملارنىڭ گەپلىرىگە ئوخشىتىپ دورايمەندە، تەسىمدى؟

خوجىدار: ئەسلى مۇنداق دىگىن، ئومۇرۇڭ خەقنىڭ گېپىنى چايناپ ئوتىدىكەندە.

پازىل: شۇ، شۇ، چايناپ ئەمەس، ئوخشىتىپ، ئوخشاپ قالسا نىمە بوپتۇ؟

خوجىدار: نىمە بولاتتى، كىشىنى بىزار قىلىدىغان شاتۇتى بولىسەن.

پازىل: (غۇدۇراپ) شاتۇتى بولسام نىمە بوپتۇ، ئاچتىن ئولمىسەملا بولدى، شاتۇتىنىمۇ خوجايىن قەندە باقىدۇ.

خوجىدار: بولدى، جاۋغىيىڭنى مازغاپقا توشقۇزۇپ قېرى كالىنىڭ تومشۇغىدەك ئاقارتما، كوڭلىنى ئالالمىساڭ قاپاقبېشىڭنى چاقىدۇ.

پازىل: شۇ، شۇ، چاقاي دىگەندە پازىل ئوزىنى خوجاكىسىنىڭ ئايىغىغا ئاتىدۇ. ئېپىنى بىلمەمىز. (گۇلەمخانغا قاراپ) شۇ، شۇ، باي ئاكىمىز بىزنى ئەلچىلىككە ئېۋەتىپ ئادەمگەرچىلىك بىلدۇرىۋاتىدۇ.

گۇلەمخان: دادىسىنى ئولتۇرۇپ قىزىنى ئالماق بولۇش ئادەمگەرچىلىكمۇ؟

خوجىدار: ئەجەل بايدىن كەلمەيدۇ، خۇدادىن كېلىدۇ، تولا كۇپۇر سوزلىمەي خۇدادىن قورقىسىلا، ئەر كىشى يوق ئۆيگە مەزلۇم كىشى قانداق قارايدىلا، باي غوجامنىي بالا قىلىۋالسىلا بوسۇغىلىرى ئالتۇندىن بولىدۇ.

پازىل: شۇ، شۇ، ئالتۇندىن بولىدۇ ئالتۇندىن.

گۈلەمخان: باي خۇدادىن قورقىمامدىكەن؟ مۇسىبەتتىكى تۇل خوتۇنغا ئازار بەرسە بولىۋېرەمدىكەن؟ ئالتۇن بوسۇغىسىنى بېشىغا قويۇپ يېتىۋالسۇن، تىلەمچىلىك قىلىپ ئۇلۇگۇم كوچىدا قالسىمۇ دادىكامدەك ئادەمنى بالا قىلمايمەن.

پازىل: شۇ، شۇ، دادىكامدەك... (گېپى گېلىگە تىقىلىپ قالىدۇ)

خوجىدار: باينىڭ غەزىۋىنى قوزغىماي تىللىرىنى تىيسىلا! (ناخشا ئېيتىدۇ)

تىلنى ئەگەر بەرسە قويۇپ كۆلپەت جاپا كەلتۈرگىسى،
كەلسە غەزەپكە بىر يولى باي بۇ ئۆينى كومتۈرگىسى،
بار ئارقىسىدا چىڭ يولەك، ئالدىدىمۇ ھەم ئادىمى،
پەم بىلەن نار توگىنى چىمداپلا ئۇ ئولتۈرگۈسى.

پازىل: شۇ، شۇ، چىمداپ ئولتۈرىدۇ، چىمداپ.

گۈلەمخان: (ناخشا) مەن بىر غېرىپ، قىلغان گېپىم باينى شۇڭا كۆلدۈرگىسى،
كۆچ كورسىتىپ، قەست ئىشلىتىپ بەلكى مېنى كويدۈرگۈسى.
بىر تۇلنى ئەر قىلسا بوزەك بارمۇ ئۇنىڭدا ئار - نومۇس،
ئۆلمەس قىساس، بىر كۈن قىساس چىرماپ ئۇنى ئولتۈرگۈسى.

خوجىدار: سىلى باي غوجام بىلەن تىركىشىپ ئابروينى توكمەكچىمۇ؟ باي قولى تەككەن يەرنى ئۇزىۋالىدۇ، ۋەيران قىلىۋېتىدۇ.

پازىل: شۇ، شۇ، ۋەيران .قىلىۋېتىدۇ. ۋابال قىلىۋېتىدۇ. (خوجىدار پازىلغا ئالىيىپ قويىدۇ)

گۈلەمخان: بىيىدەك سارغىيىپ قالدىم، شېخىمدىن ئۈز مېنى ئاللا،
ئاقارتتى غەم بېشىمنى، ھەم ئېقىپ پۈتتى يۈرەك گويا.
قىزىم يوق بەرگىلى بايغا، بېشىم بار ئۇ كېلىپ ئالسۇن،
كېرەكسىزدۇر ماڭا بۇ جان، كېرەكسىز شۇم سوغۇق دۇنيا.

خوجىدار: يەڭگىللىك قىلىۋاتىدىلا گۈلەمخان، جان كۈندە چىچەكلىمەيدۇ.

گۈلەمخان: بېرىپ ئېيتىڭلار، بوينۇمدىن چاپسىمۇ بايغا بېرىدىغان قىزىم يوق.

خوجىدار: يەڭگىللىك قىلمىسىلا، يەڭگىل نەرسىنى بوران ئۇچۇرۇپ كېتىدۇ.

پازىل: شۇ، شۇ، سامانى ئۇچۇرۇپ كېتىدۇ.

[خوجىدار، پازىللار چىقىدۇ. ئەندىشىگە چۈشكەن گۈلەمخان تەنها قېلىپ ناخشا ئېيتىدۇ]

جاھانغا كەلمىسەم بەلكىم چەكمەستىم جاپا مۇنچە،
قارا قىسمەت ئەۋەتمەستى غەم - دەرتنى ماڭا مۇنچە.
يىغانىم ياردى تاشلارنى باغرىمنى قىلىپ لەختە،
خۇداغا بارمىكىن مەندەك قىلغان ئىلتىجا مۇنچە.

نىمىشقا ئەتىۋا بولغاي ياكى خارۇ - زار بەندە،
نىمىشقا بۇ جاھاندا يوق تەڭلىك ھەم ۋاپا مۇنچە.

[تاغار يۈدۈپ، ياغلىق قاپاق كوتەرگىنىچە شاكىر كىرىدۇ، گۈلەمخان ياغلىقنىڭ بۇرجىگىدە كوز يېشىنى سۈرتۈپ شاكىرنىڭ ئالدىغا بارىدۇ.

گۈلەمخان: جاپا چەكتىڭىز بالام.

شاكىر: سەۋزە بىلەن ياغنى جايلىدۇق، قەيەردە قويای؟

گۈلەمخان: (ياغلىق قاپاقنى ئېلىپ) ئويگە ئەپكىرىۋېتەيلى!

[گۈلەمخان، شاكىرلار ئويگە ماڭىدۇ. سىرتتىن ئايزىم كىرىپ دەرەخ دالدىسىغا موكۇنىدۇ، شاكىر قۇرۇق تاغار كوتىرىپ ئويدىن چىقىپ دەرۋازىغا يېقىنلاشقاندا، ئايزىم دەرەخ كەينىدىن چىقىپ ئالدىنى توسايدۇ]

ئايزىم: شاكىرجان، ياخشىمۇ سىز؟

شاكىر: ئايزىم...؟

ئايزىم: بۇ يەردە ئۇچرىتىشنى ئويلىمىغانىمىدىڭىز، سىز ئويلىمىغان ئىشلار كوپ، سىزنى تۇتۇپ ماڭغاندا كەينىڭىزدىن ئىككى پوتەي يەرگىچە يىغلاپ باردىم.

شاكىر: ھەمداشلىق قىلغىنىڭىزغا رەخمەت!

ئايزىم: تۈرمىدە ياتقىنىڭىزدا سىز ئۇچ كورىدىغان بوجاڭ دادامنى شەنگەننىڭ ئالدىغا ئېۋەتىپ سىزگە كەڭچىلىك تەلەپ قىلغۇزدۇم. لېكىن سىز كوڭلۇمنى چۈشىنىشنى خالىمىدىڭىز، ئېۋەتكەن خاتلامنى تۈرمىدىن قايتۇرۇۋەتتىڭىز...

شاكىر: ئازتۇقچە ئاۋارىچىلىق تارتىپسىز.

ئايزىم: ئۆزىڭىز ئارتۇقچە جاپا تارتتىڭىز، مەن باشتىلا شۇ مۇئەللىمنىڭ قوزغىغان ئىشلىرىغا ئارىلاشماڭ دېگەن، ئەركىنلىكنىڭ ياخشىلىقى ياخشى، بىراق باش كېتىشى يامان.

شاكىر: ئەركىنلىك ئۈچۈن مەن باشتىلا بېشىمنى ئاتاپ قويغان.

ئايزىم: خاتىرجەم كۆڭ كورسەڭ بولاتتى شاكىرجان، بۈگۈن يېزىغا يېقىنلاپ كەلگىنىڭىزدىلا يەنە مەن كورۈپ قالدىم. سىز بۇنىمۇ كۈتمىگەن بولغىيدىڭىز، مەن ھەتتا ئېيتىڭىزنى ئابلەتنىڭكىگە يوشۇرغىنىڭىزنىمۇ، ئۇچ ۋىلايەتكە ئۇتۇپ كەتمەكچى بولغىنىڭىزنىمۇ بىلىمەن.

شاكىر: ھەممىگە قىزىقىۋەرسىڭىز پاتلا قېرىپ قالىسىز، بۇ ئىشلارنى دادىڭىزغا ئېيتمىغانسىز؟

ئايزىم: دادام بوجاڭ بولغىنى بىلەن قىزىنى ئازاپلىمايدۇ، لېكىن ئېيتمىدىم. سىزدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقىمەن. كەتمەڭ شاكىرجان.

شاكىر: يېپىقلىق تۇۋاقنىڭ يېپىقلىق پېتى قالغىنى تۈزۈك.

ئايزىم: يېزىغا كىرگەن ۋاقتىڭىزدىن باشلاپلا، كەينىڭىزدىن يوشۇرۇنچە قوغداپ يۈرۈۋاتقىنىمنىمۇ بىلمەيسىز...

شاكىر: ھاجەتسىز ئىش، ئەقىدىڭىزگە لايىق جاۋاب بېرەلمەيمەن، مېنىڭ قەمبەرنىسانى قوغداپ يۈرۈيدىغانلىقىمنى بىلىسىز.

ئايزىم: (ئازراق سۈكۈتتىن كېيىن ناخشا ئېيتىدۇ)

AltunOq

شېرىن جاندىن زوھرا، ۋاز كەچمەس ئىدى ئەسلا،
گەر ئۆرتەنمىسە ئوتتا، تاھىرغا بولۇپ شەيدا.
نەيلەي ئوتلىرىدىك يانسا، ئۇچمەي كۆيدۈرۈپ دىلنى،
كۈتتۈم كورمىگىن غەيرى، چاپلاشقاچ يامان سەۋدا.
ئەرزىمگە قولاق سالغىن مىسكىن ئاجىزە دۇرمەن،
ئەمدى قويمىغىن دەرتتە، جاندىن سەن ماڭا ئەلا.
سەنسىز بۇ زىبالىقنى باشىمغا تاڭارمەندۇ،
سەنسىز مەن ئۈچۈن ئوخشاش گور بىرلە يورۇق دۇنيا.

شاكىر: مېنى تەڭقىسلىقتا سالماڭ. (ناخشا ئېيتىدۇ)
ئەي گۈزەل مەلھەم تىلەپ دەردىڭگە، نالە چەكمىگىل،
كەلمىگەي مەندىن داۋا قەلبىڭگە، نالە چەكمىگىل.
بىر نىگارىم بار مېنىڭ پاتماس كۆڭۈلگە ئىككىسى،
بۇ ئامالسىز ئىش ئۈچۈن جەۋرىڭگە نالە چەكمىگىل.
بولمىسۇن ئىشقىڭ توسالغۇ باشقا بىر بىچارىگە،
ھۆرمىتىم كۆپتۇر ساڭا تەدرىڭگە، نالە چەكمىگىل.
يار ئاياغىغا قوياي باش تەگمە ۋىجدان ھەققىدە،
كۈتمىگىن، تاپ باشقا يول ئۆمرىڭگە، نالە چەكمىگىل.

[شاكىر چىقىپ كېتىدۇ، ئايزىم ئېسىنى يوقىتىپ، بىر ھازا تۇرۇپ قالىدۇ - دە، ھۆڭ-
رەپ يىغلىغىنىچە يۈگرەپ چىقىپ كېتىدۇ]

نىزام: (تالادىن) گۈلەمخان، بارمۇ سىلى؟

[بىر ئەسكىرىنى ئەگەشتۈرۈپ نىزام كىرىپ كېلىدۇ، گۈلەمخان ئۆيدىن نىزاملارنىڭ ئال-
دىغا چىقىدۇ]

گۈلەمخان: بۇيان كېلىشسىلا!

نىزام: "بالا كەلسە قوشلاپ كېلىدۇ، بىر - بىرىنى باشلاپ كېلىدۇ" دېگەنىدەك، مۇسىبەت ئۈس-
تىدە تۇرغانلىرىدا مىركېرىم دېگەن ئولۇمتۈك قېرى نائەھلىلىك قىلىۋاتقان ئوخشايدۇ.

گۈلەمخان: ئولگەنىنىڭ ئۈستىگە تەپكەنىدەك ئىشلار بولىۋاتىدۇ.

نىزام: مىركېرىم باي ئىچىدە تۈگۈز قىترايدىغان يالماۋۇز، ئۇنىڭ ياۋۇز چاڭگىلىدىن قۇتۇ-
لۇپ، كۈنىنىڭ سېرىغىنى كورمەك ئۈچۈن ئەپچىل چارە تاپماي بولمايدۇ.

گۈلەمخان: مەسىلەن قانداق چارە؟

نىزام: مېنىڭچە سىلىگە ھازىر كېرىگى ئۇنى باپلىيالىغىدەك بىر ئەرباپ.

ئەسكەر: كۈندۈزى چىراق يېقىپمۇ ئۇزلىرىدىن باشقا ئۇنداق ئەرباپنى تاپقىلى بولمايدۇ جانىب.

گۈلەمخان: ئەرباپنىڭ نامرات بىلەن نېمە ئىشى؟

نىزام: (ئەسكەرگە بۇرۇلۇپ) ئىشىككە چىقىپ قاراپ تۇرغىن، باينىڭ ئادەملىرى ماراپ يۈرمە-
سۇن.

ئەسكەر: خوپ! (چىقىپ كېتىدۇ)

نىزام: مىركېرەم خوتۇنلىرىنى چاپانىنىڭ ئورنىدا يەڭگۈشلەپ تۇرىدىغان مۇناپىــق، ئۇ ئادەم ئەمەس نەپسى يامان بىر كالا. كالا گۈلنى پۇرىمايدۇ، يەيدۇ، چەيلەيدۇ، قەمبەرنىسادەك نازۇك غۇنچىنى ئۇ پاسكىنا داردايغان ئاچماق تۇياقلىرىدا يەنچىمەكچى.

گۈلەمخان: (كوز يېشى قىلىپ) ئاجىز بەندەڭگە رەھىم قىلساڭچۇ خۇدا!!

نىزام: بۇ شولگەي تۇمشۇقتا گۈلنىڭ نىمە ئەتىۋارى، بۇنى ئويلىسا ئادەمنىڭ يۈرىگى ئېچىشىدىكەن، شۇ ۋەجىدىن ھوكۇمەت خىزمىتىگە دەخلى بېرىشتىــن قورقماي سىلىگە ئوزەم ياردەم قولۇمنى سۇنۇش قارارىغا كەلدىم.

گۈلەمخان: ئاللانىڭ بەرگەن ئىنساۋىغا شۈكرى، يۈز ياشقا كىرەلا ئىلاھىم!

نىزام: مىركېرەم ئەسلىدە ماڭا قەرزدار، مەن سىلىنىڭ ئات قەرزلىرى ۋە نەزىر - چىــراق چىقىملىرىنىڭ ھەممىسىنى شۇ ھىساۋات ئىچىگە تىقىپ تۈگىتىۋېتــەي دەۋاتىمەن. باينى پەيلىدىن ياندۇراي، ساۋاپ ئالاي.

گۈلەمخان: ياخشىلىقلىرىنى ئاللا قايتۇرغاي.

نىزام: شۈغىنىسى ئىشنىڭ يەنە بىر نازۇك تەرىپى بار ئىدى.

گۈلەمخان: قانداق تەرىپى؟

نىزام: قوزىچاقنى بورىنىڭ يېنىدا قويغىلى بولمايدۇ، مەن كەتسەملا باي ئىپلاس تۇمشۇغىنىــى قەمبەرنىساغا يەنە سوزىدۇ.

گۈلەمخان: ئاڭغىچە پەرۋەيدىگار ئوزى يولىنى قىلار.

نىزام: نەدە ئۇنداق ئاسان ئىش بار، ئۇنىڭدىن كورە قەمبەرنىسانى ئوزەم ئېلىپ كېتەي، سىلىگە ئوزەمنىڭلا بالا بولغۇم بار.

گۈلەمخان: (غەزەپلىنىپ) سىلى مېنى قاپاقتا سېلىپ كولدۇرلاتماقچىمىتىلە. جىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدا دىسىلە. ئىنساپلىرىدىن ئورگىلەي، ئاھ خۇدا ئەمدى قانداق قىلاي. (ناخشا ئېيتىدۇ)

قوغدىسۇن ئەلنىڭ جېنى، مۈلكى مېلىنى دىمىسە،
نىمە دەپ پۇقرا باقار ئەسكەر قىلىپ ھەر ئان سېنى.
كەلدى پۇرسەت دەپ بىلىپ ئاجىزنى سەن قىلدىڭ بوزەك،
تۈزنى يەپ، تۈزلۈقنى چاقما قىينىسۇن ۋىجدان سېنى.
بورىدىن قاچسام، كېلىپسەن ھىجىيىپ يولۋاس سۈپەت،
جەۋرى سالدىڭ، ئاخىرەتتە سوتلىغاي سۇبھان سېنى.

[مۇزىكا ئوزگىرىپ نىزام ناخشا ئېيتىدۇ]

نىزام:
تۇرار قان تامغۇزۇپ باينىڭ بالا شەمشەرى باشىڭدا،
قەرز زەنجىرى بويىنۇڭدا شەرىئەت ھاڭى قاشىڭدا.
سېنى قوغداي قىزىڭنى بەر دىدىم ۋىجدان يولىدا مەن،
ئوزەڭ ئويلا، توسالامسەن قىلىچنى تىل ۋە ياشىڭدا.

باشقا كەلگەنگە ئەلھۇكمۇلىللا دىسىلە، چالۋاقىماي قەمبەرنىسا بىلەن مەسلىھەتلىشىپ جا-

ۋاپ بەرسىلە، ماقۇل بولسىلا قىزلىرىنىڭ بەختى ئېچىلىپ كېتىدۇ.

[نىزام چىقىپ كېتىدۇ. گۈلەمخان بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئۆيگــە قاراپ ماڭىدۇ، ئۆيدىن قەمبەرنىسا پەرىشان قىياپەتتە يۈگرەپ چىقىدۇ]

قەمبەرنىسا: نىمە بولدىڭىز ئانا، يەنە نىمە سورۇقچىلىق؟

گۈلەمخان: (تەتۈر قاراپ) ھېچنىمە بالام، ئۆزەمچە مۈگلىنىپ...

قەمبەرنىسا: (گۈلەمخاننىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ يىغلايدۇ) ھەممىنى ئاڭلىدىم. ئاھ، ئانا، بۇ بەختــى قارا قىزىڭ قايسى نەس كۈنى تۇغۇلۇپتىكى .

[شاكىر باغدىكى موكۇنگەن يېرىدىن چاچراپ چىقىپ گۈلەمخاننىڭ قېشىغا كېلىــدۇ]

شاكىر: مەنمۇ ھەممىنى ئاڭلىدىم ئانىجان.

قەمبەرنىسا: (ئازاپلىق چىرايىنى شاكىرغا بۇراپ) سىز، ســىز، قاراپ تۇرۇپ مېنى خاراپ قىلماقــ چىمۇ شاكىرجان! (ناخشا ئېيتىدۇ)

باشقا چۈشتى قايغۇ ـ غەم باشلا، قايانغا مەن باراي،
مەيلى باققا، مەيلى تاققا، چول ـ ياۋانغا مەن باراي.
مۈشكۈلىمنى قىل ئاسان شەرمەندىلىكتىن قۇتقۇزۇپ،
قاچىلى، جانىم دادام ئۆلگەن داۋانغا مەن باراي.
تەلپۈنىپ ھورلۇككە ئۆلسەم يولدا كومگىن دالىغا،
يوقلىغاي قەۋرەمنى قۇشلار، كەڭ جاھانغا مەن باراي.

گۈلەمخان: داداڭنىڭ نەزىرىسىنى بەرمەيلا كەتسەڭلار جامائەت نىمە دەيدۇ بالام؟!

شاكىر: (ناخشا)
كوڭۈل ئارزۇسىنى ئېيتسام سەپەر ئىمكانى ئىستەرمەن،
ئۇچۇشقا سەن بىلەن بىللە سەھەر ئاسمانى ئىستەرمەن.
بىراقتا ئالىملار پىشقان زىمىندە گۈل چاچار خۇشبۇي،
شۇ گۈلشەندە ئازاتلىقتىن ئۇممىت سۇلتانى ئىستەرمەن.
لېكىن ياۋ قورشىدى چەمبەر سىلىپ،يارىم سېنى ئەمدى،
توساشقا دەرت ـ ئوقىنى مەن ئەقىل قالقانى ئىستەرمەن.
سېنىڭسىز مەن ئۈچۈن دەۋزاخ بولار ھەتتاكى جەننەتمۇ،
تېپىپ چارە يېڭەي ياۋنى، ۋاپا مەيدانى ئىستەرمەن.

گۈلەمخان: باي بىلەن نىزامنىڭ ئادەملىرىگە بىر يولى تەڭ كەلمەك بەسى مۈشكۈل.

شاكىر: ئۇلار قەمبەرنىسانى تالىشىپ زىتمەنلىك قىلىشىۋاتىدۇ، مېنىڭچە چايانىنى چايانغا سېلىش كېرەك.

قەمبەرنىسا: قانداق قىلىپ؟

شاكىر: بۇ ئىشتا ئىككىلىرىگە كوپرەك ئېغىرچىلىق چۈشىدۇ. ئۇلار تاش سانىغىچە بىز قۇم ساـ ناپ ئاۋۋال نىزامنى...

[ئۈچىنىڭ بېشى جەم بولۇپ، شاكىرنىڭ ئاۋازى پەسلەيدۇ، چىراق ئۆچىدۇ]

— پەردە

## 3 - پەردە

[ۋاقتى: شۇ كۈنى نامازدىگەردىن ئۆتكەن چاغ.

ئورنى: بوجاڭنىڭ قورۇسى.

قۇياش تاغ ئۈستىگە يانپاشلىماقتا. سول تەرەپتە پېشايۋىنىدىن كاۋا پېلەكلىرى ساڭگىلىغان ھوجرا. ئوڭ تەرەپتە دېرىزىسى قورۇغا قاراقلىق ئۆي. كەينى تەرەپتە گۈل ۋە تېرەكلەر، يىراقتا دەريا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بوجاڭ بىلەن قولىدا ئەگلەك كۆتەرگەن ئايىمخان پېشايۋان يېنىدا سۆزلىشىۋاتقاندا پەردە ئېچىلىدۇ ]

ئايىمخان: ئۆيدىكى ھېلىقى خېلى يۇمشاقباش، ئەتىسى - ئاخشىمى بىزنىڭكىنى كۆپرەك بوقلاپ تۇرسىلا.

بوجاڭ: ھېلىمۇ سوپامنىڭ مېھمانلىرىنىڭ روگىي بوپقالدۇق.

ئايىمخان: ئۆمرۈمدە ئەركەك زاتقا رومال تىگىدىنىمۇ قاراپ باقمىغان بەندىتىم، ئېرىمنى يولەپ قويارمىكى دەپ سىلى بىلەن... (روملىدا يۈزىنى قىيا توسايدۇ) موتىۋەرلەرنىڭ قۇلىغىغا يېتىپ قالارمۇ؟

بوجاڭ: ھېلىم سوپىنى ئۆنېيشىلىقا كوتىرىش ساقال سىپىغانچىلىك بىر ئىش، يېقىنچىلىغىمىزدىنمۇ ئەنسىرەپ كەتمىسىلە، بۇنداق ئىشلار ھەققىدە ئەل - يۇرت ئارىسىدىمۇ بىر لەتىپە بار.

ئايىمخان: قانداق لەتىپىكى؟

بوجاڭ: بۇرۇنلارنىڭ بۇرۇنىسىدا...

ئايىمخان: (نايناقلاپ) زامان زورنىڭ، تاماشا كورنىڭ بولغان چاغلاردا، دىسىلە.

بوجاڭ: چاچلىرى ئاز بولغىنى بىلەن ئەقىللىرى ساز جۇمىسىلا، (ئايىمخاننىڭ روملىنىڭ چېتىنى قايرىپ خىردىلداپ كۈلۈپ قويۇپ) شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ كەتكەن بىر خوتۇن باركەن، بىر كۈنى ئۇ قىيامەت قورقۇنچىغا چۈشۈپ ئىشاننىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ.

ئايىمخان: ئىشان بىلەن سوپى بىر گەپ، بىزنىڭ ئۆيدىكى ھېلىقى سوپەكتەك بىرسىكەندە.

بوجاڭ: ھەببەللى، جايىنى تاپتىلا... خوتۇن ئۇنىڭدىن "بەندە زىنا پاتقىقىغا پاتسا نىمە بولىدۇ" دەپ سوراپتۇ.

ئايىمخان: ئاخىرەتنى ئويلىسام، مېنىڭمۇ كۆزۈمگە قاراڭغۇچىلىق تىقىلىدۇ. قىلغان گۇنالىرىمغا توۋە خۇدايا خۇداۋەندە كېرەم (ياقىسىنى تۇتىدۇ)

بوجاڭ: ئىشان ئۇنىڭغا "زىنانى تىلغا ئېلىشمۇ گۇنا، كىشى بىر كۈن زىنا قىلسا خۇدانىڭ تەختى ئۈچ كۈن تەۋرەيدۇ" دەپتۇ.

ئايىمخان: تەخت تەۋرىسە بىزنىڭ يۈرەكىمۇ جىغىلدايدۇ دىسىلە.

بوجاڭ: ھېلىقى خوتۇن "ۋاي مەن قانداق قىلارمەن، بۇ يولدا خۇدانىڭ بىر كۈنىنىمۇ ئالا

قويمىغان ئىدىم” دەپ يىغلاشقا باشلاپتىكەن، ئىشان سەللە - پېرىجىسىنى چورۇۋېتىپ خوتۇنغا قۇچىغىنى ئېچىپتۇ.

ئايىمخان: قارىسىلا بۇ ئىمانسىزنى، ئىشان - سوپىلارغۇ خۇدادىن قورقمايدۇ، بىزنىڭ ھىلىقى سوپەكمۇ يىگىرمىدەك خوتۇنغا ئىچ پەش تارتىپتىكەن.

بوجاڭ: خوتۇن ”ۋاي ئىشان غوجام، ھازىر ئۆزلىرى ’خۇدانىڭ تەختىنى تەۋرەيدۇ‘ دىگەنتىلىغۇ“ دىسە، ئىشان نىمە دەپتۇ دىمەملا؟

ئايىمخان: زۇۋانى تۇتۇلغاندۇ مايماق جىگدىگە ياماشقان بۇ ئىلانىڭ؟

بوجاڭ: گەپنىڭ ئايىغىنى ئاڭلىسىلا، ”تەۋرەشنىغۇ تەۋرەيدۇ، بىراق ئۆرۈلۈپ كەتمەيدۇ ئەمەسمۇ“ دەپتىدەك.

ئايىمخان: (جانلىنىپ) خېلى بىر نەرسە بىلىدىغاندەك قىلىدۇ شۇ ئىشان، موپسىپىتلارغۇ راس گەپ قىلىدۇ. ئىشانمۇ مۆيسىپىت بولغىيدى ھەقىچان؟

بوجاڭ: كوپنى كورۇپ بىشى پىشقان.

ئايىمخان: شۇنداق، ياشلارنىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سالمىغۇلۇق. بۇ كەمنىڭ باللىرىنىڭ ياشلىغىدىنغۇ ئايىغىمنىڭ باشلىغى ياخشى (جانلىنىپ) قارىغاندا بىزگىمۇ كەچۈرۈمنىڭ ئازراق يولى باردەك قىلىدىغۇ؟

بوجاڭ: ئازراقلا ئەمەس، يول داغدام ئوچۇق. (ناخشا ئېيتىدۇ)

ئاشنىسىز ئوتكەن ئومۈردىن ياخشى ئاشنا تەنىسى،
پۇل، شاراپ، مەنسەپ، ئويۇندا بۇ جاھاننىڭ مەنىسى.

[ئايزىم كىرىپ ئايىمخانغا قاراپ يىرگىنىچ بىلەن تەرىنى تۈرۈپ، يەردىكى كاۋا شاپىغىنى ”نىرى تۇر پاسكىنا!“ دەپ تېپىۋېتىدۇ، ئايىمخان لوپۇلداپ چىقىپ كېتىدۇ ]

ئايزىم: (دادىسىغا قاراپ) قېنى ئانام؟

بوجاڭ: (دۇدۇقلاپ) ئۇ، ئۇ ئوت ئالغىلى ئېتىمىزغا كەتكەنتى بالام.

ئايزىم: ماۋۇ بويىنى يوق تۇزلۇق قاپاق بىزنىڭكىدىن چىقمايدىغان بولىۋاپتىغۇ؟

بوجاڭ: ئۇنداق دىمە بالام، ”ئوتنى كولىساڭ ئوچۈرىسەن، خوشناڭنى كولىساڭ كوچۈرىسەن“ دىگەن گەپ بار، ئايىمخان ئەگلەك سوراپ كىرىپتىكەن، ھىم، ئۇلاقلارىنى ئېتىزلىقتا ئىدى، چىقىپ باقاي. (ئالدىراش چىقىپ كېتىدۇ )

ئايزىم: (ناخشا) قېرىغاندا ئوۋ قىلىپ،

ئالجىدىڭمۇ سەن ئاتا.
گور سوراغى يوقمىكەن،
بىزگە سالساڭ دەرت - جاپا؟

سەن، سەن ئاتام شەرمىز - ھايانى ئۇنتۇدۇڭ، ئەمدى يۇرت ئالدىدا يۈزىمىزنى قاندا كوتىرىمىز، ئاناھەي بىچارە ئانام... (يىغلاپ چىقىپ كېتىدۇ )

نىزام: (كىرىدۇ) ھوي، ئادەم بارمۇ؟

ئەسكەر: (ئۇنىڭ تەرەپتىكى ئۆيدىن چىقىپ) ياتاقخانىلارنى ياغ تامسا يالىغىدەك پاكىزلەپ قويـدۇم، تەقسىر!

نىزام: ھېچكىم كەلمىدىمۇ؟

ئەسكەر: ھەمشىرىڭىز شاكىرنىڭ دېرىگىنى ئالغىلى كېتىپ تېخى قايتمىدى. ھېلىم دىگـەن سـوپىنىڭ خوتۇنى ئايىمخان ئەگلەككە كېلىپ بوجاڭ بىلەن بۇقۇلداشتى.

نىزام: بۇ خوتۇننىڭ ئەگلەككە چىقىپ ئەرگە تېگىدىغان خۇيى يوقتۇ؟

ئەسكەر: باياتىن نېرىقى ئۆيدە كالا موزىيى بىلەن تېپىشقانىمىكى دەپتىمەن، ھاياسىز خـوتۇندەكـرەك تۇرىدۇ.

نىزام: (غەزەپلىنىپ) ئەقلىگە كويدۇرگۇ چىققان خېتۇنكەندە بۇ. بەدبەخت، ناپاك ئۆيدە تۇرۇپ بىزنى نەس باسمىغىدى.

گۈلەمخان: (تالادىن) نىزام تەقسىر بارمىدۇ؟

نىزام: ھوي گۈلەمخان كىرىۋەسىلە!

[ئەسكەرگە ئالدىراش ئىشارە قىلىدۇ. ئەسكەر چىقىپ كېتىدۇ. گۈلەمخان كىرىدۇ ]

نىزام: سىلىنىڭكىگە بېرىشقا ئەمدى تەرەددۇت قىلىۋاتاتتۇق، خوش، يۈرەك ئارزۇيۇمنىڭ ئىلتىماسىنى ئويلاشلىمۇ؟

گۈلەمخان: يوللىرىنى قىستارتاي، دىدىم.

نىزام: قـەمبەرنىسانى ھىلە ـ مىكرىدە ساقىلى ئاقارغان قېرى قىڭغىرغا تۇتـقازمايدىغـانلىقـلىرىنى بىلىۋىدىم. بۇ قارا يۈزنىڭ نومۇسسىز مەقسىدى ھوسىن بېغىـنىڭ ئەركىـسىنـى چەيلەپ...

گۈلەمخان: كورگۈلۈگۈم باركەن، قانداق قىلاي، ئاسمان ئىگىز، يەر قاتتىق ئىكەن، ئەمدى سىلىـنىڭ گەپلىرىگە ماقۇل بولاي.

نىزام: (ئاغزىنى تامشىپ قويۇپ ناخشا ئېيتىدۇ )

خۇداغا ئەيلەيىن شۈكرى، يەنە جىسمىمغا جان بەردى،
كوڭۈلدىن قوغلىدى غەمنى، ئەجەپ يورۇق جاھان بەردى.
گۈلەمخاننىڭ تىلىدا سوزلىدى قىسمەت ئۆزى گويا،
چېچى قۇندۇز، كوزى يۇلتۇز جامالى ئاي جانان بەردى.

گۈلەمخان: لېكىن پىشكەللىكلەرنىڭ يەنە تۈگىمەسلىكىدىن بېشىم قېتىۋاتىدۇ.

نىزام: قانداق پىشكەللىك، تارتىنماي ئېيتىۋەرسىلە. (يېنىدىن ھەميان چىقىرىپ گۈلـەمخـانـنىڭ ئالدىغا قويىدۇ) بۇنىسى جىلىك كۈمۈش، نەزىر ـ چىراققا خىراجەت قىلارلا، باي خاپا قىلسا پېقىر ئۇنىڭ جېنىنى ئېلىپ جاڭگالدا قويالايمەن.

گۈلەمخان: (ھەميانغا نەزەر كۆزىرىنى سالماي) خېلى ئوغۇلبالىچىلىقى بار ئادەم جۇمۇسىلا سىلـى.

نىزام: (كورەڭلەپ) زۇۋۇلام چىلىك ئۆزۈلگەن، ئانام ئوغۇل بالا دەپ تۇققان دىسىلىچۇ، يۈرىگى توم، جىگىرى چوڭ، بېلى مەھكەم ئوغۇل بىز. (ئاۋازىنى پەسلىتىپ) ئەمـدى قەمبەرنىسانىڭ چېيىنى بېرىۋەتسىلە بولاتتى.

گۆلەمخان: نەزىرنى تۆگەتمەي، باينى تىنجىتماي تۇرۇپ، قىزىمنىڭ چېيىنى قانداق بېرەتتىم
ھەر ئىشنىڭ يولى، ئادەمنىڭ يۈزى بولىدۇ.

نىزام: (مەيدىسىنى كېرىپ) ئاغزىنى بىر غېرىچ كەرگەن مىر كېرەم بىلەنمۇ سۆزلىشىپ كۆرسە-
مىز تېخى، ھازىرلا بېرىپ ئات قەرزلىرىنى رۇسلايمەن.

گۆلەمخان: مىركېرەمنىڭ كۆزى قەرزدىنمۇ كۆپرەك قىزدا، ئۇ ھازىر زەھەرگە تولغان چايانىدەك
ئۆز زەھىرىدىن ئۆزى مەس بولۇپ يۈرۈيدۇ. سىلىگە ماقۇل بولغىنىمنى ئاڭلىسا، چى-
دىماي قىيامەت جېدەلى چىقىرىدۇ.

نىزام: چىدىمىسا ئۆلىۋالسۇن! ناھايىتى كەتسە كوكەمە خوتۇن ئېرىمگە دەيمەن دەپ قوپۇ-
قاندەك، شەنگەنگە چاقىمەن دەپ پوپاڭ سالىدۇ.

گۆلەمخان: شەنگەنمۇ باينىڭ ئۆيىنى پات - پات ئەگىيدۇ.

نىزام: ئەگىشنى ئەگىيدۇ، شەنگەننىڭ ئالدىدا خوتۇننى بازارغا سېلىپ ئۆيىنتىپ بەرسە ئە-
گىمەمتى، لېكىن شەنگەن مېنىڭ تۇققۇنۇم.

گۆلەمخان: چاي ئىچكۈزۈشكە ئالدىرىمايلى، چايدىن كېيىنلا توي قىلماي بولماس، قالغان ئىشقا
قار ياغمىدۇ. باشقا ئىشلىرىنى قايرىپ قويۇپ بۇ يەردە كۆپرەك تۇرسىلا. تۇل خوتۇن
بولۇپ قالدىم. چولدىكى تاشمۇ مەندەك يالغۇز ئەمەس. (كۆز يېشى قىلىدۇ )

نىزام: جېنىم سىلىدىن ئۆرگىلىسۇن، بالا بولغاندىكىن پانا بولىمەندە.

گۆلەمخان: خۇدا خالىسا، يەنە بىر ئەرزىمەس ئىش بار ئىدى. ئېيتسام تىلىم كويىدۇ، ئېيت-
مىسام دىلىم.

نىزام: ئانا - بالىلىقنىڭ ئۇتى تىلنىمۇ، دىلنىمۇ كويدۇرمەيدۇ. كىرنى كويدۇرىدۇ.
ئېيتىۋەرسىلە.

گۆلەمخان: مىركېرەم شاكىر دىگەن بالىنىمۇ توھمەت چاپلاپ قامىتىۋەتكەنتى.

نىزام: ئۇ كەسپى توھمەتچى، ئىچى قارا ئادەمنىڭ تىلى ئۇزۇن بولىدۇ.

گۆلەمخان: راستىنى ئېيتسام شاكىر مېنىڭ تۇققۇنۇمتى، بايغا شۇنداق ئاداۋىتىم تۇرۇقلۇقمۇ يەنە
قىز بېرەمتىم، شاكىرنى ئەمدى ئۆزلىرى كەچۈرۈم قىلارلا، ھەر يەردە بولسا رىسقىنى
تېرىپ يېسۇن.

نىزام: (مەگدەپ) بۇ، بۇ ئىشقا قولۇم قىسقىلىق قىلارمىكى، ھۆكۈمەتچىلىك ئەمەسمۇ...

گۆلەمخان: تۇققۇنىمدىن ئايرىلسا چاڭگىدىكى قۇچقاچمۇ چىرىلدايدۇ. شاكىرنى كەچۈرمىگەن ئادەمـ-
گە جامائەت ئالدىدا قايسى يۈزۈم بىلەن قىز بېرىمەن.

نىزام: (ئاز سۈكۈتتىن كېيىن) قايتقاندا شەنگەن جاناپلىرى بىلەن سۆزلىشىپ كۆرەرمىز.

گۆلەمخان: ئىزلەشنى ھازىرلا توختۇتارلا؟

نىزام: مېنى قول كويدۇرىدىغان ئىشقا قىستاۋاتىلا، خەير بۇنىمۇ ئويلىشارمىز دەيلى، لېكىن
قىزىنىڭ چېيىنى چاپسانراق...

[تالادىن ۋاي - دات سالغىنىچە مەرەمنىسا يۈگۈرەپ
كىرىدۇ]

مەرەمنىسا: ۋاي قەمبەرنىسانى ئېلىپ قاچتى، بۇلاپ قاچتى!

گۈلەمخان: (خودىنى يوقاتقىنىچە يۈگۈرەپ بېرىپ ئۇنىڭغا ئېسىلىدۇ) نېمە دەۋاتىسەن هوي، شورىڭغا شوۋا توكۇلگۇر، نېمە دەۋاتىسەن؟

مەرەمنىسا: (هاسىراپ) دەرياغا سۇغا كېتىۋاتاتتۇق، يۈزلىرىگە پەرەنجە تارتىۋالغان توت ئەركەك كەينىمىزدىن ئات چاپتۇرۇپ كېلىپلا، قەمبەرنىسانى ئاتنىڭ ئالدىغا مۆڭگۈرۈپ ئېلىپ قاچتى. بولسىلا گۈلەمخان ئاچا.

گۈلەمخان: ۋاي، ۋاپاسىز تەتۈر پەلەك بول، بول، قېنى قاياققا كېتىشتى؟...

[گۈلەمخان، مەرەمنىسا بىلەن بىللە يۈگۈرەپ چىقىپ كېتىدۇ، نىزام ياتىقىغا كىرىپ قوراللىنىپ چىقىپ دەرۋازىغا قاراپ يۈگۈرەيدۇ - دە، تالادىن ئالدىراپ كىرىۋاتقان مىركېرەم بىلەن ئۈسسۈشۈپ دەلدۈگۈنۈپ كېتىدۇ]

مىركېرەم: (هاسىراپ) سىلىمۇ خەۋەر تېپىپ ئالدىرىغانمۇ؟ شاكىر سايىنىڭ ئىز - دېرىكىنى ئېلىپلا مەنمۇ سىلىگە قاراپ چاپقان.

نىزام: قانداق ئىز - دېرىكىنى؟

مىركېرەم: بىزنىڭ كارۋانلار ئۇنى ئاقساقمارالدا ئۇچرۇتۇپتۇ، بىر ئاتنى مىنىپ گىدىيىپ كېتىپ بارغۇدەك، چاپسان ئاتلانسىلا.

نىزام: (گۇمانسىراپ سۆكۈتتىن كېيىن) سىلىنىڭ كارۋانلار قاچان كەلدى؟

مىركېرەم: هېلىراقتا.

نىزام: (كىنايىلىك ئاهاڭدا) شاكىر بۈگۈن چۈشكە يېقىن مۇشۇ يېزىغا كەلگەن تۇرسا، كۈن تېخى پاتماي تۇرۇپلا ئاقساق مارالغا يېتىپ بارغىلى قانات چىقىرىپ ئۇچۇپتىمۇ؟

مىركېرەم: (دۇدۇقلىنىپ) ئە ...ئە، ئىشقىلىپ شۇ تەرەپكە كېتىۋاتقىدەك، قولىدىن چىقىپ كەتمىسۇن دەيمىنا، سىلىگە ئادەم يانداي دېۋىدىم.

نىزام: ئۆزلىرىنى ئۇپراتقانلىقلىرىغا هەشقاللا، چۈش كۆرگەن ئوخشايدۇ سىلىنىڭ كارۋانلار. (ناخشا ئېيتىدۇ)

قاتۇرماي قويسىلا باشنى مۇشۇ ئەتراپتىدۇر شاكىر،
مېنىڭچە باشقا بىر ئىشنى قىلايلى مەسلىهەت هازىر.

مىركېرەم: (ناخشا)

يامان غەليانچىنى قولدىن چىقارمايلى خاتا ئەيلەپ،
بۇنىڭدىن يوق مۇهىمراق ئىش قىلاي ياردەم ۋاپا ئەيلەپ.

نىزام: بەرمەكنىڭ ئالىمغى بار، ئۆتكەندە ئۆزلىرىگە ئېيتقەن قورال - ياراقلىرىمنىڭ هىساۋاتىنى قىلىشقا ياردەملەشسىلە.

مىركېرەم: ئۇنىڭغا نېمە ئالدىرايلا، ئىنچىكە هىساۋات خوجىدارنىڭ دەپتىرىدە.

نىزام: چوڭلىرىنى بولسىمۇ هازىر قىلىۋېتەيلى، مەن سىلىگە ئىككى يېشىك ئوق، ئون تال بىردەنگە مىلتىق، سەككىز دانە قىلىچ، بەش دانە يانقورال ئېيتقەن يۇلغا سىزنىدۇرغاندا جەدەي...

مىركېرەم: مەنمۇ سىلىگە 200 جۇپ ئۆتۈك، 300 تۇياق قوي، 20 تۇياق ئات ئۆتكۈزدۈم، هىم

مەندە يەنە ئىپلاشلىرى بارلىقى راس، خوجىدارنىڭ دەپتىرىدە ...

نىزام: ئاز دېگەندىمۇ سىلىنىڭ ماڭا 200 سەر بېرىشلىرى بار، گۈلەمخاننىڭ ئات قەرزىنى مېنىڭ شۇ پۇلۇمدىن تۇتۇپ قالسىلا.

مەركىبىرەم: سىلى ئارىغا كىرمىسىلە، كىمدىن نىمە ئېلىشنى ئۆزۈم بىلىمەن.

نىزام: ئادالەتچى بولغانلىقىمدىن ئارىغا كىرىۋاتىمەن، دوستلۇق يۈز خاتىرىسى ئۈچۈن دەنە مانىمۇ نەق قوشۇپ بېرەي! (يېنىدىن ھەميان چىقىرىپ تەڭلەيدۇ) ئاز بولسىمۇ كۆپكە تاۋاپ قىلارلا.

مەركىبىرەم: (قادىلىپ قاراپ) بۇ نىمە دېگەنلىرى؟

نىزام: ئادىمگەرچىلىكنى ئۇنتۇمىسىلا، يالغۇز قىزى بار تۇل خوتۇننى قازا ئۈستىدە قىينىمىسىلا دېگىنىم.

مەركىبىرەم: مېنىڭ ئۆيۈم گورەخانا ئەمەس، ئالسىلا پۇللىرىنى، ماڭا پۇل ئەمەس، ئاي كېرەك، ئاي!

نىزام: ئاسماندىكى ئايغا قول سوزۇپ ۋاي ـ ۋايلىغىچە ئالدىلىرىدىكى نەق پۇلنى جايلىسىلا (ھەميانىنى مەركىبىرەمنىڭ يانچۇقىغا تىقىدۇ)

مەركىبىرەم: پېقىرنىڭ قولىنى قايتۇرالىغان ئادەم تېخى بولغان ئەمەس، سىلى تىل ئاياغمىلىق بىلەن نىمە قىلاي دەيلا؟

نىزام: تۆۋى يوق چۈنتەكلىرىنى توشقۇزاي دېدىم، يامان دەپتىمەنمۇ؟ (مەركىبىرەمنىڭ قولىنى ھەميان بىلەن بىللە قوشۇپ ئۇنىڭ يانچۇقىغا تىقىدۇ) تۇل خوتۇننى قاخشاتمىسىلا.

مەركىبىرەم: (يۇلقۇنۇپ) قاخشاتماي دېگەچكە ئۆزۈم بالا بولۇۋاتىمەن.

نىزام: ساقالغا بېقىپ ئىش تۇتسىلا، ياش خوتۇنغا قېرى ئادەم بالا بولامدىكەن؟ سىلىدىن ياشراقىمۇ باردۇ!

مەركىبىرەم: ئۆزلىرىنى مەندىن ياش چاغلاپ، مېنىڭ تومەمگە چاڭ سالماقچىمۇ؟ شۇ كەمگىچە قايسى بۇلۇڭدا كوكۇرۇپ ياتقانتىلا، مەن بىلەن ياش تالاشقىچە پېشانىلىرىنى سىلاپ باقسىلا، چالا ئاشلانغان ئۆشكە تېرىسىدەك قورۇلۇپ كېتىپتۇ.

نىزام: چىرايلىرى توگىنىڭ توققۇز توللىقىدەك قاتلىشىپ كەتسىمۇ نەۋرىلىرىدەك قەمبەرنىسانى ئوغۇرلاشتىن خىجىل بولمىدىلا؟

مەركىبىرەم: توھمەت توقۇپ ئالدىمدا قاقىلداۋەرمىسىلە، مەن قاچان قەمبەرنىسانى ئوغۇرلاپتىمەن؟ كوتەرسىلە بۇنداق ساخاۋەتلىرىنى، ھابدال ئەمەسمەن. (ھەميانىنى چورۇۋېتىدۇ، نىزام يەردىن ئېلىپ يەنە ئۇنىڭ يانچۇقىغا تىقىدۇ، ئىككىسى تىركىشىپ كېتىدۇ. بوجاڭ كىرىپ قېلىپ ئۇلارنى ئاجرىتىدۇ)

بوجاڭ: ھوي، ھوي، بولدى قىلىشسىلا ئەمدى، چوپ ـ چوڭ سالاپەتلىك ئادەملەر تۇرۇقلۇق...

مەركىبىرەم: توختىسىلا بوجاڭ، بۇ بوھتانچى قارا گەدەننىڭ قوسىقىدا جىن بار.

نىزام: ھوي قاپاقۋاش ئالا گەدەن، سىلىگە ئوخشاش بوھتان چاپلاپ خەقنىڭ قېنىنى شوراۋاتقىنىم يوق، تىللىرىنى ئوخشاپ گەپ قىلسىلا.

مىركېرەم: ئەسكەر بولدۇم دەپ قىسىخ تامىلىغان چاخورازدەك پوكانلىرىنى كېرىۋاتاملا، ناھايىتى كەتسە سىلى قولىمىزدىكى ئۇزۇن كوسەي جۇمۇ، بىلىپ قالسىلا.

نىزام: تولا كاكىراۋەمسىلە، كانايلىرى ھوپۇپ يەۋەلغان تازىنىڭكىدەك خىقىراپ قالىدۇ. قەمبەرنىسانى چىقىرىپ بەرسىلە.

مىركېرەم: شاكىرنى تۇتقىلى كەلگەنىدىكىن شاكىرنى تۇتسىلا، قەمبەرنىسا بىلەن نىمە چاتاقلىرى؟ قەمبەرنىسا ماڭا قەرزدار، مەن ئۇنى ئالىمەن.

نىزام: كىمنى تۇتۇشۇم بىلەن نىمە چاتاقلىرى؟ سىلىمۇ ماڭا قەرزدار، ئەمىسە سىلىنى مەن ئالايمۇ؟

مىركېرەم: ھىلى تىللىرىنى سۇغۇرۇۋالىمەن! (نىزامغا ئېتىلىدۇ)

نىزام: ھىلى كاللىرىنى ئۈزۈۋېلىپ قولتۇقلىرىغا تاۋۇزدەك قىستۇرۇپ قويىمەن. (قىلىچىغا يېپىشىدۇ)

بوجاڭ: ھوي بىر قىزغا ئۇلۇپ بېرەمسىلەر دەيمەن (ئارىچىلايدۇ)

مىركېرەم: ماڭا ھۆرپەيگەنىنىڭ جېنىغا ۋاي، تەپسەم تومۇرىنى ئۈزۈۋالىمەن.

نىزام: چۆچۈرىنى خام ساناپلا، قوقاق سېلىپ، بوھتان چاپلاپ قامىتىۋەتكىلى سىلىگە مەن شاكىر ئەمەس.

مىركېرەم: ئاغزىدىن ئۆت چىقىدىغان شاكىرنى قامىتالىغان ئادەم ئاغزىدىن نىجاسەت ئاقىدىغانلارنىمۇ بوش قويمايدۇ. شەنگەن جاناپلىرى شاكىرغا يان باسىدىغانلارنى كەچۈرمەيدۇ.

نىزام: شەنگەن جاناپلىرىنىڭ نامىنى بازاردا ياڭاق ساتقانىدەك سېتىۋەرمىسىلە، ناھايىتى كەتسە ئۇسما ئويۇنى كورسىتىپ ئۇنىڭ كوڭلىنى ئالغانلا.

مىركېرەم: شەنگەن جاناپلىرى بىلەن قىيامەتلىك دوسلىغىمغا چىدىماي ئۇنى قارىلىماقچىمۇ؟ گۇناقىلغان تىل باش بىلەن بىللە قوشۇپ كېسىلەرمىكى!

نىزام: كوزلىرىنى چاپاقىنىڭكىدەك چەكچەيتىپ كەتمىسىلە. چاناقلىرىدىن چىقىپ كېتىدۇ، ئەمىسە شەنگەن جاناپلىرىنىڭ ئالدىغا ھازىرلا بېرىپ باقمايلىمۇ؟!

مىركېرەم: بارساق بويۇنلىرىنىڭ ئېغىرلىغىنى يېنىكلىتىپ قويىدۇ. (بوجاڭغا قاراپ) قوشقۇنغا قىستۇرۇلغان ماۋۇ بۇدۇشقاقنىڭ شاكىرغا چېتىشىدىغان جايلىرى بار زادى. ئەتە شەنگەنىنىڭ ئالدىغا بارماي بولمايدۇ.

نىزام: ئەتىمۇ خۇدانىڭ كۈنى يورۇيدۇ. بىلىپ قويسىلىكى شەنگەن پېقىرنىڭ يېقىن تۇققىنى. بىر پۇتلىرى گورگە ساڭگىلىغاندا قىز ئالىمەن دەپ رەسۋا بولغىچە تاۋۇتقا چىقىۋېلىشقا تەييارلانسىلا! (بوجاڭ مىركېرەمنى تالاغا سورەيدۇ، ئۇ تىرەجەپ تۇرۇۋالىدۇ)

مىركېرەم: ئالدىرىمىسىلا، كوزلىرىنى پاقىرتىپ تۇرۇپ، قەمبەرنىسانى چۆجە مىكيانىدەك ۋاقاقلىتىپ ئېلىپ كېتىمەن تېخى!

نىزام: ھوي كالاكومشا سەرالىق، تاڭ ئاتقىچە شەنگەن جاناپلىرى ئوزلىرىنى چاقىرتىپ قالارمىكى، ئادەملەرنىڭ نومۇسىنى كەلتۈرىدىغان ئېشەك تومشۇقلىرىنىڭ نوخلىسىنى ئېلىپ قالارمىكى تېخى؟

AltunOq

[بوجاڭ مىركېرەمنى ئىتتىرىپ ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ. مىركېرەم ئاغزى بېسىلماي سوزلەپ ماڭىدۇ]

مىركېرەم: باينىڭ گېپى يەردە قالمايدۇ. ھاكىمچىلىق يولى بار تېخى. خەپ!

— پەردە

## 4 - پەردە

[ۋاقتى: شۇ كۈنى گۈگۈم.
ئورنى: گۈلەمخاننىڭ قوروسى.
سەھنە تۈزۈلۈشى ئىككىنچى پەردىدىكىگە ئوخشاش. ئاسمانغا يېڭى ئاينىڭ ئىنچىكە ئوغىقى كوتۈرۈلگەن. گۈلەمخان بوستانلىقنىڭ يېنىدا ناخشا ئېيتىۋاتقان ھالەتتە پەردە ئېچىلىدۇ]

قەمبەرنىسا بىر گۈل ئىدىڭ،
غۇنچىلىرى ئېچىلمىغان.
يېڭى چىققان ئايغا ئوخشاش،
نۇرى تېخى چېچىلمىغان.
گۈلىڭ قېنى قەمبەرنىسا،
نۇرىڭ قېنى قەمبەرنىسا.

قەمبەرنىسا بۇلبۇل ئىدىڭ،
قاناتىڭنى كىم قايرىدى.
ئۈزۈلمەستىن كوزۈمدىن ياش،
مەندىن سېنى كىم ئايرىدى.
قارا بولدى بەختىم مېنىڭ،
سۇندى تاجىم - تەختىم مېنىڭ.

[مۇزىكا داۋاملىشىدۇ. مەرەمنىسا تالادىن يۈگرەپ كىرىپ گۈلەمخاننى يولەيدۇ]

مەرەمنىسا: بىئارام بولمىسىلا ئانا، شاكىرجان "بېشىم ئامان بولسىلا قەمبەرنىسانى خاراپ قىلغۇزمايمەن" دېدى.

[مۇزىكا كۈچىيىپ گۈلەمخاننىڭ ناخشىسى داۋاملىشىدۇ]

(ناخشا)

سەنسىز بولماس ياخشى كۈنلەر،
چاڭ سالدى دەرت - ئەلەم ماڭا.
ئاقتى چولگە كوز گوھىرىم،
ھارام بولدى ئالەم ماڭا.

سۈندى قانات قايرىلغىچە،
ئۈلەي سەندىن ئايرىلغىچە.

مەرەمنىسا: غەيرەتلىك بولسىلا، شاكىرجانلار تاپ باستۇرۇپ تاققا كەتتى، تېپىپ قايتسا ئەجەپ ئەمەس.

گۈلەمخان: رەخمىتى كەڭ ئاللا مېنى سەۋدايى قىلىپ قويامسەن؟ ئوغرىلارنى باينىڭ ئادەملىرىدىن كى دىسەم ئۈلارنىڭ تاققا قاچقىنى نىمىسى؟ بىردەمدىلا ئاقتىمۇ يوق، كوكتىمۇ يوق، ئادەممۇ، ئېزىتقۇمۇ ئۈلار؟

مەرەمنىسا: كىچىك ئاغچىمۇ مىركېرەمنىڭ ئادەملىرىدىن گۇمان قىلىپ تىك - تىڭلاۋاتىدۇ، ئۈچىرىنى ئالسىلا ماڭا خەۋەر قىلىۋەتمەكچى.

گۈلەمخان: (بىر ئاز جانلىنىپ) ئەمىسە بالام سەن كىچىك ئاغچىنىڭ يېنىدىراق بولغىن، دەم - دەرەك تاپساڭ "هايت" دەۋېتەرسەن، مەنمۇ بىللە بارايمۇ؟

مەرەمنىسا: ياق، سىلى ئۆيدىن غېرىچ نېرى قوزغالمىسىلا، شاكىرجانلار قايتىپ ئىزلەپ قالمىسۇن. مەن كەتتىم. (مەرەمنىسا چىقىدۇ، نىزام روهسىز قىياپەتتە كىرىدۇ)

نىزام: ئىش چاتاق، مىركېرەم جۇۋىسىنى تەتۈر كەيدى. قەمبەرنىسانى كورمىدىم دەپ ئېشەكتەك جاهىللىق قىلىۋاتىدۇ.

گۈلەمخان: شۇ جادىگەر كورمىسە كىم كورەتتى، بۇ تاغلاردا باشقا ئىنسان زاتى يوق، ئامالىنى قىلسىلا تەقسىر، يالغۇز قىزىمغا ۋابال بولدى. (كوز يېشى قىلىدۇ)

نىزام: ئەسكەرلەرنى ئىز قوغلاشقا ئېۋەتسەم ئالتىنچى ئاينىڭ پاقىسىدەك يوقاپ كەتتى، ئەپلەشمىسە ناهىيە بازىرىغا شىنگەننىڭ قېشىغا بېرىپ مىر كېرەمنى كېلىشتۇرۇپ بىر چاقسام بولارمىكى.

گۈلەمخان: بازار يىراق، سىلى بېرىپ شەنگەنىپە چاققىچە بۇ يەردە بولغۇلۇق يەتكىچە بولارمىكى...

نىزام: ئەمىسە هىلى ئەسكەرلىرىم قايتقاندا خەت يېزىپ شەنگەنگە ئېۋەتەي، تاڭ ئېتىشى بىلەنلا شەنگەن بۇ لامزەللىنى چاقىرتىپ تاناۋىنى قىرىق گەز تارتسۇن.

گۈلەمخان: ياق، بۇ بىر كېچە ماڭا بىر يىلدەك ئۇزۇن تۇيۇلۇۋاتىدۇ؟

نىزام: مىركېرەم ئەتراپىمىزنى ئوراپ پۈت - قولىمىزغا زەنجىر سېلىپ قويدى. مېنىڭ ئاران ئىككى ئەسكىرىم، ئۇنىڭ ئون نەچچە قۇراللىق ئادىمى، توپ - توپ قولچوماقلىرى بار (رەللە بولۇپ ئۆزىنى قويارغا جاي تاپالماي ئۇيان - بۇيان ماڭىدۇ)

گۈلەمخان: ئۇ بوينى ئۈزۈلگۈر سىلىنىڭ يۈرەكلىرىنى يۇلۇۋاتسىمۇ، كوزلىرىنى مولدىرلىتىپ قاراپ تۇراملا ئەمىسە؟

نىزام: كىكىرتىگىنىنى غاجىلاپ تاشلاي دېۋىدىم بۇ قېرى لالمىنىڭ، كاشكى يەنە تۈت يىگىتىم بولسا تۈت پۇتىنى ئاسمان تاپىلاق قىلاتتىم.

گۈلەمخان: ئىش ئادەمگىلا قاراشلىق بولسا ئادەممۇ تېپىلىدۇ، مەهەللىمىزدە شاكىرنىڭ ئاغىنىلىرى كوپ، ياردەمگە چاقىرساق بولماسمۇ؟

نىزام: شاكىرنى بېشىغا ئۇرامدىمەن، ئۇ مېنىڭ دۈشمىنىم تۇرسا...

گۈلەمخان: سىلىنىڭ ئەمەس، مىركېرەمنىڭ دۈشمىنى، ئۇ سىلى بىلەن نىمە تالاشقانتى، توخۇلىرىنى تاق، مۈشۈكلىرىنى پەش دەپ باقمىغان تۇرسا.

نىزام: ئۇغۇ شۇنداق، بىراق ھوكۇمەتچىلىكتە...

گۈلەمخان: مىركېرەم ناھەق دۈمبالىغاندا ئۇنىڭ گەژگىسىگە شاكىرنىڭ قايناقسۇ قۇيۇۋەتكەنلىك گۇنايى بار، بۇ ئىشنىڭ ھوكۇمەت بىلەن نىمە چېتىشلىقى؟ قالغان گەپلەر تۆھمەت.

نىزام: شۇنداقتىمۇ مىركېرەم ئۇنىڭ تونىنى بەك ئەپچىل پىچىپتىكەن، سوكمەكنىڭ ئۆزى بەسى مۈشكۈل.

گۈلەمخان: شاكىر مۈشكۈلدىن قورقمايدۇ. ئۇ مېنىڭ تۇققۇنۇم، مېنىڭ بېشىمغا كۈن چۈشكەننى ئۇقسا ھەرگىز قاراپ تۇرمايدۇ.

نىزام: باشقىسىنى قويۇپ تۇرۇپ، شاكىرنى تاپماقنىڭ ئۆزىمۇ ئاسان ئىش ئەمەس، نەچچە كۈن قوغلاپ يۈرۈپ بىرەر مەتەممۇ يۈزمۇ - يۈز ئۇچرىتالمىغان تۇرسام، ئۇ شەيتاندەك سىرلىق، بېلىقتەك سىلىق نىمىكەن.

[تالادىن ئاتنىڭ كىشنىشى ئاڭلىنىدۇ، ئابلەت ۋە قۇراللىق ئىككى دوستىنى ئەگەشتۈرگەن شاكىر دەرۋازا ئالدىدا پەيدا بولىدۇ]

شاكىر: ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ياخشىلار!

[نىزام ئەندىكىپ ئالاقزادىلىكتە چۈشىدۇ، گۈلەمخان سۆيۈنۈپ كېتىدۇ]

گۈلەمخان: "كىمنىڭ گېپىنى قىلسا شۇ كېلىدۇ" دىگەندەك بولدىدە!

شاكىر: نىزام جاناپلىرىنىڭ بېشىغا قايغۇلۇق كۈن چۈشكەننى ئاڭلاپ، ئىزلىتىپ ئاۋارە قىلمايلا كېلىۋەردىم.

نىزام: (ئەلپازىنى بۇزۇپ قىلىچقا قول سوزۇپ) سەن، سەن شاكىرغۇ، قۇرال تاپشۇرغىلى كەلدىڭمۇ؟

شاكىر: (ئۇنىڭ قولىنى كوتىرىپ توختاش ئىشارىسى قىلىپ) قۇرال تاپشۇرۇشقا ئالدىرىمىسىلا، بىز ياردەم بەرگىلى كەلدۇق. (ئىككى قەدەم ئالدىغا چامداپ ناخشا ئېيتىدۇ.)
(ناخشا)

ھولۇقماڭ بىرلىشىشتىن نۇر يېغىپ سىزگە سەھەر بولغاي،
ئۇنىڭسىز ئىش جاھان رەسۋالىقىدىن بەك بەتەر بولغاي.

نىزام: بەدبەخت! (تاپانچىسىنى چىقىرىپ ئىككى قەدەم كەينىگە داجىيدۇ، بىراق گۈللۈكتىن شەپىسىز چىقىپلا نىزامنىڭ كەينىدە پەيدا بولغان ئايزىم ئۇنىڭ قولىدىكى تاپانچىنى تارتىۋالىدۇ. نىزام تىركەشمەك بولغىچە شاكىرنىڭ دوستلىرى ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئۆتۈپ قىلىچلىرىنىڭ ئۇچلىرىنى بېقىنىغا تىرەيدۇ)

شاكىر: (ناخشا)

مۈشۈ مىلىتىقتا تەشكەيمەن تېخى كۆپ ئاق سۆيەكنى مەن،
چېقىلماڭ شىرغا شىرنىڭ قەھرىدىن جانغا خەتەر بولغاي.

نىزام: مەن سىنى تۇتقىلى كەلگەن ئادەم، تۇتۇشمىغا ياردەملەشكىڭ كەلسە، قۇراللىرىڭنى تاشلاپ، بېشىڭنى ئەگ، ئىگىلگەن باشنى قىلىچ كەسمەيدۇ.

شاكىر: (قاقاخلاپ كۈلۈپ) تۇتۇشقا توغرا كەلسە، سىلى مېنى ئەمەس، ھازىر مەن سىلىنى تۇتىمەن، ياخشىلىقچە...

نىزام: زاغرىسى بار، ماغدۇرى يوق ئىككى توكتوك سەرالىقىڭدىن قورقىدۇ دىمە، مەن ھەربى ئادەم، ھازىرلا ئەسكەرلىرىم كېلىدۇ. ئاڭلىمىغانمىدىڭ ئۇلارنىڭ يېيىشى ئاق نان، ئىچىشى نەق جان.

شاكىر: زاغرىچىنىڭ مۇشتۇمى زاغرىدەك قاتتىق بولىدۇ. بىزنىڭ دىخان باللىرىنىڭ يېيىشى زاغرا، ئاق نانچىلار تېرىسىدىن كەيدۇرىدۇ ناغرا، جانغا - جان كەتتى، قالغان ناغرىنىڭ ھەققىگە قۇرال تاپشۇرامىلا؟

نىزام: (دۇدۇقلاپ) ھە...ھە قانچە بولسىمۇ كەينىمىزدە ھوكۇمەت يار - يۆلەك.

شاكىر: يولۋاس تاغدا كۈچلۈك، بۆيەر مېنىڭ يۇرتۇم. شۇنداقتىمۇ مەن سىلىنى تۇتۇشنى خالىمايمەن، ئىككى بىگۇنانىڭ بىر - بىرىنى تۇتۇشنىڭ نىمە ھاجىتى؟

نىزام: ئەمىسە نىمە قىلاي دەيسەن؟

شاكىر: ھەمكارلىشايلى دەيمەن، مىركېرەم باي توھمەت چاپلاپ مېنى قاماتقان، ئەمدى قەمبەرنىسانى تارتىۋېلىپ، توھمەت چاپلاپ سىلىنى قامىتىشنىڭ كويىدا بولىۋاتىدۇ.

نىزام: قولىدىن كەلمەيدۇ.

شاكىر: رەسۋاچىلىققا ئېلىپ بارىدىغان خاتالىققا يول قويىۋاتىلا. ئۇ سامانىنىڭ تېگىدىن سۇ قويۇپ، ئىشنىڭ يېرىمىنى جوندەپ بولدى. مەن سىلىگە قىينالغان بىر چاغلىرىدا يار-دەم قىلىپ، كەڭچىلىك تاپاي دەپ يىگىتلىرىم بىلەن ئىز - ئىزلەپ قەمبەرنىسانىڭ دېرىكىنى تاپتىم.

نىزام: قانداق دېرىكىنى؟

گۈلەمخان:

شاكىر: قەمبەرنىسانى مىركېرەمنىڭ ئادەملىرى ئېلىپ قېچىپتۇ.

گۈلەمخان: نىمىشقا تاققا ئېلىپ قېچىپتۇ؟

شاكىر: ئىلان يېغىنى يىگەن مۇغەمبەر مىركېرەمنىڭ بۇ ئالداش ھېلىسى بولمامدۇ، ئۇلار قەمبەرنىسانى جىلغىدىكى بىر ئۆڭكۈردە تەييارلاپ قويغان ساندۇققا سېلىپ، كوز باغلانغاندا ئوغۇرلۇقچە مىركېرەمنىڭ قورۇسىغا ئەكېلىۋاپتۇ.

نىزام: شەيتان پۇشتىدىن تامغان خۇمسا، مەن بۇ چايانىنىڭ ئۇۋىسىنى چۇۋۇپ تاشلايمەن. (تالاغا ئېتىلماق بولىدۇ، شاكىر كۈلۈمسىرەپ ئۇنى توسۇۋالىدۇ)

شاكىر: ئۇنىڭ قورۇسىنىڭ ئىچى - تېشىنى قۇراللىق پوستلار قاتىدۇ - قات قورشاپ بولدى. سىلى ئىككى ئەسكەرلىرى بىلەن بارسىلا قاپقانغا باشچىلاپ ئۇسكەندەك بولارمىكى!
(دەرۋازا ئالدىدا مەرەمنىسا پەيدا بولۇپ گۈلەمخانغا ئىشارە قىلىدۇ)

مەرەمنىسا: گۈلەمخان ئاچا، بۇ ياقنا چىقىسلا.

شاكىر: (مەرەمنىساغا قاراپ) كېلىۋېرىدىك مەرەمنىسا، ھەممىسى ئۆز ئادەم (ئابلەتلەرگە ئىشارە قىلىدۇ، ئۇلار چىقىپ كېتىدۇ)

مەرەمنىسا: (كىرىپ) كىچىك ئاغىچىنىڭ قېشىدىن كەلدىم.

گۈلەمخان: يېڭى گەپ - سۆز باردەكمۇ؟

مەرەمنىسا: باينىڭ ئادەملىرى قەمبەرنىسانى تاغدا بىر ئايلاندۇرۇپلا، قورۇغا ئوغۇرلۇقچە ئەپكىرىۋاپتۇ. باياتىن پازىل غالچا ھېلىم سوپىنى چاقىرىپ كەلدى.

نىزام: ھېلىم سوپىنى، ھېلىقى ئايىم كاسكىنىڭ سوپەكىنمۇ؟

[ئايزىم يۈزىنى قىيا توساپ تاپانچىنى شاكىرغا بېرىپ چىقىپ كېتىدۇ، شاكىر تاپانچىنى بەلۋېغىغا قىستۇرۇۋالىدۇ]

مەرەمنىسا: شۇنداق، پازىلنىڭ ئېيتىشىچە چوڭ ئاغىچا خېنىم مىركېرەمنىڭ يەنە خوتۇن ئالىدىغانلىغىنىڭ شەپىسىنى ئېلىپلا ھوشىدىن كېتىپتىمىش، شۇڭا ھېلىم سوپىنى سۈپ - كۈچ قىلدۇرغىلى چاقىرغانىمىش.

شاكىر: ھېلىم سوپى تويلاردا ئىماملىق قىلاتتى. بۈگۈن كېچە نىكا ئوقۇيدىغان بولمىسۇن؟

مەرەمنىسا: كىچىك ئاغىچىمۇ قەمبەرنىسانى باي ئۆزىگە خۇپىيانە نىكا قىلىۋالماقچى دەۋاتىدۇ. بىر نەچچە سازەندىمۇ چاقىرغانىمىش.

نىزام: بۇ ئىشتىنىڭ بالىسى مېنى غەپلەتتە قويىماقچىكەندە تېخى! بۇ ئىش ئەتە شەنگەنىڭ ئالدىغا بارغاندىن كېيىن كېسىلمەكچى ئىدى. ھۇ، نامەرت.

گۈلەمخان: تورىلەر نامەرت كېلىدۇ.

مەرەمنىسا: بەزىمىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ھېلىقى نىزام دېگەن، دوزاقنىڭ كوسىيىدەك قارىداپ كەتسۇن دەپتىمىش تېخى.

نىزام: خەپ، ئىرىك تۇرغۇزۇپ غاجىلاپ تاشلىغىلى بولارمىدى شۇ لەقۋا كالىنى، ئۇ مېنى ۋاي - ۋايلىتىپ تۇرۇپلا بۈگۈن...

شاكىر: سىلى ۋاي - ۋايلىغىچە ئۇنى ئىنجىقلاتسىلا بولمامدۇ. مۇھەببەت ۋاپا بىلەن پەيداكارلىقنى ياخشى كورىدۇ، ئوغۇل بالىچىلىق كورسەتسىلە، بىزمۇ قويىرۇغىنىڭ ئاستىغا نوشۇدۇل تىقىشىپ بېرىمىز.

نىزام: بۇ قىساس ئىچىمگە پاتمايدۇ، ھېچ بولمىسا ئاغزىمنى بولۇشىغا قويۇپ بېرىپ مەرەزرودىپاينى بىر تىللىۋالسام...

شاكىر: قىساسنى تىلغا قارىغاندا تىغ كۈچلۈكرەك ئىپادە قىلىدۇ. بايدا سىلىنىڭمۇ، مېنىڭمۇ قىساسىم باركەن، بىرلىشىپ ئالايلى!

گۈلەمخان: شاكىرجان راس دەيدۇ، ئادەم ئادەمدىن بەھرى ئالىدۇ. ئىككىلىرىنىڭ بىرلىشىشلىرى يوللۇق، سىلەر تېخى ئۇقمايسىلەر، ئىككىلىرى ئەسلىدە تۇققان.

شاكىر:
نىزام: } نېمە دەۋاتىلا؟

Altun04

گۈلەمخان: ھازىرغىچە سىر ساقلاپ كەلدىم، ئەمدى بۇ سىرنى ئاچماي بولمىدى. (نىزامغا قاراپ) سىلىنىڭ ئانىلىرى ئەسلىدە شەنگەن جاناپلىرىنىڭ 4 - خوتۇنى ئىدى، ئۇ سىلى تېخى بوشۇكتىكى چاغدا شەنگەن تالاق قىلىۋەتكەندىن كېيىن ھازىرقى دادىلىرىغا تەككەن.

نىزام: مېنىڭ ئانام ئەسلىدە شەنگەننىڭ خوتۇنى...؟

گۈلەمخان: ھازىرقى دادىلىرى كېيىنچە يەنە بىر ئايالنى ئېلىپ بىر يىلدىن كېيىن ھامىلدار چېغىدا قوغلىۋەتكەن.

شاكىر: ئۇ ئايال كىم ئىدى؟

گۈلەمخان: ئۇ ئايالنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرى بىزنىڭ يېزىغا باغلىنىدۇ. ئۇ بىزنىڭ قىشىغىر ئىشىكلىك غىرىپ كەپىمىزدە شاكىرنى تۇغۇپلا ئالەمدىن ئۆتكەن. شاكىرنى كېيىن بىر داۋاز چوڭ قىلدى. (گۈلەمخان ئەسەدەپ گېپىنى داۋاملاشتۇرالماي قالىدۇ، ئېتەكىدە كوزىنى سۈرتىۋېتىپ ئۆيگە كىرىپ كېتىدۇ )

نىزام: ئانامنىڭ "بىز شەنگەنگە تۇققان كېلىمىز" دېگىنى شۇكەندە.

شاكىر: ئۇنداقتا بىز ئۆگەي بىر تۇققانمۇ؟

نىزام: (سۆكۈتتىن كېيىن) ياق، بۇ ئەقىلگە سىغمايدۇ.
[گۈلەمخان قولىدا ياغلىققا يوگەلگەن بىر نەرسىنى كوتىرىپ ئىشىكتىن چىقىدۇ، يوگەكنى ئاچقاندا بىر خەنجەر يالتىرايدۇ ]

گۈلەمخان: ھازىرقى دادىلىرىدىن شاكىرنىڭ ئانىسىغا تەككەن مىراس مۇشۇ پىچاقكەن. جان ئۈزەردە رەھمىتى بۇنى شاكىرغا يادىكار قىلىپ قالدۇرغانتى، بىسىغا دادىلىرىنىڭ ئىسمى ئويۇلغانكەن. ئىككىلىرى دەرقەمدە چاغدا ئىگىسىگە تاپشۇراي! (پىچاقنى شاكىرغا بېرىدۇ، شاكىر نىزاملار پىچاققا تەڭلا ئىگىشىدۇ)

گۈلەمخان: (سۆكۈتتىن كېيىن) ئانىلىرىڭلار بىر ئۆينىڭ تۇزىنى يىگەن، ھەمكارلىشىڭلار!

شاكىر: نىزام جاناپلىرى، ئادەمگە يەنىلا ياۋا بورىدەك قاراۋەرگەنلىرى ياخشىمۇ ياكى؟...

نىزام: (ناخشا)
قېرىنداشنى رەقىپ دەپ يۈرگىنىمنى بىلگىنىم ياخشى،
بۇ جەڭ مەيدانىدا ھەمكارلىشىپ بىر كۆلگىنىم ياخشى.
لېكىن غەليانچىمىش بۇ زات، داۋام يولداش بولالمايمەن،
ئۆزەمنىڭ يولىدىن تايماي كورەرىنى كورگۈنۈم ياخشى.

شاكىر: (ناخشا)
ياۋ ئىدۇق تۇققانچىلىق ئاشكارە بولدى ئاقىۋەت،
يەنە ھەركىم يولىغا پەرۋانە بولدى ئاقىۋەت.
بۇ پەلەكنىڭ سىرلىرىغا بارمىدۇ يەتكەن ئەقىل،
ئەقلى دانىش چارىگە دىۋانە بولدى ئاقىۋەت.
قوشقۇنۇمدا پەمنى قىسمەت ئالدىدا جۈرئەتكە مەن،
دۈشمىنىم ھەم تۇققۇنۇم ھەيرانە بولدى ئاقىۋەت.

نىزام: قەمبەرنىسا ئىشىدا ھەمكارلىشايلى، ئۇنىڭ ئۈيىنىغا بىر - بىرىمىزنى كورمىگەن بو-

لايلى ۋەسسالام، لېكىن باينىڭ ئادىمى كوپ، قەمبەرنىسانى بۇ يالماۋۇزنىڭ ئۇۋۇسىدىن ئەپچىقماق تازا قىيىنغا چۈشەرمىكى؟

شاكىر: قىيىن دەپ لاپچىيىپ تۇرۇۋەرسىلە، باي كېلىپ تېخى سىلىنى توخۇدەك يۇگۇزلاپمۇ كېتىدۇ. ئاسماندىكى يۇلتۇزنى قول بىلەن يۇلۇۋېلىشتەك ئېغىر ئىش بولسىمۇ قىلىش كېرەك!

نىزام: (ناخشا) يېڭىشكىلىك قىلمىغان ياخشى قارامىلىقتا بولۇر ھەمدەم،

شاكىر: (ناخشا) يېتەلمەس غەلبىگە زادى تەۋەككۇل قىلمىغان ئادەم.

نىزام: ئەمىسە قۇتۇلدۇرۇشنىڭ چارىسى قانداق بولىدىكى؟

شاكىر: باي ئوغۇرلۇقچە نىكا - بەزمىلەر بىلەنلا قەمبەرنىسانى ئەمرىگە ئېلىۋالىمەن دەپ ئوزىنى ئوزى ئالداپ تۇرسۇن. بىز باينىڭ ئادەملىرى چوڭ قوروغا توپلانغان پەيتىدىن پايدىلىنىپ، باينىڭ كونا دوڭدىكى... (نىزامنىڭ قۇلىقىغا ئالىمىنىسلەرنى پىچىرلايدۇ )

نىزام: (جانلىنىپ) لەشكىرى تىل بويىچە، بۇنى ئۇياقتىن شەپە قىلىپ بۇياقتىن زەربە بېرىش دەيمىز، ئۇگىنىۋالسىلا. (قاقاقلاپ كۇلۇپ كېتىدۇ )

شاكىر: ھەببەللى، ئادەملىرىمىز ئىككى توپقا بولۇنسۇن.

نىزام: ئەقىللىق چارە. قانچە ئادەملىرى بار؟

شاكىر: ئوتتۇر قولدەك توت يىگىت، ئوزەم بىلەن بەش.

نىزام: مېنىڭ ئىككى ئەسكىرىم، ئوزەم بىلەن ئۇچ، جەمى سەككىز بولىدىكەنمىز.

شاكىر: سىلى كونا دوڭ سەيلىسىنى، مەن باينىڭ چوڭ قورۇسىدىكى تاماشىنى زىممەمگە ئالاي، ئىشتىن كېيىن توقايلىقتا ئۇچرىشىپ قەمبەرنىسانى سىلىگە تاپشۇرىمەن.

گۇلەمخان: مىركېرەم باي ئەلەمگە چىدىماي يېرىلىپ كېتەر.

نىزام: ئولگەندىن كېيىن بولسىمۇ دۇشمەننىڭ تېرىسىدىن تاسما تىلىۋېلىش كېرەك.

شاكىر: سىلى قىزنى تاپشۇرۇۋېلىپ ناھىيە بازىرىغا قاچسىلا، مەن پۇخادىن چىققىچە قىساس ئېلىۋېلىپ ناخشامنى دوڭ توۋلاپ چولگە چاپىمەن.

نىزام: (قوشۇمىسىنى تۇرۇپ) پىلاننى ئازراق تۇزىتەيلى، كونا دوڭ سەيلىسىنى سىلى، چوڭ قورو تاماشىسىنى مەن زىممەمگە ئالاي. قەمبەرنىسا بىلەن ئۇدۇل ناھىيىگە جۈنۈمىسەم بولمايدۇ، توقايلىقتا توختىلىش لەشكىرى سەنئەتكە مۇخالىپ.

شاكىر: (ئازراق ئويلىنىۋېلىپ) ئۇنداق قىلىشقىمۇ بولىدۇ، تەييارلىقنى باشلاۋېرىمىزمۇ؟

نىزام: باشلاۋېرەيلى، ئىش پۇتكەندىن كېيىن، مەن شەنگەنگە مىر كېرەم شاكىرنى قاچۇرۇۋەتتى دەپ چېقىپلا، ئۇنىڭ توقۇمىنى تىكىمەن.

شاكىر: (نىزامنىڭ تاپانچىسىنى قايتۇرۇپ بېرىۋېتىپ، گۇلەمخانغا قاراپ باش لىڭشىتىپ قويۇپ) دىخسىراپ كوزلىرىگە ياغ تىقىلغان بۇ قارا نىيەت سۇئىقەستچىلەر ئالدىرىمىسۇن تېخى، بىز ئۇچرىشىپمۇ قالىمىز ۋە ئۇلارنىڭ بەختى قارا بولىدۇ!

— پەردە

## 5 - پەردە

[ۋاقتى: تۈن نىسپى.
ئورنى: مىركېرەم باينىڭ قورۇسى.
ئوڭدا تۈۋرۈكلىرى نەقىشلىنىپ، قېدىمىي نۇسقىدا سېلىنغان پېشايۋان - سۇپىلىق ھە-
شەمەتلىك ئۆي، ئۆينىڭ تېمىدىن باشلانغان ۋادەك، باغ بىلەن قورۇنى ئايرىپ تۇرۇ-
دۇ. يىراقتا گۈمبەز قۇببىلىرى ۋە ئاسماندىكى شالاڭ يۇلتۇزلار خىرە كۆرۈنۈپ تۇ-
رىدۇ. كىيىملىرى يىرتىلىپ، يۈز - كۆزلىرى جاراھەتلەنگەن قەمبەرنىسانى بىر نەچ-
چە يەڭگە قوروغا ئېلىپ كىرىۋاتقاندا پەردە ئېچىلىدۇ ]

قەمبەرنىسا: (ناخشا) قازانى دەيمۇ ۋە يا زومىگەر جاپاسىنىمۇ،
بۇ دەردۇ - غەم ئەلەمىم دەيمۇ، يار ۋاپاسىنىمۇ؟
زامانە زۇلمىن بىر - بىر ساڭا بايان قىلايىن،
كوڭۇلدە ھىجرى ئوتىنىڭ ئىزى - ياراسىنىمۇ.
بۇ كوكنى باستى تۇمان، يۇلتۇزۇم كورۇنمىدى ھىچ،
ئۇمىت ۋە ئارزۇنى دەيمۇ، پەلەك بالاسىنىمۇ.

(قەمبەرنىسا يەڭگىلەر ھەمرالىغىدا ئۆيگە كىرىپ كېتىدۇ. تالادىن بوجاڭ قاتارلىق
يۇرت چوڭلىرىنى باشلاپ مىركېرەم كىرىدۇ )

مىركېرەم: خوش، خوش قېنى ئۆيگە مەرھەمەت!
بوجاڭ: ياز كېچىسى ئەمەسمۇ، مۇشۇ سالقىندا ئولتۇرايلۇق، قېنى ھېلىم سوپى سۇپىغا!
مىركېرەم: ھەي دىدەكلەر، كورپە - چۈشەك ئەپچىقىڭلار!
[دىدەكلەر چىقىپ كورپىلەرنى سېلىشقا باشلايدۇ ]
ھېلىم سوپى: قەمبەرنىسانىڭ ئىشىدا خېلى خاپىچىلىق بولغان ئوخشىمامدۇ؟
خوجىدار: بىز ئاغچىلارنىڭ باش ئاغرىتىشىدىن قورقساق نىزام دىگەن زەيپانە ئۇ-ۋلاردىن ئې-
شىپ چۈشتى.
مىركېرەم: (ئوڭ قولىنى قېلىچ چاپقاندەك شىلتاپ) قويسـىلا بۇ قارا لايغا چۈشۈپ كەتكەن
شال تاغرىنى، قارنىنى يېرىپ ئۇچەي - باغرىنى ساڭگىلىتىپ قوياي دىۋىدىم.
بوجاڭ: باي خوجامنىڭ لەقىمىگە يارىشا مۇڭگۈزى بار جۇمۇسلا. (كۈلكە)
مىركېرەم: بۇ گورىدىن تۇڭگۈز قوپقۇرنىڭ تاۋغىمىزغا تۇمشۇغىنى تىقماق بولغىنىنى دىمەملا،
مەن بىلەن قىز تالىشارمىش، مەن كىم، ئۇ كىم، ئەقلى كورنىڭ كوزىمۇ كور بولىدى-
كەن، بىرگەندە قوڭغۇزى ئوزىنى يولۋاس چاغلاپ ئۇلۇغلۇق تالىشىدۇ تېخى...
خوجىدار: بۇ سالپاڭ قۇلاق توڭگە تاپان خۇدالىق داۋاسى قىلىشتىنمۇ يانمايدۇ.
ھېلىم سوپى: قەمبەرنىساغا خام تاما بولۇپ يۈرۈپتۇ - دە؟!
بوجاڭ: لوقمىنى ئوزىمۇ يىيەلمەي، باشقىلارغىمۇ يېگۈزمەيدىغـان بىر ئىت بولمـامدۇ، مـانا
ئەمدى ئىچى ئاداپ كەتسۇن.

مىر كېرەم: باياتىن تۇتۇۋالمىغان بولسىلا، قولۇمنى جەينىگىمگىچە تىقىپ، ئاغزىنى لازا ئالغان خالتىدەك تېشىغا ئورىۋېتەتتىم. (كۈلكە)

[دىدەكلەر كىرىپ كېتىدۇ، مېھمانلار ”قېنى، قېنى“ دىيىشىپ سۇپىغا چىقىدۇ ]

خوجىدار: ئاۋارىچىلىقنى تۈگىتەيلى دەپ بۈگۈن كېچىدىلا توت ئادەمنى چاقىرىپ ”بىر قوشۇق سۇ بىلەن“ نىكا قىلىۋېتەيلى دىيىشتۇق.

ھېلىم سوپى: بۇ نىزام دىگىنىڭلار گېپى سېسىق، كوڭلىمۇ چىرايىدەك قاپقارا بىر تايىپكەن.

بوجاڭ: تويدىن كېيىن شەنگەننىڭ ئالدىدىن بىر ئوتۇپ قويساقلا بولىدى، باي شەنگەننىڭ كوڭلىنى ئېلىشقا، پېقىر چىقىشىغا ئۇستا.

مىركېرەم: ھوي، ئايىمخان قېنى؟ چاقىرىڭلار، ئۇ مەزلۇملەرگە باش بولسۇن.

[ئەلنەغمىچىلەر كىرىپ، ئۇلار بىلەن سالاملىشىدۇ]

خوجىدار: (ئورنىدىن تۇرۇپ) كېلىشىسىلە، يۇقۇرى چىقىشىسىلا.

[ئەلنەغمىچىلەر ”خوش، خوش“ دىيىشىپ ئابرويلىرىغا لايىق جايلارغا ئولتۇرىشىدۇ. داستىخان تارتىلىپ مەزە، مېۋىلەر كەلتۇرۇلىدۇ ]

خوجىدار: يۇرت تەقۋادارلىرىنى مۇبارەكبات قەدەم تەشرىپ قىلغۇزىشىمىز باي ئاتىمىزغا مۇجەسسى ئىپپەت بولغان بىر رەپىقە تارتتۇق قىلىش ئۈچۈندۇر.

ھېلىم سوپى: قەمبەرنىسا بىلەن باي غوجامنىڭ يۇلتۇزلىرى تازا توغرا كەپتۇ.

مىر كېرەم: لېكىن قەمبەرنىسا ئازراق تەخەشلىك قىلىۋاتىدۇ. بۇرادەر كېرەملىرى كوندۇرۇشكە سەئيي ھەم ھەركەت قىلارلا.

ھېلىم سوپى: بىلگەن ئەپلەپ سوزلەيدۇ، بىلمىگەن كەپلەپ. خۇدا خالىسا تىرىشچانلىغىمىزنى ئايىمايمىز.

[ئويدىن بىر يەڭگە يۈگرەپ چىقىدۇ]

يەڭگە: باي ئاتا، قەمبەرنىسا بۇنداق ئەرگە تەككىچە يەرگە تېگىمەن دەپ ئوزىنى يەرگە ئېتىۋەتتى.

مىركېرەم: (غەزەپ بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىدۇ) ھۇ، يەر ژۇتقۇر مۇتىھەم گادايىنىڭ قىزى.

بوجاڭ: چېچىلماي ئولتۇرىۋالسىلا باي غوجام، كولدە غاز بولىدۇ، قىزدا ناز بولىدۇ، بۇنىڭ ئەجەپلىنىدىغان نىمىسى بار؟

ھېلىم سوپى: قىز بالا ئەرگە تەككىسى كەلگەندىمۇ يىغلايدۇ، تويى بولىۋاتقاندا ئوز خوشاللىغىدىن ئوزى قورقۇپمۇ يىغلايدۇ.

ئايىمخان: (ئىرقى سۇپىدىن بوينىنى سوزۇپ) ئۇ جۇۋاينىمەك كەتكۇر... ھەي، ”ئىتنىڭ بېشى تەخسىدە توختىماس“ دىگىنى شۇ دىسىلە.

بوجاڭ: ھاي، بۇنىڭ تىزگىنىنى... (ئايىمخانغا كوز قىسىپ بۇرنىنى تولغايدۇ)

ھېلىم سوپى: بۇنداق مۇبارەك كۈندە نەغمە - ناۋا بىلەن كوڭۇل ئېچىش كېرەك.

[مىركېرەم تەستىقلاپ باش لىڭشىتىدۇ]

خوجىدار: قېنى ئوت چىقىرىۋېتىڭلار سازەندىلەر... (سازەندىلەر ئاتۇش سەنىمىگە چالىدۇ، بوجاڭ

ئۇسۇلغا چۈشىدۇ، ھېلىم سوپى دوس تارتىدۇ)
كورگىلى كەلدىڭلىمۇ،
كويدۇرگىلى كەلدىڭلىمۇ؟
يېنىپ ئوچكەن ئوتلىمنى،
ياندۇرغىلى كەلدىڭلىمۇ؟!

يەردىم بىلەن ئىككىمىز،
بىر مەلىدە چوڭ بولغان.
باشتا ۋەدىسىز شۇنداق،
ئايرىلماسقا دوست بولغان.

(بوجاڭ ئۇسۇلدىن توختايدۇ)

ئايىمخان: "توگە ئۇسۇلغا چۈشسە يەتتە تاختا قوغۇننى بۇزۇۋېتۇ" دىگىنى راسكەن جۇمۇكـــلار، ۋىيەي بۇ، بوجىڭىمىزنىڭ چامداشلىرىدىن ئورگۈلەي، بوغرىســـى تۇتقان نار توگىگـــە ئوخشايدۇ.

ھېلىم سوپى: ۋاي خوتۇن، تەقسىرنى ئەيىپلىگىچە ئوزەڭلا بىر چۈشسەڭلا بولمامدۇ؟!

ئايىمخان: (نېرقى سۇپىدىكى ئايالالارغا) ھەي، ئاجىزەلەر قاراپ تۇرماي چاۋاك چېلىشمامىلا! (ئايىمخان ئۇسۇلغا چۈشىدۇ، ئايالالار سازغا تەڭكەش قىلىپ چـاۋاك چالىدۇ)
قارا ـ قارا قاشلىرىڭغا قاتسا كۆچۈ مېنى،
قارا قاشنىڭ بازاردا ساتساكچۇ مېنى.
قارا قاشنىڭ بازاردا ئالمىسا ئەگەر،
كىرپىكىڭنى ئوقىيا قىلىپ ئاتساكچۇ مېنى.

بوجاڭ: (ئايىمخانغا قاراپ تىلىنى چاكىلدىتىپ) بويىنى تولغىغاندا يۈزى ئون توت كۈنلـــۈك ئاينىڭ سۇغا چۈشكەن شولىسىدەك بولۇپ كېتىدۇ دىسە، ئەستاغپۇرۇللا بۇ كوچار سەتىڭنىڭ...

ھېلىم سوپى: ھوي، خوجىدار بۇ ياققا قارىسىلا، قىز ئالدىغا ۋەكىل كىرگۈزمەيلىمۇ؟

خوجىدار: پازىل، ھەي ياغاچقۇلاق!

ئايىمخان: (ئۇسۇلدىن توختاپ) ئۇ پايتىمىسىنى تەتۇر يوگىگەن بېشىڭنى يىگـۇر ھىلى قازان بېشىدا بۇسلىشىپ يۈرەتتى، ھەي پازىل! (ئوي تەرەپكە تەمشىلىدۇ)

پازىل: (ئىشىكتىن چىقىپ قولىدىكى غاجاۋاتقان سوڭىكىنى تاشلىۋېتىپ) شۇ، شۇ، لەببەي خېنىم، لەببەي!

خوجىدار: كەچ بازاردىن قايتقان ئىنەكتەك گېلىڭنىڭ تېرىسىنى لوپۇلدىتىپ ئاران چامدايسەنغۇ، نەگە يوقالدىڭ؟

پازىل: شۇ، شۇ، سىلى باياتىن ئولسەڭمۇ ھېلىم سوپىنى تاپ دىگەنتىلە، مانا مەن ئولـــەي تېپىپ كەلدىم.

خوجىدار: بول ھازىر قىزنىڭ ئالدىغا ۋەكىللىكىكە كىرىسەن.

پازىل: شۇ، شۇ، تاشقارقى ئۆيدە ئاڭلاپ قالدىم، قىز ئۆلسەممۇ تەگمەيمەن دەپ يىغلىدى. شۇ، شۇ، چىشىنىڭ ئىقىنى كورسەتمىدى.

مىركېرەم: (غەزەپلىنىپ) ھەي سوكەككە دۆم چۈشىدىغان ئاچكوز ئۇلۇمتۇك، ئاغزىڭدىن چىققان گېپىڭنى قۇلۇغۇڭ ئاڭلاۋاتامدۇ؟

پازىل: شۇ، شۇ، سوغۇم ئېشىپ قاپتىكەن، ئاڭلىماي قالدى تەقسىر، ئىسسىقلىق قىلىپ سوكەك غا جىلىغان.

ئايىمخان: بۇ دەلدۈش دەۋىرىدۇ، چىشىنىڭ ئىقىنى كورسەتمىگەن تالاي قىزنى كورگەنمىز، ھوجرىغا كىرگەندە ئىرىگە ھەشقىپىچەكتەك چىرمىشىپ كېتىدۇ تېخى.

پازىل: (تىلىنى چاكىلدىتىپ) شۇ، شۇ، مەيدىسىغۇ چىلگىدەك قىزكەن...

بوجاڭ: تىلىڭنى تارت، بولمىسا تىلىڭغا ماڭقاڭ چاپلىشىپ قالىدۇ.

پازىل: (غۇدۇراپ بۇرنىنى يېڭىدە سۈرتىدۇ) شۇ، شۇ، چاپلاشقان ئوخشايدۇ، ھىلىى تىلىم قىچىشقانىدەك قىلىۋىدى.

مىركېرەم: ۋەكىلىلىكنى قاملاشتۇرالامسەن؟

پازىل: (قەدىمىنى رۇسلاپ ئۇڭ قولىنى ئالدىغا چىقىرىپ) "كەھ" دەپلا قولىرىغا قوندۇرىمەن دىسىلە.

مىركېرەم: تىلىڭنى چاينىساڭ ئاناڭدىن ئەمگەن سۈتۈڭنى بۇرنىڭدىن بۇلاق قىلىمەن.

خوجىدار: قىز ئاتىسى بوجاڭ، ئوغۇل ئاتىسى مەن بولاي، ماڭ پازىل قىزنىڭ ئالدىغا كىرىپ چىققىن!

پازىل: شۇ، شۇ، توت پۇتلۇق بولۇپ كىرىمىز دىسىلە. (ئۆيگە كىرىپ كېتىدۇ، ئاياللار تەرەپتە بوغجىسا ئېچىلىدۇ. ئەرلەر تەرەپتە مەزە يىغىشتۇرۇلۇپ پولا تارتىلىدۇ)

ئايىمخان: بوغجىمىنى بۇۋىم ئاچسا بولاتتى، بۇگۈن ئۇ بولمىغاچقا ئوزەم ئاچاي، (كوپچىلىك ماقۇللايدۇ)

ئايىمخان: بىسىمىللا، مانا بۇ ئەتلەس كوينىكىكەن، ماۋۇ قاما تۇمىقى، بۇ خۇرۇم كەشىسى، ماۋۇ دۇخاۋا كەمزۇلى، قالدىسىنى باي ئاتىمىز كېيىن ئېلىپ بەرمەكچى، بۇ ئىگىنلىرىنى كىيىشكە نىسىپ قىلسۇن، قېنى دۇئا قىلايلى ئامىن!،

پازىل: (دوڭغاقلىغان پېتى ئۆيدىن چىقىپ) شۇ، شۇ، تەقسىرلەر، مەن گۇۋالىق بېرىمەنكى، قەمبەرنىسا.. ئوز ئاغزى بىلەن بوجاڭنى ئاتا تۇتۇپ ئوزىنى شۇ، شۇ، باي ئاتىمىزغا نىكايى مۇتلەق قىلىشقا رازى بولدى.

خوجىدار: ئەمدى چىقىپ دەرۋازا - يوللارغا كوز - قۇلاق بول، يات ئادەم يولۇقمىسۇن!

پازىل: شۇ، شۇ، جىنىمۇ يولاتمايمىز دىسىلە. (يۇگرەپ چىقىپ كېتىدۇ)

خوجىدار: نىكانى باشىسىلا سوپۇم!

ھېلىم سوپى: ئەئۇزى بىللاھىمىنەش، شەيتانىررەجىم، بىسىمىللاھى رەخمانىررەھىم، سىزكى بوجاڭ...

[تالادا "ئوت كەتتى، ۋاي ئوت كەتتى" دىگەن چۇقان كوتىرىلىپ غالچىلارنىڭ يۈگ

رىگەن قەدەم ئاۋازلىرى ئاڭلىنىدۇ، دەرۋازىدىن پازىل يۈگرەپ كىرىدۇ]

پازىل: شۇ، شۇ، ئوت كەتتى تەقسىرلەر، كونا دوكىدىكى ئامبارغا ئوت كەتتى!

[يىراقتا لاۋۇلدىغان ئوت يالقۇنى كورىنىپ، بارغانسېرى يۇقۇرىغا كوتۇرۇلىدۇ]

مىركېرەم: ئوت ... ۋاي مېنىڭ ئامبىرىم، ۋاي گورۇم كويدى، بولۇڭلار، ئوچۇرۇڭلار!

[قىيا - چىيا كوتىرىلىدۇ، ئاياللار چىقىرىشىپ كېتىدۇ، مىركېرەم داستىخاندىكى لىگەننى دەسسەپ ئوتۇپ، ئوزىنى دەرۋازىغا ئۇرىدۇ. كىشىلەر بىر - بىرىنى ئىتتىرىشىپ، ئولەر - تىرىلىشىگە قارىماي تالاغا يۈگرۈشىدۇ. بىردەمدىلا چۇقان يىراقلىشىپ قورو ئىچى بوشاپ قالىدۇ...

باغدىكى گۈللەر ئارىسىدىن نىزامنىڭ بېشى كورۇنىدۇ. ئۇ ۋادەككە يېقىنلاپ كېلىپ قوروغا نەزەر سالىدۇ - دە، كەينىگە بۇرۇلۇپ خورازچىلاپ قىچقىرىدۇ. باغنىڭ ئىچكىرىسىدىن مىكيانلارنىڭ قاقاقلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ ئىككى ئەسكەر پەيدا بولىدۇ، ئۇلار ۋادەكتىن سەكرەپ قوروغا ئوتۇپ ئويگە يېقىنلىشىدۇ]

نىزام: (پەس ئاۋازدا) ھوي يەڭگىلەر، بۇياققا چىقىڭلار!

[ئويدىن ئىككى يەڭگە چىقىدۇ. نىزاملار ئۇلارنىڭ باش كوزىنى پۈركەپ يىقىتىدۇ. ساقچىلار ئويگە باستۇرۇپ كىرىپ قەمبەرنىسانى ئەپچىقىدۇ. ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئايىمخان ۋاقىراپ چىقىدۇ]

ئايىمخان: قەمبەرنىسانى بۇلاپ كەتتى، ۋاي ئېلىپ قاچتى!...

[نىزام "كاسىلدىما ھازازۇل جەددال!" دەپ قىلىچىنىڭ كەينى بىلەن بىر ئۇرۇپ ئايىمخاننى يەرگە چاپلىشۋېتىدۇ]

نىزام: (قەمبەرنىساغا) جۇرۇڭ، چاپسان بولۇڭ!

قەمبەرنىسا: نەگە؟

نىزام: سىزنى قۇتۇلدۇرغىلى كەلدۇق، باغنىڭ كەينىدە ئاتلار تەييار، مىنىپلا بازارغا قاچىمىز!

قەمبەرنىسا: باينىڭ ئادەملىرى قوغلىمامدۇ؟

نىزام: ئۇلارنى شاكىر ئاغىنىلىرى بىلەن بىللە يىغىشتۇرىۋالىدۇ، بولۇڭ!

قەمبەرنىسا: ئەمىسە شاكىرلار بىلەن بىللە قاچايلى.

نىزام: ئۇلار كونا دوكدە ئامبارغا ئوت قويىۋاتىدۇ، كارىڭىز بولمىسۇن.

قەمبەرنىسا: كەلسۇن، ھىچبولمىسا ھەشقاللا، دەپ قوياي، ئالدىرىغانلار كەشىسىنى قولتۇقلاۋەرسە يول ئوچۇق.

نىزام: ساراڭلىق قىلماڭ، ھېلى باينىڭ ئىتلىرى كېلىپ قالىدۇ. (قەمبەرنىساغا قول ئۇزىتىدۇ)

قەمبەرنىسا: (سىلكىپ) ھاي، سىلىنىڭ قوللىرى بەدىنىمگە تېگىشكە ئەرزىمەيدۇ.

نىزام: جېنىم، مەن سىزنى ياخشى كورىمەن.

قەمبەرنىسا: مەن سىلىدىن يىرگىنىمەن، شاكىر كەلسۇنچۇ...

نىزام: شاكىرمۇ سىزنى ئېلىشىمغا ياردەملىشىۋاتىدۇ. مەن ئۇنىڭغا كەڭچىلىك قىلماقچى.

قەمبەرنىسا: بۇ سىلىگە شۇنداق تۇيۇلىدۇ. شاكىر ئوغۇل بالا، بىزنىڭ يۇرتتا ئوغۇل بالا ئوز يا-

رىنى باشقىلارغا ئۆتىنىپ بەرمەيدۇ.

نىزام: ئەندى باينىڭ ئورنىغا شاكىرنى بانا قىلىپ كولدۇرلاتماقچىمۇ؟ بۇ سەن بىلەن لاتا چاينىشىپ ئولتۇرىدىغان جاي ئەمەس، باغلاڭلار بۇنى!

[قەمبەرنىساغا ئېتىلىدۇ، ئۇنىڭ قارشىلىق قىلغىنىغىمۇ قارىماي ئەسكەرلەرنىڭ ياردىمىدە قوللىرىنى كەينىگە قايرىپ باغلاپ باققا سورەپ ماڭىدۇ.

يېقىلىپ ياتقان يەڭگىلەرنىڭ بىرسى بوشىنىپ دەرۋازىغا ئوزىنى ئاتىدۇ. ئىككىنچىسى ئايىمخاننى يولەپ تۇرغۇزۇپ تالاغا ئېلىپ ماڭىدۇ، دەرۋازىدىن پازىل قاتارلىق بەش غالچىنى ئەگەشتۇرۇپ مىركېرەم كىرىدۇ]

ئايىمخان: ئې ... ئېلىپ قاچتى مېنى كاسكا دەپ ئۇردى. كاساداسام ئوزەمنىڭ ئاغزى تۇرسا...

مىركېرەم: كاسىلداۋەرمەي، ئېيتساڭچۇ، كىمنى كىم ئېلىپ قاچتى؟

ئايىمخان: قەمبەرنىسانى نىزام باققا شۇ... (باغ تەرەپنى كورسىتىپ هوشىدىن كېتىدۇ. يەڭگە ئۇنى سورەپ چىقىپ كېتىدۇ)

مىركېرەم: (باغنى ئىشارە قىلىپ) قوغلاڭلار بۇ ئوغرىلارنى! (بىر غالچى ۋادەككە قاراپ يۈگۈرەپ باغدىكى نىزامنىڭ ئاتقان ئوقىدىن تىك موللاق چۈشىدۇ. مىركېرەم دەرۋازا كەينىگە مۆكىنىۋېلىپ باققا قارىتىپ تاپانچا ئاتىدۇ. غالچىلار تالادىكى يول بىلەن باققا باستۇرۇپ كىرىدۇ. باغدا قىلىچۋازلىق باشلىنىدۇ. ئۇلار قىلىچلىشىپ چېكىنىپ قوروغا قايتا كىرىدۇ. نىزام بىر غالچىنى ئولتۇرىدۇ. مىركېرەم ئۇنىڭغا تاپانچىسىنى تەڭلەيدۇ، بىراق تاپانچا پىستان چاققانلىقتىن ئۇنى قوينىغا تىقىپ قىلىچىنى سۇغۇرۇپ نىزامغا تاشلىنىدۇ.)

مىركېرەم: سەن كاللا كېسەرنى كىم بۇ يەرگە چاقىرىپتۇ؟

نىزام: هوي، قېرى ساراڭ كاللا، مەرگەننى ئوۋ قىچارمايدۇ، ئوۋغا مەرگەن ئوزى بارىدۇ.

مىركېرەم: سېنى تىرىك چىقىرىۋەتسەم ئاتامنىڭ بالىسى بولماي كېتەي! (نىزامغا قىلىچ ئۇرىدۇ)

نىزام: (زەربىنى قايتۇرۇپ تۇرۇپ) جەڭدە سوڭگى قاتقان جەڭچىمەن، پىشانەڭگە شەرمەندىلىك تامغىسىنى باسىمەن.

[ئىككىسى قىلىچلىشىدۇ، مىركېرەم بەرداشلىق بېرەلمىگەندە بىر غالچا ياردەمگە كېلىدۇ. مىركېرەم ئەپچىللىك بىلەن ئوزىنى چەتكە ئېلىۋالىدۇ. بىر قولىغا قەمبەرنىسا باغلاقلىق تانىنىڭ ئۇچىنى يوگەپ، بىر قولىدا پازىل بىلەن قىلىچلىشىۋاتقان ئەسكەرنى بايقاپ قېلىپ ئۇنىڭغا تاشلىنىپ ئاغامچىنى كېسىۋېتىدۇ. قەمبەرنىسا قولى يېشىلگەن هامان باققا قاچىدۇ، مىركېرەم ئۇنىڭ بېلىگىگە ئېسىلىدۇ. قەمبەرنىسا كەينىگە بۇرۇلۇپلا مىركېرەمگە كاچات سالىدۇ، ئەسكەر پازىلنى تاشلاپ مىركېرەمگە ئېتىلىپ ئىككىسى تۇتىشىپ كېتىدۇ. قەمبەرنىسا چېچىنى كەينىگە تۇرۇپلا ۋادەكنىڭ بوشاپ قالغان قوزىغىنى سۇغۇرىۋېلىپ ئۇدۇل كەلگەن غالچىنى بېشىغا ئۇرۇپ يىقىتىدۇ. قەمبەرنىسا پازىلغا تاشلىنىدۇ، پازىل قاچىدۇ. قىز كالتەكنى ئېتىپ پازىلنى يىقىتىدۇ، بىراق ئۇ يەنە دوڭغا قلاپ قوپىدۇ. يىقىلغان ئەسكەرنى قىلىچ سانچىپ ئولتۇرىۋاتقان مىركېرەم

پازىلغا ۋاقىرايدۇ)

مىركېرەم: قاچما نامەرت!

پازىل: شۇ، شۇ، نامەرت بولسامىۇ ساق قالاي!

[نىزام غالىچىنى ئۆلتۈرىدۇ. ئاندىن مىركېرەمنى يىقىتىپ ئۇنىڭغا قىلىچ سانچىيدۇ. مىركېرەم يەردە ئۇيان - بۇيان يۇمۇلاپ ئۆزىگە قىلىچ تەككۈزمەيۋېتىپ ۋاقىرايدۇ]

مىركېرەم: قېنى سەن ھەي قولتۇق تايىقى، ھەي پازىل!

پازىل: شۇ، شۇ، تەقسىر، يىقىلغانلىرىدا قولتۇق تايىقىنى نىمە قىلىلا.. (سىرتقا قېچىپ چىقىپ كېتىدۇ)

[مىركېرەم تۈگىلىپ بىرلا سەكرەپ ئورنىدىن تۇرىدۇ، لېكىن شۇ ئەسنادا نىزام قىلىچىنى ئۇنىڭ بېقىنىغا تىقىۋېتىدۇ]

نىزام: قېرى كالىغا پىچاق خوشيا قىدۇ! (قىلىچىنى سۇغۇرۇۋالايدۇ، مىركېرەم سىلكىنىپ جان بېرىدۇ. قەمبەرنىسا يەنە باغ تەرەپكە يۈگرەيدۇ. نىزام قوغلايدۇ، بۇ ئارىلىقتا 2 - ئەسكەر ئاخىرقى غالىچىنى ئۆلتۈرىدۇ. نىزام قەمبەرنىساغا يېتىشىۋېلىپ چېچىدىن تۇتۇپ، بېشىنى كەينىگە قايرىيدۇ)

نىزام: قارا، دۈشمەنلىرىڭنىڭ يېتىشىنى! ئەمدى قاچما، باتۇرلۇغۇم ئۈچۈن بىرنى سۆيۈپ قوي!

قەمبەرنىسا: سۆيىمەيمەن، سويۇپ تاشلايمەن! (نىزامغا پىچاق ئۇرىدۇ، نىزام ئۆزىنى قاچۇرۇۋاتقاندا پىچاق يىڭىنى يىرتىۋېتىدۇ)

نىزام: باتۇر قىز، پىچاقنى تاشلا! (ناخشا ئېيتىدۇ.)

قايتىلاپ ئەرزىمنى ئېيتسام ئۇشبۇ مەيدان ئالدىدا،
تولغىما بوينىڭنى يار مەندەك قەدىردان ئالدىدا.
سەن ئۈچۈن دۈشمەنلىشىپ ئۇردۇم قىلىچ دوستلارغا مەن،
بىۋاپالىق قىلما، ئاققان بۇنچىلا قان ئالدىدا.

قەمبەرنىسا: (ناخشا)

كوڭۇل سويگەن نىگارىم بار، كوڭۇلگە پادىشا ۋىجدان،
رىزامەن شۇ مۇھەببەت يولىدا ئۇلسەم كورۇپ ھىجران.
رەزىل باي قەسلىدى يارنى، قازا چۈشتى بېشىمغا ھەم،
ماڭا چاڭ سالدى باي، سەنمۇ چىپىلدىڭ قىلغىلى ۋەيران.
مېنى ئۇلجا بىلىپ ئىنتەك تالاشتىڭلار ئۇقۇپ قويغىن!
ۋاپانىڭ ئەھلىمەن شاكىرغا مەنسۇپ چىقسا گەر بۇ جان.

[ئەسكەر قەمبەرنىساغا تاشلىنىپ پىچاق يەپ يىقىلىدۇ. نىزام شاققىدە قىزنىڭ كەينىگە ئوتىۋېلىپ ئۇنى دۈمبىسىدىن قۇچاقلىۋالىدۇ، قەمبەرنىسا كەينىگە قارىتىپ نىزامنىڭ قوسىغىغا پىچاق ئۇرىدۇ، نىزام پىچاقنىڭ بەننى بىسقىمداپ قېلىپ ئالقىنى تىلىنىپ كېتىدۇ، ئۇ قولىدىكى قانىنى سۈرتكىچە، قەمبەرنىسا يۈگرۈپ بېرىپ ۋادەككە يامىشىدۇ. نىزام ئوق چىقىرىدۇ. قەمبەرنىسا ۋادەكتىن قورونىڭ ئىچىگە يۇمۇلاپ چۈشىدۇ.

دەرۋازىدىن ئايىزىم يۈگرۈپ كىرىپ "ۋايجان!" دەپ ۋاقىرىغىنىچە قەمبەرنىساغا تاشلىنىدۇ. نىزام ئۇنىڭغا قارىتىپ تاپانچىسىنى كوتەرگەندە، دەرۋازىدىن ۋاقىراپ شاكىر كىرىدۇ]

شاكىر: تارت قولۇڭنى يىرتقۇچ ھايۋان!

[نىزام بۇرۇلۇپلا شاكىرغا ئوق ئاتىدۇ. شاكىر ئىگىشىۋېلىپ ئوق ئوتۇپ كېتىدۇ. نىزام ئىككىنچى قېتىم چەنلەپ ئاتىدۇ، بىراق بۇ چاغدا ئايىزىم يېپىنچاقلىۋالغان كەمزۇلنى ئارقا تەرەپتىن پىقىرىتىپ ئاتىدۇ، كەمزۇل نىزامنىڭ بېشىغا يوگىلىپ قېلىپ ئوق ھاۋاغا ئوچىدۇ. ئەسكەر شاكىرغا تاشلىنىدۇ، شاكىر قىلىچى بىلەن بىر ئۇرۇپلا ئەسكەرنى چېپىۋېتىدۇ. نىزام كەمزۇلنى چورىۋېتىپ تاپانچىدا ئايىزىمنى ئاتىدۇ. ئايىزىم يىقىلىدۇ، نىزام شاكىرنى ئاتىدۇ. بىراق ئومۇلەپ كېلىپ قالغان قەمبەرنىسا پۈتۈن كۈچى بىلەن نىزامنىڭ پۈتىدىن تارتقاچقا ئوق ھاۋاغا كېتىپ، نىزام مۇدۇرۇپ يىقىلىدۇ. قولىدا يەرنى تىرىۋېلىپ، بىر سەكرەپلا ئورنىدىن تۇرۇپ تاپانچىسىنى يەنە كوتىرىدۇ. لېكىن شاكىرنىڭ بىر پەشۋاسىدا تاپانچا يىراققا ئۇچۇپ كېتىدۇ. شاكىر قىلىچىنى ئۇنىڭ كوكسىگە تەڭلەپ قىستاپ كېلىدۇ]

شاكىر: قانخور ھايۋان!

نىزام: (يالۋۇرۇپ كەينىگە داجىپ) تۇققانچىلىغىمىزنى ئۇنتۇمىسىلا شاكىرجان، بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەيمەن!

نىزام: (چېكىنىۋېتىپ پۇتىغا ئۇرۇلغان ئولگەن ئەسكەرنىڭ قىلىچىنى بىر ئىگىشىپلا قولىغا ئېلىۋېلىپ شاكىرغا ئېتىلىدۇ) مەككار غەليانچى، جېنىڭنى جەھەننەمگە يوللايمەن.

[ئىككىسى قىلىچلىشىدۇ، قاتتىق قىلىچۋازلىق داۋامىدا شاكىر نىزامنىڭ قىلىچىنى ئۇرۇپ يەرگە چۈشۈرۈپ ئۈستىگە دەسسىۋالىدۇ. نىزام كەينىگە داجىپ خەنجىرىنى چىقىرىدۇ]

نىزام: مەرت بولساڭ قىلىچنى تاشلا!

[شاكىر ئىگىشىپلا يەردىكى قىلىچنى ئېلىپ ئۆزىنىڭكى بىلەن بىللە قوشۇپ كەينىگە چورۇۋېتىپ، گۈلەمخان بەرگەن خەنجەرنى غىلاپتىن سوغۇرىدۇ. نىزام چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ ئۇنىڭغا تاشلىنىدۇ. شىددەتلىك خەنجەرلىشىشتىن كېيىن شاكىر نىزامنى ئولتۇرىدۇ. دەرۋازىدىن ئابلەت باشچىلىغىدىكى يىگىتلەر يۈگرەپ كىرىشىدۇ. شاكىر قەمبەرنىسانى يولەپ بېشىنى مەيدىسىگە قويىدۇ]

ئابلەت: كېچىكىپتۇق شاكىر كەچۈر!

شاكىر: قەمبەرنىسا، كوزىڭىزنى ئاچسىڭىزچۇ، تولۇن ئېيىم!

گۈلەمخان: (كىرىپ قەمبەرنىساغا تاشلىنىدۇ) ۋاي بالام يۈرەك پارەم، ئون گۈلۈڭنىڭ بىرىنىمۇ ئېچىلدۇرماي توزۇتتىمۇ بۇ ۋاپاسىز ئالەم!

قەمبەرنىسا: (كوزىنى ئېچىپ توۋەن ئاۋازدا ناخشا ئوقۇيدۇ)

زامان جانىمغا قەست قىلدى، ئوزى ئەپسۇس ئامان قالدى،
چېچەكنى ئايىردى شاختىن، بۇ گۈلشەندە خازان قالدى.

Altun0q

قىيىن بولدى زۇلۇمنى تەرك ئېتىپ كەتمەك بۇ بوستاندىن،
زۇلۇم ئاخىر مېنى تەرك ئەيلىدى مەنىسىز جاھان قالدى.
خوشاللەن يار قۇچاغىڭدا ئەجەلنىڭ شەربەتتىن ئىچتىم،
بۇ ئۆتكۈنچى جاپا، ياش توكمەگىن يوللار راۋان قالدى.
ئەلۋىدا شاكىرجان، ئانىجان، ئەل يۇرت قەدىردان! ئەمدى غۇلجىغا...
(سوزىنى تۈگەتمەيلا جان ئۈزىدۇ. ھەممىسى كوز يېشى قىلىدۇ)

شاكىر: (ناخشا)

كوتەرمەككە ئەركىنىڭ يۈكلىرىنى شىر بولاي جەڭدە،
كوزۇمدە سۇرتىنىڭ كوڭلۇم ئارا قەۋرەڭ ھامان قالدى.

گۈلەمخان: (چاچلىرىنى چۇۋۇپ قوشاق قوشۇپ يىغلايدۇ)

كۈلۈپتۇ قايىسى جان دەۋران غېمىگە مۇپتىلا بولغان،
ئەزەلدىن سۆيگۈ ئەھلىنىڭ ئىشى شۇنداق قارا بولغان.

شاكىر: (ناخشا)

چىدالماس ئەردى تاغلارنىڭ بۈيۈك قەددىمۇ بىردەمگە،
ئەگەر بولسا ئازاپنىڭ زەررىسى شۇدەم ماڭا بولغان.

(قەمبەرنىسانىڭ بېشىنى گۈلەمخانىنىڭ قۇچىغىغا قويۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ) غۇلجىغا كېتەيلى جامائەت، ئۇچ ۋىلايەت قوشۇنلىرىنىڭ نەيزىلىرى بۇ ئادەمخور ھاكىمىيەتنىڭ باغرىدىن توشۇك ئاچىدۇ. قىساس زەمبىرەكلىرىنىڭ ئوتلىرى يورۇق دۇنياغا يول ئاچىدۇ! (خور باشلايدۇ)

توكۈلسە ئەل قېنى، ئىسيانغا ئەرلەر جان پىدا بولغاي،
ئەسىرلىك بۇ قىساس بۇرچى قىلىچ بىرلە ئادا بولغاي.

[كوپچىلىك خورغا ئەگىشىدۇ]

ئۈمىت كۈتمە قەدىردانلار جاھالەتتىن ئەزەل — باقى،
ئادالەت يۇرت — خەلققە، پاك مۇھەببەتكە پانا بولغاي.

[شاكىر قەمبەرنىسانىڭ جەسىدىنى كوتىرىدۇ، ئابلەت ئايزىمنىكىنى كوتىرىپ ياندىشىدۇ، كۈچلۈك خور مۇزىكىسى ئەۋجىدە ئۇيۇقتىن چولپان يۇلتۇزى بالقىپ چىقىدۇ]

يامانلار قىلمىشى ئاخىر يامانغا كەلتۈرەر ئاپەت،
ئەرك جەڭگاھلىرى قانخور زامانلارغا بالا بولغاي!

— پەردە چۈشىدۇ.

# ئۇيغۇر مىللىي چالغۇ ئەسۋابى تەنبۇر ۋە ئۇنىڭ قىسقىچە تارىخى

ھوسىيىن كېرىم

ئۇيغۇرلار مەركىزىي ئاسىيادىكى ئەڭ قەدىمىي مەدەنىيەتلىك خەلق. ئۇلار باشقا تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ئارىسىدا ئەڭ بۇرۇن چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان كۆچمەنلىك ھاياتتىن يېزا ئىگىلىكىنى ئاساس قىلىپ ئولتۇراقلاشقان تۇرمۇش ھالىتىگە كۆچكەن. ئۇلار تارىختا ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدىن تاكى ماۋەرائۇننەھرىگىچە بولغان ئارىلىقتا ياشىغۇچى خەلقلەر ئارىسىدا ئەڭ مەدەنىيەتلىك خەلقلەردىن بولۇپ قالغان. ئەجدادلىرىمىز ئۇزاق زامانلاردىن بېرى ئۆزلىرىنىڭ كۆرەشچان ھاياتى داۋامىدا قەدىمقى مىللىي مۇزىكا ۋە چالغۇ ئەسۋاپلىرى مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلدى. مۇزىكىدىن ئىبارەت بۇ سەنئەت شەكلى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ئىپادىلەپ ئەينى زامانلاردا ئۆزلىرى ياشىغان ھەر قايسى دەۋر ۋە ئىجتىمائىي جەمئىيەتتىكى رېئال تۇرمۇشلىرىنى ئەكس ئەتتۈردى. ئۇ دەۋرلەردە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشىدا سەنئەتكارلىق ئالاھىدە مۇھىم ئورۇن تۇتاتتى. شۇڭلاشقىمۇ قەدىمدىن تا ھازىرغىچە ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇزىكىسى ۋە مىللىي چالغۇ ئەسۋاپلىرى ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولۇپ كەلدى. "مىڭ يىللاردىن بېرى داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان شەرق مۇزىكا تارىخىدىكى غايەت زور بايلىق" ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام» ۋە ئۇنىڭ تارىخىي مەنبەسى بولغان قەدىمىي «قۇجۇ (ئىدىقۇت) نەغمىسى»، «كۈسەن (كۇچار) نەغمىسى»، «سۇلى (قەشقەر) نەغمىسى»، «يۇتيەن (خوتەن) نەغمىسى»، «ئېۋىرغول (قۇمۇل) نەغمىسى»، «بەشبالىق (جىمسار) نەغمىسى» قاتارلىق نەغمىلەر ئىدى. بۇ نەغمىلەرنى ئىجرا قىلىش ساھەسىدىكى چالغۇ ئەسۋاپلىرى مەدەنىيىتىنى ئەسلىتىدىغان كۇچار «قۇمتۇرا مىڭ ئۆيى»، باي «قىزىل مىڭ ئۆيى»، قوچۇ (ئىدىقۇت) «بېزەكلىك» مىڭ ئۆيلىرىدە سىزىلغان قەدىمقى تام سۈرەتلىرىدىكى چالغۇچىلار (سازەندىلەر) يۇقۇرقى پىكرىمىزنىڭ مۇستەھكەم تارىخىي دەلىلىدۇر.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمقى ۋە يېقىنقى زامان تارىخىنى تەكشۈرگەن جۇڭگو ۋە چەتئەل تارىخچىلىرى، ساياھەتچىلىرى، ئارخېئولوگ — يازغۇچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يۈكسەك مۇزىكا مەدەنىيىتىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارنىڭ ماھىر چالغۇچى - نەغمىچى سەنئەتكار خەلق ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن. ئەنە شۇنداق ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇزىكىلىرىمىز ۋە خەلق ناخشىلىرىمىزنى ئورۇنلاشتا نەچچە يۈز يىللار مابەينىدە چوڭ رول ئويناپ كەلگەن ئاساسلىق قەدىمىي ئۇيغۇر مىللىي چالغۇ ئەسۋاپلىرىمىزدىن بىرى تەنبۇردۇر.

# 1

تەنبۇر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي ئاھاڭ شەۋسى كۈچلۈك، ئاۋازى يېقىملىق ۋە جاراڭلىق مىللىي چالغۇ ئەسۋابى، قەدىمىي دەۋرلەردىن تارتىپ ئۇيغۇر خەلقى ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ توي، مەشرەپ، سەيلە، ئولتۇرۇشلىرىدا، ھېيت ـ ئايەملىرىدە ئۇيغۇر كلاسسىك مۇقاملىرىغا، ئۇسۇللۇق سەنەم ناخشا ـ مۇزىكىلىرىغا چېلىپ كەلگەن. تەنبۇر، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزۇن يىللىق مۇزىكا تەرەققىياتى جەريانىدا ئۈزلۈكسىز ئىسلاھ قىلىنىپ بۈگۈنكى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلدى.

تەنبۇر ــ دەستىسى ئۇزۇن، بېشى يېرىم نەشپۈت شەكلىدىكى تارلىق چالغۇ ئەسۋابى. ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدا تەنبۇرنىڭ مۇنداق 3 خىلى مەۋجۇت: 1 ـ قەشقەر تەنبۇرى، 2 ـ ئىلى تەنبۇرى، 3 ـ پىرما تەنبۇردۇر. تەتقىقاتچىلارنىڭ پىكىرىچە بۇ 3 خىل ئۇيغۇر تەنبۇرىنىڭ ئىچىدە ئەڭ قەدىمىي تەنبۇر ــ قەشقەر تەنبۇرى بولۇپ، ئۇ بارلىققا كەلگەندىن تارتىپ 17 ـ 16 پەدە ئاساسىدا ياسىلىپ كەلگەن. بۇ خىل تەنبۇر ھازىر 5 تارلىق بولۇپ، بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ 3 تارلىق يەنە بىر خىلىمۇ مەۋجۇت بولغان.

ئۇيغۇر مىللىي چالغۇ ئەسۋابلىرى تۆۋەندىكىدەك 3 چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ: (1) تارلىق چالغۇ ئەسۋابلىرى. (2) كامانچىلىق چالغۇ ئەسۋابلىرى. (3) يەللىك (پۈۋلەپ چېلىنىدىغان) چالغۇ ئەسۋابلىرى (بۇ يەنە لېپىرلىق ۋەلېپىرسىز دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ). ئۇرغۇلۇق چالغۇ ئەسۋابلىرى (بۇ يەنە چوكا ياكى تاياق بىلەن چېلىنىدىغان ۋە ئۆزىنى ئۆزىگە ئۇرۇپ چېلىنىدىغان كىچىك ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ) قاتارلىقلارغا بۆلۈنگەن بولۇپ، تەنبۇر بولسا چەكمە تارلىق چالغۇ ئەسۋابلىرى گۇرۇپپىسىغا مەنسۇپ. ھازىرقى سەنئەت مەكتەپ ۋە سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ سەھنىلىرىدە ئومۇملىشىپ ئىجرا قىلىنىۋاتقان ئىلى تەنبۇرى، مۇزىكا نەزەرىيىسى ئاۋاز ئاتالغۇ تەرتىۋى بويىچە ئوتتۇرا ئاۋازغا مەنسۇپ. قەشقەر تەنبۇرى ۋە پىرما تەنبۇرى ئىگىز ئاۋازغا مەنسۇپ. ھازىرقى ئىلى تەنبۇرىنىڭ قالغان ئىككى خىل تەنبۇرگە قارىغاندا ئۆز ئىچىگە ئالغان دىياپازونى (ئاۋاز دائىرىسى) خېلى كەڭ.

ئۇيغۇر تىلى لۇغەت تەركىبىدىكى تەنبۇرنىڭ توغرا تەلەپپۇز قىلىنىشى «تەنبۇر» بولۇپ، ئۇيغۇر كلاسسىك تارىخىي مەنبەلىرىدە ۋە باشقا ئىسلام تارىخىي خاتىرىلىرىدە يۇقۇرىقىدەك يېزىلىپ كەلگەن. بىراق ھازىر نۇرغۇن كىشىلەر بۇ ئىككى بوغۇملۇق ئاتالغۇنىڭ 1 ـ بوغۇم ئاخىرىدىكى "ن" ھەرپىنى «م»گە ئالماشتۇرۇپ «تەمبۇر» دەپ ئاتاپ ۋە يېزىپ كەلمەكتە. ھەتتا شەرقىي شىنجاڭ رايونىدا «تامبۇر» دەپ تەلەپپۇز قىلىدىغان ئەھۋالمۇ مەۋجۇت. بۇنداقتا ئۇنىڭ لۇغەت مەنىسى تېخىمۇ ئۆزگىرىپ، فىرانسۇزچىغا ئايلىنىپ، دۇمباقنىڭ بىر تۈرى «بارابان» مەنىسىگىمۇ ئېلىپ بارىدۇ.

تەنبۇر ئاتالغۇسىنىڭ لۇغەت مەنىسى توغرىسىدا ھازىرچە قولىمىزغا چۈشكەن ماتېرىياللاردا بىر ـ بىرىگە قارىمۇ ـ قارشى ئىككى مەنىنى بىلدۈرىدىغان تارىخىي مەنبەگە ئىگىمىز.

1، نىزام كەبىرۇۋ ۋە سەنئەت كەبىرۇۋالار «تەنبۇر ۋە چالغۇچى» دېگەن ماقالىسىدا يېزىشىچە: 17 ـ ئەسىردە بۇخارادا ياشىغان مۇزىكاشۇناس دەرۋىش ئەلى ئۆزىنىڭ «رىسالە مۇسىقى» (مۇزىكا ھەققىدە رىسالە) كىتاۋىدا «تەنبۇر» سۆزىنى قەدىمقى گىرىك سۆزى دەپ چۈشەندۈرگەن. ئۇ تەنبۇرگە «تەن ــ يۈرەك»، «بۇرە ــ تاتىلاش»، «بۇراش»، يەنى يۈرەكنى تەۋرىتىش دېگەن سۆز دەپ تەبىر بەرگەن.

2، غىياسىددىن بىننى شەرىپىددىن ھىجرىيە 1244 - يىلى (مىلادى 1828 - يىلى) يازغان «غىياسۇللۇغەت» قامۇسىدا مۇنداق يازىدۇ: "تەنبۇر ھىندى تىلىدىكى 'تۇنبەرە' سۆزىدىن ئەرەپچىلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، تەنبۇر — ئاچچىق قاپاق دېمەكتۇر. بۇ چالغۇ ئەسۋابىنى ئەڭ ئاۋال قاپاقنى ئوتتۇرىسىدىن يېرىپ ياسىغان. كېيىن ئۆزگەرتىپ تەرەققى قىلدۇرغان. 'تۇنبەرە' ھىندىچە سۆز بولۇپ 'پاقلان قۇيرۇغى' دېمەكتۇر. چۈنكى بۇ چالغۇ دەسلەپ كاشىپ قىلىنغاندا پاقلان قۇيرۇغىغا ئوخشاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن تۇنبەرە دەپ ئاتىغان" دەپ يازىدۇ.①

بۇلاردىن باشقا ۋاڭ فېينىڭ مۇزىكا لۇغىتىدىكى تارىخىي مەنبەدە دەرۋىش ئەلىنىڭ سۆزىگە ئوخشىمىغان ھالدا قېدىمقى گىرېكلارنىڭ تەنبۇرنى "پاندۇلا" دەپ ئاتايدىغانلىقىنى يازىدۇ.② دەسلەپكى قەدەمدە شۇنداق خۇلاسە قىلىپ قاراشقا بولىدۇكى، دەرۋىش ئەلىنىڭ: تەنبۇر قېدىمقى گىرېك سۆزى، مەنىسى يۈرەكنى تەۋرىتىش دېگەنلىك بولىدۇ، دەپ بەرگەن تەبىرى ئىلمىي ئاساسى ئاجىز بولغان گۇمانى تەبىردۇر. چۈنكى ۋاڭ فېينىڭ مۇزىكا لۇغىتىدە گىرېكلەر قېدىمدە تەنبۇرنى "پاندۇلا" دەپ يازغانلىقى ئەشۇ گۇمانىمىزنىڭ تارىخىي ئىسپاتى بولالايدۇ.

تەنبۇرنىڭ قېدىمقى ۋە ھازىرقى شەكلىگە ئاساسلانغاندا غىياسىددىن بىننى شەرىپىددىننىڭ «غىياسۇللۇغەت» كىتاۋىدىكى تەنبۇر سۆزىگە بېرىلگەن لۇغەت مەنىسىنى ئەتراپلىق ھەم توغرا بولۇشى مۇمكىن دەپ قاراشقا بولىدۇ. قايسى دەۋر، قانداق تارىخىي شارائىتتا ھىندىلارنىڭ "تۇنبەرە" سۆزىنىڭ ئەرەپچە "تەنبۇر"گە ئۆزگىرىپ ئۇلارنىڭ سۆزى بولۇپ قالغانلىقى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات تېخى قولىمىزدا يوق. بۇ ھەقتە يەنىمۇ چوڭقۇر ئىزلىنىشكە توغرا كېلىدۇ. لېكىن تۈركچە تىل لۇغەت كىتاپلىرىدا "تەنبۇر" سۆزىنىڭ ئەرەپچە سۆز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان مەنبەلەرنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. 1927 - يىلى ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان «رەسىملىك تۈركچە قامۇس» ناملىق كىتاپتا: "تەنبۇر" ئەرەپچە سۆز، ئۇزۇن دەستىلىك، تاۋۇز شەكلىدە قوسىقى بار چالغۇ ئەسۋابى، دەپ يېزىلغان.

## 2

تەنبۇرنىڭ ئىجات قىلىنىشى، پەيدا بولغان دەۋرى ۋە جايلىرى توغرىسىدا، مۇزىكا تارىخچىلىرى، تەتقىقاتچى ۋە مۇزىكاشۇناسلاردا تۈرلۈك ئوخشىمىغان تارىخىي رىۋايەت، ئەپسانىلەر مەۋجۇت. تەنبۇرنىڭ ئىجات قىلىنىشى توغرىسىدىكى ئەڭ بۇرۇنقى ئەپسانە - رىۋايەت، خوتەنلىك ئۇيغۇر مۇزىكاشۇناسى موللا ئىسمەتۇللانىڭ 1854 - يىلى يازغان «تاۋارىخ مۇسىقىيۇن» (مۇزىكاشۇناسلار تارىخى) ناملىق كىتاۋىنىڭ باش قىسمىدىكى «مۇزىكىنىڭ 1 - ئۇستازى» دېگەن ماۋزۇدا خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا بۇنىڭدىن تەخمىنەن 6 مىڭ يىل بۇرۇن تەنبۇرنىڭ بار ئىكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ. بۇ بىر دىنىي ئەپسانە بولۇپ، ئىلمىي ئاساستىكى تارىخىي بىلىم ئەمەس.

شۇنى ھەممىمىز بىلىمىزكى، قېدىمقى ئافرىقا ۋە ئاسىيادا نۇرغۇن مەدەنىيەتلىك قېدىمقى دۆلەتلەر بولغان. بۇلار بىزنىڭ ئېلىمىزدىن باشقا يەنە مىسىر، بابىل ۋە ھىندىستانلاردىن

ئىبارەت ئىدى. بۇ قېدىمقى دۆلەتلەر ئىچىدە ئىنسانىيەت ئەڭ بۇرۇن پەيدا بولغان جاي — نىل دەريا ۋادىسى ئەتراپلىرى ئىدى. بۇنىڭدىن تەخمىنەن ئون مىڭ يىللار ئىلگىرى بۇ يەرلەردە قېدىمقى مىسىرلىقلار پەيدا بولۇپ، ئۇرۇق - كوممۇنا تۈزۈمى ئاساسىدا تۇرمۇش كەچۈرگەن، بىرلىكتە ئەمگەك قىلغان، ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىدىن بىرلىكتە پايدىلانغان. قېدىمقى مىسىرلىقلاردا مىلادىدىن 3500 يىللار ئىلگىرىلا يېزىق پەيدا بولغان. مىلادىدىن تەخمىنەن 3200 يىللار بۇرۇن قېدىمقى «مېمفىس» شەھرىنى پايتەخت قىلغان مىسىردا بىرلىككە كەلگەن قۇلدارلىق تۈزۈمى ئاساسىدىكى دۆلەت مەيدانغا كەلگەن. ئۇلار پادىشاسىنى «فىرئەۋن» دەپ ئاتايتتى. مانا مۇشۇنداق مىسىر قۇلدارلىق دۆلىتى، ئىنسانىيەت تارىخىدا ناخشا - مۇزىكا ۋە چالغۇ ئەسۋاپلىرى ئەڭ بۇرۇن پەيدا بولغان، ئەڭ قېدىمقى تۇنجى دۆلەت ھېساپلىنىدۇ.

ئالىملارنىڭ ئىلمىي تەتقىقات خاتىرىلىرىگە قارىغاندا، مىلادىدىن 3000 يىل بۇرۇنقى قېدىمقى مىسىر پادىشالىقى دەۋرىدىن ناخشىچى ۋە ماھىر سازەندىلەر تەسۋىرلەنگەن قاپارتما ھەيكەللەر مىراس بولۇپ قېپقالغان. بۇ قاپارتما ھەيكەللەر قېدىمقى مىسىردا مۇزىكىنىڭ ئىنتايىن چوڭ ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. قېدىمقى مىسىرنىڭ تارىلىق چالغۇ ئەسۋاپلىرى كامانچىلىق خارپ (تىك چالغۇ)، مۈڭگۈزسىمان خارپ، لىرا، لىرىك چالغۇ (ئۇدلار) ئىدى. قالغانلىرى يەللىك ۋە ئۇرغۇلۇق چالغۇلار بولۇپ، تاق كارناي، جۈپ كارناي، مىتال شىشت، دۇمباقلار ئىدى، شۇنىسى قىزىقكى بۇ مەدىنىي يادىكارلىق بۇندىن 5000 يىللار بۇرۇنقى قېدىمقى مىسىرنىڭ مۇزىكا ۋە چالغۇ ئەسۋاپلىرى ھەققىدىكى يەكۇنى بولۇپ، موللا ئىسمەتۇللانىڭ كىتاۋىدا بايان قىلىنغان تەنبۇرنىڭ ئىسمى كۆرۈنمەيدۇ.

تەنبۇرنىڭ كەشپ قىلىنىشى توغرىسىدا نىزام كەبىرۇۋ ۋە سەنئەت كەبىرۇۋالار ئۆز ماقالىسىدا "رىۋايەتلەرگە قارىغاندا تەنبۇرنى قېدىمقى گىرېك پەيلاسوپى ئارىستوتىل كەشپ قىلغان دېيىلىدۇ." بۇ مەلۇمات ئوتتۇرا ئاسىيا، مەركىزىي ئاسىيا مۇقامچىلىرى، سازەندىلىرى ئارىسىدىمۇ كەڭ تارقالغان. شۇڭا 17 - ئەسىردە بۇخارادا ياشىغان دەرۋىش ئەلى ئۆزىنىڭ «رىسالە مۇسىقى» ئەسىرىدە تەنبۇرنى قېدىمى گىرېك سۆزى، دەپ چۈشەندۈرگەن" دەپ يازىدۇ. ئارىستوتىل (Aristotel مىلادىدىن ئىلگىرىكى 384 — 322 يىلغىچە ياشىغان) باشقا يۇنان (گىرېك) پەيلاسوپلىرى ئوتتۇرىغا قويغان مۇزىكىنىڭ ئەخلاق، پەزىلەت تەربىيىسىدىكى رولى ھەققىدىكى تەلىماتىنى راۋاجلاندۇرغان پەيلاسوپ ۋە قېدىمقى گىرېك مۇزىكاشۇناسى. ھازىرچە بىزنىڭ قولىمىزدا بار بولغان خېلى كۆپ مۇزىكاشۇناسلارغا، مۇزىكا چالغۇ ئەسۋاپلىرىغا ئائىت جۇڭگو ۋە چەتئەل مۇزىكا تەتقىقات ئالىملىرىنىڭ يازغان ئەسەرلىرىدىن ئۇنىڭ تەنبۇرنى كەشپ قىلغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتنى تېخى كۆرمىدۇق. ئارىستوتىلدىن خېلى بۇرۇنلا دۇنيادا تەنبۇر مەۋجۇت ئىدى. دېمەك، يۇقىرىقى رىۋايەتنىڭ ئىلمىي پاكىتلار بىلەن مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن تارىخىي ئاساسى يوق. ياپونىيىنىڭ مۇزىكا ۋە چالغۇ ئەسۋاپلىرى تەتقىقاتچىسى لىن جەنسەن «شەرقىي ئاسىيا چالغۇ ئەسۋاپلىرى ئارخېئولوگىيىسى» ناملىق كىتاۋىدا: "راۋايەتلەردە تەنبۇرنى دېھلىلىق شائىر قۇسراۋ ئىجات قىلغانمىش" دەپ يازىدۇ. بىزچە بۇ رىۋايەتنىڭمۇ پۈت تىرەپ تۇرىدىغان ئىلمىي، تارىخىي ئاساسى يوق. بۇ — تەنبۇر توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ ئاخىرقىسى

AltunOq

بولۇشى مۇمكىن. بىز ئەندى قېدىمقى زامانلاردا تەنبۇرنىڭ پەيدا بولغان جايلىرى، ئۇنى ئىشلەتكەن خەلقلەر ۋە تەنبۇرنىڭ تارقىلىشى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

دۇنيادا ئەڭ بۇرۇن تەنبۇرنىڭ بارلىقىنى ۋاڭ فېي ئوتتۇرىغا قويىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ «مۇزىكا لۇغىتى» دە تەنبۇرنى «ئۇد» چالغۇ ئەسۋابىنىڭ ئۇزۇن دەستىلىك بىر خىلى، دەپ يازىدۇ. شۇنىڭدەك تەنبۇرنىڭ تارىخىنى 4000 يىللارغا ئاپىرىدۇ. ئۇ، "ئۇدنىڭ ئۇزۇن دەستىلىكلىرى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2000 يىلدىن بۇرۇنمۇ بار ئىدى، كېيىن گىرىكلار ئۇنى 'پاندولا' دەپمۇ ئاتىدى" دەيدۇ.④

ۋاڭ فېينىڭ سوزىدىن ئۇد چالغۇسىنىڭ ئۇزۇن دەستىلىك بىر خىلى بولغان تەنبۇرنىڭ ئاۋال گىرىكلاردا، ئاندىن كېيىن ئەرەپلەردە قوللىنىلغانلىقىنى بىلىۋېلىش مۇمكىن. ئەمما «س س س ر قامۇسى» نىڭ 1952 - يىل نەشرى 12 - توم 542 - بېتىدىكى قېدىمقى گىرېك چالغۇ ئەسۋاپلىرى ئىسىملىكىدە تەنبۇرنىڭ ئىسمى خاتىرىلەنمىگەن. بۇ ۋاڭ فېي يازغىنىغا ئوخشىمايدىغان يەنە بىر خىل ماتىرىيال مەنبەسى. مىسىرلىق مۇزىكا تارىخچىسى سامى ھاپىز «ئەرەپ مۇزىكا تارىخى» ناملىق كىتاۋىدا پەيلاسوپ ۋە مۇزىكاشۇناس ئەبۇناسىر فاراسىنىڭ داڭلىق ئەسىرى «مۇزىكا ھەققىدە» دە ئېيتىشىچە "ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى دەۋردە ئەرەپ خەلقى ئىشلەتكەن بىر خىل ئۇزۇن شەكىللىك، ئۇدقا ئوخشاپ كېتىدىغان تارلىق چالغۇ «باغدات تەنبۇرى» ياكى «مىزانى تەنبۇرى» بولۇپ ھەر ئىككىسى 2 تارلىق بولغان. ھەر تارىنى ئوخشاش 40% تىن بولگەن. ھەر بىر قىسمى تەخمىنەن $\frac{1}{4}$ ئاۋاز ئارلىقىغا توغرا كەلگەن. شۇنداقلا سازەندىلەر ئۇنىڭ دەستىسىگە تارىنى باسىدىغان ئورۇن (پەدىنى) بەلگىلەپ چىقىپ بەش دانە توغرا سىزىق قويۇپ چىققان. ئەرەپ مۇزىكا ئاتالغۇلىرىدا ئۇنى "داسات" (پەدە دەپ ئاتىغان. تەنبۇرنىڭ 2 - تارىسىنىڭ ئاۋاز ئىگىزلىكىمۇ 1 - تارىنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاش بولغان"⑤ دەپ يېزىلغان.

سامى ھاپىز بۇندىن 1000 يىل بۇرۇن ياشىغان مۇزىكاشۇناس ئالىم فارابىنىڭ قاراشلىرىنى توغرا تاپقان ھالدا ئىسلامىيەت پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى (مىلادى 622 - يىلدىن بۇرۇنقى) دەۋرلەردە «باغدات تەنبۇرى» ۋە پارىسلاردا شەكلى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان «خوراسان تەنبۇرى» بارلىقىنى يازىدۇ. ئۇ ئەتراپلىق ھالدا مۇنداق دەپ يازىدۇ:

"باغدات تەنبۇرى بىر خىل ئۇدقا ئوخشاپ كېتىدىغان چالغۇ ئەسۋابى بولۇپ، ئېلىپ چېلىش ياكى سىرىپ چېلىش بىلەن ئاۋاز چىقىرىلاتتى. لېكىن ئۇنىڭ بېشى ئۇد تىن ئۇزۇن ئىدى. ئىككى تارىسى بار ئىدى. بۇنىڭ چېلىنىشى ئىسپانىيىنىڭ گىتار چېلىشىغا ئوخشاپ كېتەتتى. ئاۋازى ناھايىتى چىرايلىق ھەم يېقىملىق بولۇپ، تۈرك، سۈرىيە، لىۋىيەلەردە ئەڭ ئومۇملاشقان چالغۇ ئەسۋابى ئىدى. بۇ ئەڭ ئاۋال باغداتتا كەشپ قىلىنغانلىقىدىن ئۇچۇنمۇ «باغدات تەنبۇرى» دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭ شەكلىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى «خوراسان تەنبۇرى» بىلەن ئوخشىمايتتى. بۇنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى ئىراق بولسىمۇ، ھازىر بۇ دولەتتە ئۇنى ئىشلىتىدىغان ئادەم ناھايىتى ئاز. «باغدات تەنبۇرى» نىڭ تارىسىنى چالغۇنىڭ دەستى-

سى بىلەن قوللىنىشقا ئورۇنلاشتۇرغان. ئۇنىڭ پەدىسى بەش بولۇپ، كېيىن مۇزىكا ئاھاڭلىرىنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ئاساسەن يىگىرمىگىچە كۆپەيتكەن. «باغدات تەنبۇرى» نى ئىسلامىيەت بولۇشتىن بۇرۇنقى دەۋرلەردە ھەر يەردە ئېقىپ يۈرگەن سەرگەردان ئادەملەر، بازارلاردا ناخشا ئوقۇپ پۇل تاپىدىغان تىلەمچى ئادەملەر كۆپرەك ئىشلىتەتتى.“⑥

لى جەنبەن ئۆزىنىڭ «شەرقىي ئاسىيا چالغۇ ئەسۋاپلىرى ئارخېئولوگىيىسى» كىتاۋىدا مۇنداق يازىدۇ:

”تەنبۇر ئىراندا پەيدا بولغان. ئۇنى ساتار دەپمۇ ئاتايدۇ. ئۇنىڭ شەكلى ماندالىنغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇزۇن دەستە بېكىتىلگەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا 10 - ئەسىرلەردە ئىككى تارلىق بولۇپ كېيىنكى زامانلاردا قانداقتۇر ئۈچ تارلىققا ئۆزگىرىپ كەتكەن.“⑦

خۇلاسىلىغاندا تەنبۇر ئەڭ بۇرۇن گىرىكلاردا، ئاندىن ئەرەپ، پارىسلاردا قوللىنىلغان. تارىختا كېيىنرەك ئىرانلىقلار قەدىمقى ئەرەپ، يەنى باغدات تارلىق چالغۇسىنىڭ بىر خىلى بولغان تەنبۇرنىڭ ئاۋاز رېتىمىنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتتى. بۇنىڭ ئەڭ دەسلەپتە گىرىكلاردا مەۋجۇتلىغىنى لىن جەنسەن نەزەردە تۇتمىغان. لىن جەنسەن، پەقەت ئۇنىڭ تەرەققىياتلارغا ئېرىشىپ راۋاجلانغان ئورنى ئىراننى تەنبۇرنىڭ پەيدا بولغان ئورنى دەپ ھىساپلىغان. بۇرۇندىن ئەرەپلەردە بار بولغان تەنبۇر چالغۇ ئەسۋابى ئەرەپ ئاببا سىيە خەلىپىلىگى دەۋرلىرىدە (مىلادى 750 — 1258 يىللار) زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشىپ، ئەينى زاماندىكى ھۆكۈمران مىللەت — ئەرەپلەرنىڭ چالغۇ ئەسۋابى سۈپىتىدە تارىخلاردا يېزىلىپ مۇقىملاشتى ھەمدە ئەرەپ - پارىسلاردا ئورتاق قوللىنىلدى.

## 3

تەنبۇرنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا پەيدا بولۇشى ۋە ئۇنى ئىشلەتكەن دەۋرى ھەققىدە قولىمىزدا تەپسىلى يېزىلغان تارىخىي مەلۇمات تېخى يوق. ئەمما بەزىبىر تارىخىي باغلىنىشلاردىن ئىلمىي پەرەز بىلەن يەكۈن چىقىرىشقا بولىدۇ. ئەرەپ چالغۇ ئەسۋابى تەنبۇرنى، پارىس رايونلىرى ئارقىلىق قەشقەرنى پايتەخت قىلغان قارا خانىلار سۇلالىسى دەۋرىدە (10 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن 12 - ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىغىچە) «توققۇز ئۇيغۇر» لار قوبۇل قىلىپ ئىشلەتكەن بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. بۇنى تۆۋەندىكى نۇقتىلار ئارقىلىق ئىسپاتلايمىز.

1 - تۈركى (ئۇيغۇر — قارلۇق پەيلاسوپى ۋە مۇزىكاشۇناس ئالىمى ئەبۇناسىر فارابى (870 — 950) ئۆز دەۋرىدە تەنبۇر بىلەن كەڭ ئۇچراشقان. بىز يۇقۇرىدا كۆرسەتكەندەك ئۇنىڭ «مۇزىكا ھەققىدە» دىگەن ئەسىرىدە، تەنبۇرنىڭ ئۆزى ياشىغان دەۋردىن بىر نەچچە ئەسىر بۇرۇنقى تارىخىنى خېلى مۇكەممەل ئوتتۇرىغا قويغان، بولۇپمۇ ئەرەپلەردە ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردە «باغدات تەنبۇرى» ۋە «مىزانى تەنبۇرى» نىڭ بارلىغىنى سوزلەپ تەپسىلى خاتىرىلىگەن. دىمەك ئەبۇناسىر فارابى تۈركى خەلقلىرى ئىچىدە تارىختا ئەڭ بۇرۇن تەنبۇر بىلەن تونۇشقان ۋە ئۇنىڭ تارىخىنى يازغان تۇنجى شەخس بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

2 - ئاتاقلىق پارىس مۇزىكا شۇناس ئالىمى ھوسەيىن ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا (980 — 1037) بۇخاراغا يېقىن ئافشانە يېزىسىدا تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيادا ۋە كېيىنرەك ئىراندا ياشىغان ۋە بۇ يەرلەردە ياش ۋاقىتلىرىدا ئوقۇپ بىلىم ئالغان. بولۇپمۇ ئۇ ياشىغان دەۋرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيا (ماۋەرا ئۇننەھر) قەشقەر قارا خانىلار (توققۇز ئۇيغۇر) سۇلالىسىنىڭ ئىلكىدە ئىدى. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ نەۋرىسى ئەلى ئارسلانخان قوماندانلىقىدىكى قەشقەر قارا خانىلار سۇلالىسىنىڭ «توققۇز ئۇيغۇر» قوشۇنلىرى مىلادى 999 - يىلى ئۇزىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان سامانىلار تاجىك سۇلالىسى (874 — 999) غا ھۇجۇم قىلدى. شۇ يىلى سامانىلار سۇلالىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پادىشاسى ئابدۇمالىك ئەلى ئارسلانخان تەرىپىدىن ئولتۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ پايتەختى بۇخارا ۋە مەدەنىيەت مەركىزى سەمەرقەنت قاتارلىق شەھەرلەر ۋە سامانىلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يەرلىرى قارا خانىلار قولىغا ئۆتكەن ئىدى. بولۇپمۇ ئىبنى سىنانىڭ تۇغۇلغان يۇرتى بۇخارا، بۇ سۇلالىنىڭ غەربىي چېگرىسى بولۇپ ھېساپلىناتتى. شۇنداقلا بۇ شەھەردە قاراخانىلارنىڭ ۋالىسى تۇراتتى. ھوسەيىن ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا مانا شۇنداق مۇھىتتا ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىدى. ئىبنى سىنانىڭ ئەشۇ دەۋرلەردە يازغان مۇزىكا ھەققىدىكى ئەسەرلىرىدىن بىز تەنبۇر توغرىسىدىمۇ قىسمەتلىك مەلۇماتلار تاپالايمىز. ئىبنى سىنا چالغۇ ئەسۋاپلىرىنى تارلىق ۋە يەللىك (پۈلەپ چېلىنىدىغان) چالغۇ ئەسۋاپلىرى دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىغان. بىرىنچى تۈرگە پەدىلىك ۋە پەدىسىز شۇنىڭدەك تاۋۇشنى كۆپەيتكۈچى تارلىق (ئەكس سادالىق) چالغۇ ئەسۋاپلىرىنى كىرگۈزگەن. ھوسەيىن ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا پەدىلىك چالغۇ ئەسۋاپلىرى ئىچىدىن ئۇد بىلەن تەنبۇرنى كۆرسىتىدۇ.[8]

يۇقۇرقىلار قەشقەر قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار تەنبۇرنى پارىسلار ئارقىلىق قوبۇل قىلىپ بىرلىكتە ئىشلەتكەن دېيىشىمىزدىكى تارىخىي دەلىللەردۇر. ئۇيغۇرلار قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدە تەنبۇرنى قوبۇل قىلىپ ئىشلەتكەندە ئەينى زامانلاردىكى توققۇز ئۇيغۇر مۇزىكا مەدەنىيىتى ئەنئەنىسىگە لايىقلاشتۇرۇپ، ئۇزلىرىنىڭ مىللىي ناخشا - مۇزىكا، مۇقاملىرىنىڭ كۆي شەكلى ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئىسلاھ قىلغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇ زامانلاردىكى تەنبۇرنىڭ باشقا مىللەتلەر (ئەرەپ، پارىسلار) نىڭ تەنبۇرىدىن ئاۋاز ئورنى، سازلىنىشى، ياسىلىشى، ئاۋاز تۇسى، ئۆزگىچىلىكى بىلەن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىشى بىر تەبىئىي ئەھۋال ئىدى. خەنزۇچە «قامۇس» تا "تەنبۇر — ئۇيغۇرلارنىڭ چېكىپ چالىدىغان مۇزىكا ئەسۋابى. ئەرەپ چالغۇ ئەسۋاپلىرىدىن بىر خىلى"[9] دەپ يېزىلغان.

لىن جەنسەننىڭ يېزىشىچە 13 - ئەسىردە موڭغۇللار ئاسىيا ھەتتا ياۋروپاغا يۈرۈش قىلىپ ھوكۇمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە پارىسلاردا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئارىسىدا (لىن جەنسەن ھازىرقى شىنجاڭ دائىرىسىنىمۇ ئوز ئەسىرىدە ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرگۈزۈپ يازىدۇ. ئۇنىڭدا ئوتتۇرا ئاسىيا كۇچاسى دىگەن ئاتالغۇلارنى ئۇچرىتىمىز) تەنبۇر بولغان.[10]

15 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 16 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان دەۋرلەردە خۇراسان پايتەختى ھىرات ۋە ماۋەرا ئۇننەھرىدىكى شەھەرلەردە ئاجايىپ مەشھۇر مۇزىكاشۇناسلار، ئاتاقلىق تەنبۇر چالغۇچىلىرى مەيدانغا كەلدى. ئەشۇ رايوندىكى تۈركى خانلىرى بابۇر، ھوسەيىن بايقارالار-

نىڭ ئوردىلىرىدا ئۇلار شوھرەت قازاندى. بۇلار ئەلشىر ناۋايى ۋە مەۋلانا ساھىپ بەلخىلەردىن ئىبارەت ئىدى. تارىخىي رىۋايەتلەرگە قارىغاندا ئەلشىر ناۋايىمۇ (1441 — 1501) مۇزىكانت ئىدى. ئۇ ھەر كېچىسى ساتار، تەنبۇر چالاتتى. ئۇزىنىڭ غەزەل (شېئىر) لىرى بىلەن مەشىق قىلىپ ھوشسىز بولاتتى. مەۋلانا ساھىپ بەلخى، ئاقساق تىمۇرنىڭ نەۋرىسى ئۆمەر شەيىخ مىرزىنىڭ ئوغلى مۇھەممەت بابۇر شاھ دەۋرىدە ياشىغان. ئۇ تەنبۇرنى سېھىر ئاپىرىن (ئاڭلىغۇچىلارنى مەپتۇن قىلارلىق) چالاتتى.⑪

15 - ئەسىردە چاغاتاي ئەۋلاتلىرى بىرقانچىغا بۆلۈنۈپ كەتكەن. يەنى ھازىرقى جەنۇبىي شىنجاڭ، ئىسسىق كول رايونلىرىغا دوغلات قەبىلىسىدىن خودايداتنىڭ ئەۋلاتلىرى شىنجاڭنىڭ شىمالىي رايونلىرىغا ئوۋەيسخان ئەۋلاتلىرى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىغا ئۇلۇغبەك ئەۋلاتلىرى ھوكۇمرانلىق قىلغان. ئەشۇ رايونلاردىكى ئۇيغۇر ۋە مۇسۇلمان تۈركى خەلقلىرى ئارىسىدا تەنبۇر كەڭ تارقىلىپ قوللىنىلغان. باشقا چالغۇلارغا قارىغاندا تەنبۇر خېلىلا راۋاجلاندۇرۇلغان ۋە ئەتىۋارلىق چالغۇ بولۇپ قالغان.

15 - ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا ياشىغان شائىر ئەھمەدىنىڭ «سازلار مۇنازىرىسى» ناملىق شېئىرى ئۇسلۇپ بىلەن يېزىلغان مەشھۇر ئەسىرىدە 7 تۈرلۈك چالغۇ ئەسۋابىنىڭ (تەنبۇر، ئۇد، چەك، يېتوغان، راۋاپ، كوڭۈرە، قوبۇس) مۇنازىرىسى دىيالوگ شەكلىدە بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا تەنبۇرغا پۈتۈن چالغۇلاردىن يۇقۇرى ۋە ئالاھىدە ئورۇن بېرىلگەن.

ياركەنت خانلىقى دەۋرىدە (1513 — 1678 يىللار) تارىم دەريا ۋادىسى ئەتراپلىرى يەنى بۇ ۋادىنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىدىكى بوستانلىقلارغا جايلاشقان ھەر قايسى ۋىلايەت، شەھەر، يېزىلاردا ياشاۋاتقان ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرى ئارىسىدا تەنبۇر كەڭ تۈردە قوللىنىلغان ئىدى. ئاتاقلىق شائىرە مۇقامشۇناس مەلىكە ئامانىسا خېنىم ماھىر تەنبۇرچى ئىدى. ئۇ تەنبۇرنى «پەنجىگاھ مۇقامى» غا چېلىپ ئابدىرىشىت خاننى ھەيران قالدۇرغان ئىدى. ئۇزىنىڭ شېئىرىنى سېلىپ ناھايىتى ئۇستۇن ماھارەت بىلەن ئورۇنلىغان. بۇ مۇقام ئابدىرىشىت خاننى بۇ قىزنىڭ مۇھەببىتىدە ئاشىق بىقارار ۋە بىھوش قىلغان.⑫

17 - ئەسىردە بۇخارادا ياشىغان مۇزىكاشۇناس دەرۋىش ئەلى ئەينى دەۋرىدىكى تەنبۇرنىڭ زور رولى ۋە تەرەققىياتىغا نەزەر تاشلىغان. تەنبۇرنىڭ باشقا چالغۇ ئەسۋاپلىرىغا نىسبەتەن ناھايىتى ئېتىۋارلىق چالغۇ ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن. ئۇ بىز يۇقۇرىدا كورسەتكەن «رىسالە مۇسىقى» ناملىق ئەسىرىدە تەنبۇرنى "چالغۇ ئەسۋاپلىرىنىڭ شاھى" دىگەن.

## 4

1759 - يىلىدىن باشلاپ چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭغا ھوكۇمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سىياسى ۋە ئىقتىسادى تۇرمۇشىدا زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۇيغۇرلارنىڭ مۇقامچىلىق، ناخشا - ئۇسۇل، مۇزىكا ئىشلىرى خېلى راۋاجلاندى. ئۇيغۇر خەلقى ئۇزۇن ئەسىرلەر داۋامىدا فېئوداللىق تۈزۈمىدىكى ئېغىر ئازاپ ۋە مىللي

تەكىتسىزلىك ئىچىدە كۈن كەچۈرۈپ كەلسىمۇ، لېكىن ئۆز خۇسۇسىيىتىنى يوقاتمىغان ئىدى. بۇ دەۋرلەردە سانسىزلىغان مۇقام ئۇستىلىرى، ئاجايىپ تالانتلىق چالغۇچىلار يېتىشىپ چىقتى، كىلاسسىك ئۇيغۇر مۇقاملىرى، چالغۇ ئەسۋاپلىرى، جۈملىدىن تەنبۇر توغرىسىدا ئېلىمىزدىكى خەنزۇ، ئۇيغۇر تارىخچىلىرى ۋە چەتئەل تارىخچىلىرى، ساياھەتچىلەر، شائىرلار، مۇزىكاشۇناسلار نۇرغۇن تارىخىي مەلۇماتلارنى يېزىپ قالدۇرغان. شۇنداقلا ئۇلار ئۇيغۇر مۇزىكا مەدەنىيىتىگە قىممەتلىك باھالارنى بەرگەن. مەركىزىي ئاسىيانىڭ قەدىمىي خەلقلىرىدىن بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىنى يېقىندىن ئۆگىنىش ئۈچۈن، غۇلجا تەرەپتىن كىرىپ 1858 - يىلى قەشقەرگە بارغان قازاق ئالىمى چوقان ۋەلىخانوۋ (1837 — 1865) نىڭ باھاسى يۇقۇرىدىكى پىكرىمىزنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇ ئۇيغۇر ناخشا - مۇزىكا ۋە مۇقاملىرىنى تەكشۈرگەندىن كېيىن: "ئۇيغۇرلار ئەل - نەغمە جەھەتتىن پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە ھۆرمەتكە ئىگە" دېگەن ئىدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئىلى جاڭجۈنلىگى 1760 - يىلى (چيەنلۇڭنىڭ 25 - يىلى) دىن باشلاپ 1767 - يىلىغىچە قەشقەر، ئۇچتۇرپان، خوتەن، ياركەنت، قۇمۇل ۋە باشقا شەھەرلەردىن 6 مىڭ ئۆيلۈك ئۇيغۇر ئىلىغا كۆچۈرۈلىدۇ. كېيىنرەك يەنە 2 مىڭ ئۆيلۈك ئۇيغۇر تارىم ۋادىسىدىن كۆچۈرۈلىدۇ. بۇلار تارىختا «ئىلى 8 مىڭ ئۆي» دەپ ئاتىلىدۇ. چىڭ ئەمەلدارلىرى ئۇلارنى كەمسىتكەن ھالدا مىللەت نامىنى ئاتىماستىن موڭغۇلچە «تارانچى» (يەر تېرىغۇچى، ياكى دېھقان مەنىسىدە) دەپ ئاتايدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا مۇشۇ ۋاقىتلاردا ئۇيغۇر تەنبۇرىنىڭ قەدىمىي نۇسخىسى بولغان 16، 17 پەردىلىك «قەشقەر تەنبۇرى» ئىلىغا تارقالغان. ئەشۇ چاغلاردىن سەل كېيىنرەك قەشقەرلىق سەمەر دېگەن كىشى تەنبۇرنى ئېلىپ چىققان ۋە ئۇنى ياساپ كەڭ تارقاتقان.

1854 - يىلى خوتەننىڭ مۇزىكاشۇناس موللا ئىسمەتۇللا بىننى نېمەتۇللا («موجىزى») يازغان «تارىخى مۇسقىيۇن» (مۇزىكاشۇناسلار تارىخى) كىتاۋىنىڭ كىرىش قىسمىدىكى شېئىردە ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋاپلىرىنى تەرىپلىگەن. ئۇ تەرىپلىگەن 7 خىل چالغۇنىڭ قاتارىدا تەنبۇرمۇ بار. موللا ئىسمەتۇللا ئۆزىمۇ شۇ دەۋرنىڭ شائىرى، مۇزىكاشۇناسى ۋە ماھىر تەنبۇرچىسى ئىدى. ئۇ ئۆز ئەسىرىدە شۇ زامانلاردا خوتەن ۋە باشقا جايلاردا تەنبۇرنىڭ زەخمەك بىلەنمۇ چېلىنىدىغانلىغى ھەققىدە تارىخى مەلۇمات بەردى.

چاررۇسىيە ئېلىمىزنىڭ ئىلى رايونىنى ئىشغال قىلىپ تۇرغان ۋاقىتلاردا (1871 — 1881- يىللار) رۇس تەتقىقاتچىسى ن. ن. پانتۇسوۋ «تارانچى ناخشىلىرى» ناملىق ئەسىرىدە ئەينى ۋاقىتتا ئىلى رايونىدا كەڭ قوللىنىلغان ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋاپلىرىدىن 20 تۈرنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ ئۆتكەن بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە تەنبۇرمۇ ئالاھىدە تونۇشتۇرۇلغان⑬.

14 -، 15 - ئەسىردىن باشلاپ 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان دەۋرلەردىكى چاغاتاي تىلىنى تەتقىق قىلىدىغان شەيخ سۇلايمان بۇخارىنىڭ ھىجرىيە 1300 - يىلى (1882 - يىلى) يازغان «چاغاتاي لۇغىتى» دە تەنبۇرنىڭ ئىسمى يېزىلغان⑭.

1881 - يىلى «جۇڭگو - روسىيە - ئىلى شەرتنامىسى» ئىمزالىنىپ چاررۇسىيە ئىلىنى قايتۇرۇپ بەرگەن بولسىمۇ، ئىلى ئۇيغۇرلىرىنى يەتتە سۇغا مەجبۇرى كۆچۈرۈشكە زورلايدۇ. ئۇلار 1881 - يىلى كۈز ئايلىرىدا كۆچۈشكە باشلاپ 1883 - يىلى توختايدۇ. مانا شۇلارنىڭ ئىچىدىكى

AltunOq

چالغۇچىلار ئارقىلىق تەنبۇر ياركەنت، چىلەك، ئالمۇتا قاتارلىق شەھەر، رايونلارغا تارقالغان. ئۇلارنىڭ تەنبۇر چېلىش ئۇسلۇبى، تېخنىكىسى، بولۇپمۇ ناخۇن⑮ بىلەن چېلىش، ئىلىدىن چىققان ئۇيغۇرلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ئىدى.

تارىخىي مەنبەلەردىن تەكشۈرۈشىمىزچە، ئىلى ئۇيغۇرلىرى ئىچىدە مۇقامچىلىق بىلەن رەسمىي شۇغۇللانغان ۋاقىتلار 19 - ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىدىن كېيىن بولغان. مانا مۇشۇ ۋاقىتلاردىن باشلاپ ئىلى ئۇيغۇرلىرى ئىچىدىكى قەشقەر تەنبۇرى، بۇ يەردىكى تالانتلىق چالغۇچىلار ۋە قول ھۈنەرۋەنلەر تەرىپىدىن ئىسلاھ قىلىنغان. ناخشا - مۇزىكا، شۇنداقلا مۇقاملارنىڭ ئىجراسىدىكى تەرەققىيات تەلىۋى، ئىجرا قىلىش ماھارىتى ۋە ئۇسۇللىرىنىڭ مۇرەككەپلىشىشى نەتىجىسىدە تەنبۇرنىڭ باش قىسمى ئەسلىدىكىدىن خېلى چوڭايغان، دەستىسى ئۇزارتىلغان ھەم دىياپۇزىنى (ئاۋاز دائىرىسى) كېڭىيىپ ئاۋازى بومراق ھالەتكە كەلتۈرۈلگەن. تەنبۇرنى ناخۇن بىلەن چېكىپ ئورۇنلاش ماھارىتى تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيىگە كۆتۈرۈلگەن.

تەخمىنەن 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ياشىغان ئۇيغۇر شائىرى «ناقىس»(ساۋىر ئاخۇن خەلپىتىم بىننى ئابدىقادىر يېڭىسارى)نىڭ يازغان «دىۋان ناقىس» دىكى بىر غەزىلىدە تەنبۇر تەسۋىرلەنگەن. ئۇنىڭدا تەنبۇرنىڭ ناخۇن بىلەن ناۋا، ئۇششاق، ئۇزھال مۇقاملىرىغا چېلىنىدىغانلىقى، ئۇنىڭ تارلىرىدىن چىققان ئاھاڭنىڭ ئادەم دىلىنى ئېرىتىپ، كۆزىدىن ياش ئاققۇزىدىغان ۋە جىسمىنى ئورتەيدىغانلىقى يېزىلغان.⑯

ئۇزاق زامانلاردىن بېرى تەنبۇرنى ئۇيغۇرلارلا ئىشلىتىپ قالماستىن، ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى ئۆزبېك، تاجىكلارمۇ ئىشلىتىپ كەلمەكتە. ھەتتا ھازىر ئىران، ئافغانىستان، تۈركىيە، ئەرەبىستانلاردىمۇ ئىشلىتىلمەكتە. بۇلارنىڭ ھەممىسى تەنبۇر ئاتالسىمۇ، ئۇنىڭ ياسىلىشى، ئاۋاز ئورنى، ئاھاڭ شىۋىسى، ئىجرا قىلىش ئۇسۇللىرى ئوخشاشمايدۇ. شۇڭا، بۇ تەنبۇرلارنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىگە قاراپ، ئۇيغۇر تەنبۇرى، ئۆزبېك تەنبۇرى دېگەنلەرگە ئوخشاش ئاتالغۇ بىلەن ئاجرىتىشقا توغرا كېلىدۇ. بولۇپمۇ ئۆزبېك، تاجىك تەنبۇرلىرىغا 3 دانە پولات سىم سېلىنىدۇ. بۇلار 4 تارلىق تەنبۇردىن ئىبارەت بولۇپ، پەدە سانى 17 دىن 20 گىچە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ تەنبۇرى گەرچە شەكىل جەھەتتىن ئۇيغۇر تەنبۇرىغا ئوخشىمىسىمۇ، بىراق دەستىسى قىسقا، بېشى كىچىك بولىدۇ. ئۇيغۇر تەنبۇرلىرىنى سىم ناخۇن ياكى ئۇستىخان، سولياۋ زەخمەك بىلەن ئىجرا قىلسا، ئۇلارنىڭ ناخۇنى پولاتتىن ياسالغان بولۇپ ئۇيماققا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۆزبېك، تاجىك تەنبۇرىنىڭ ئاۋازى زىل، ئاۋاز دىياپۇزونى تار بولىدۇ.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا بارلىققا كەلگەن خەنزۇچە كىتابلاردا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي چالغۇ ئەسۋاپلىرى خاتىرىلەنگەن. شىنجاڭنىڭ مالىيە ئەمەلدارى ۋاڭ شۇنەن باشچىلىقىدا شۈەن تۇڭنىڭ تۇنجى يىلى (1909 - يىلى) دىن 3 - يىلىغىچە (1911 - يىلى) «شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك تەزكىرىسى» ناملىق كىتاب يېزىلىپ چىققان. مۇشۇ كىتابنىڭ 40 - جىلدىدا داپ، راۋاپ، ساتار، دۇتار، قالۇن، سۇنايلارنىڭ ئەۋج ئالغانلىقى خاتىرىلەنگەن. شۇلار قاتارىدا تەنبۇرنىڭمۇ ئىسمى يېزىلغان.

1934 - يىلى غۇلجا، قەشقەر، ئۈرۈمچى شەھەرلىرىدە ۋە باشقا ۋىلايەت، ناھىيىلەردە ئىلغار يېڭى دېموكراتىك ئۇيغۇر ناخشا، ئۇسسۇل، دىراما سەھنە سەنئىتى قۇرۇلدى. ئۇنىڭ نامىنى شۇ چاغلاردا «سەنائى نەفىسە» دەپ ئاتىدى. غۇلجا شەھىرىدە قۇرۇلغان «سەنائى نەفىسە»گە تۇنجى قېتىم تەنبۇرنى ئېلىپ كىرگۈچى ئاتاقلىق مۇقامچى ۋە تەنبۇرچى روزى ھېزىم (1901 — 1957 - يىللار، تەخەللۇسى تەنبۇر) ۋە ئاتاقلىق چالغۇچى ھۇسەيىن تەنبۇر (1904 — 1937 - يىللار) لەر ئىدى. قەشقەردىكى «سەنائى نەفىسە» گە تۇنجى قېتىم تەنبۇرنى ئېلىپ كىرگۈچى ماھىر چالغۇچى ماھمۇت ھەسەن ئىدى. 1934 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۈرۈمچىدىكى «سەنايى نەفىسە» گە تەنبۇرنى ئابلىز ھەسەن ئېلىپ كىرگەن ئىدى.

1946 - يىلى 3 ۋىلايەت مىللى دېموكراتىك ئىنقىلاۋىي ھوكۇمىتى تەرىپىدىن قۇرۇلغان سەنئەت ئۆمىكىدە روزى تەنبۇر، سۇلتان مۇرات قاتارلىقلار تەنبۇرنى ئاساسىي چالغۇ قاتارىدا ئىشلەتكەن. 1940 - يىللىرى ئىچىدە قەشقەردىكى ئاتاقلىق تەنبۇرچى ئىلى ئاخۇن (ھىلەك چاۋۇش دەپمۇ ئاتايدۇ) خەلق كىلاسسىك ئاھاڭلىرىنى ئورۇنلاپ داڭ چىقارغان ئىدى. بولۇپمۇ ئۇ، شۇ ۋاقىتلاردا ئىلى ناخشىلىرىنى تەنبۇر ئارقىلىق قەشقەرگە تارقاتقان.

## 5

1949 - يىلى 1 - ئۆكتەبىردە شىنجاڭ ئازات بولدى. تەنبۇر شۇنىدىن باشلاپ ئۆزىنىڭ جاراڭلىق ۋە شوخ ئاۋازى بىلەن ھەقىقى بەختىيار زاماننى كۈيلەشكە باشلىدى. تەنبۇر، ھۇسەنجان جامىنىڭ ئورۇنلىشىدا 1950 - يىلى پايتەخت سەھنىسىدە، 1953 - يىلى چاۋشيەن تۇپرىغىدا ياڭرىدى. 1951 - يىلى قۇرۇلغان شىنجاڭ سەنئەت ئۆمىكىگە ھۇسەنجان «ئىلى تەنبۇرى» نى ئېلىپ كىرگەن ئىدى.

ئازاتلىقتىن كېيىن پارتىيە مىللى سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋاپلىرى ئوقۇتۇش مۇئەسسەلىرىدە قوللىنىلدى ۋە چالغۇ ئۈستىدە ئىسلاھ قىلىش، تەتقىقات ئىشلىرى خېلى ئۇتۇقلۇك دەرىجىدە قانات يايدۇرۇلدى. 1952 - يىلى ئېچىلغان سابىق شىنجاڭ شوبيۇەنىنىڭ سەنئەت پاكۇلتېتىدا 1954 - يىلدىن باشلاپ تەنبۇر ئىشلىتىلدى. بۇ «قەشقەر تەنبۇرى» ئىدى. (شىنجاڭ سەنئەت ئۆمىكىدە ئىلى تەنبۇرى، مەكتەپلەردە 1960 - يىلىنىڭ باشلىرىغىچە قەشقەر تەنبۇرى ئىشلىتىلگەن ئىدى.)

1954 - يىلدىن باشلاپ ئۈرۈمچىدە مەدەنىيەت نازارىتى رەھبەرلىكىدە مەخسۇس بىر «مىللى چالغۇ ئەسۋاپلىرى كارخانىسى» قۇرۇلۇپ، دەسلەپكى قەدەمدە ئۇيغۇر كىلاسسىك مىللى چالغۇ ئەسۋاپلىرىنى ئەسلى نۇسخىسى ئاساسىدا ئۆزگەرتىپ ياساپ چىقتى. بۇلار: غىجەك، قالۇن، چاڭ، دۇتار، ساتار، داپلار بولۇپ، بۇلار ئىچىدە تەنبۇرمۇ بار ئىدى. شۇنىدىن كېيىن تەنبۇرنىڭ سولياۋ پەدە، قوش يۇزلۇك قويۇپ ياسالغان يېڭى نۇسخىسى بارلىققا كەلدى. (ئۇزاق زامانلاردىن بېرى تەنبۇرنىڭ پەدىسى كىرىچتىن باغلىناتتى) يەنە بىرى — تەنبۇرنىڭ يۇقۇرى ئاۋازلىق يېڭى خىلى، پىرىما تەنبۇر مەيدانغا كەلدى.[17]

پىرىما تەنبۇر — قەشقەر ۋە ئىلى تەنبۇرلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىدىن پايدىلىنىپ ياسالغان ئىدى. ئىلى تەنبۇرىنىڭ خەرىكى⑱ ئىگىزلىتىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭغا قويۇلغان قاتتىق سولياۋ پەدىلەر خۇددى تەكەممۇل راۋاپنىڭكىگە ئوخشاش، مۇزىكا نەزىرىيە ئىلمىدىكى، «12 ئاۋاز تەڭلىمە قانۇنى» ئاساسىدا ئىدى. ئۇنىڭ يېتەرسىزلىگى بېشى چاپما بولماستىن، تالا (شاپاق) لىق قىلىپ ياسالغان، ھەمدە ياغاچ ماتېرىيالى بىر قەدەر ناچار ئىدى. مەھەممەتخان ھاشىم، بۇرۇندىن داۋام قىلىپ كەلگەن تەنبۇرنىڭ ئوتتۇرا d (رەي) سىمىنى بوغىدىغان دەستە قىسمىنىڭ ئۈچى تەرىپىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان تەڭشەك (بۇلبۇل خەرىكى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) نى ئېلىپ تاشلاپ ئىشلەتمەي، بۇ دەسلەپكى سىناق ئىدى.

1956 - يىلى يازدا شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئانسامبىلى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان، تاجىكىستان قاتارلىق سوۋېت ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلىرىدە زىيارەت ئويۇنى كۆرسەتتى. بۇ ئۆمەك تەركىبىدىكى ھۆسەنجان جامى يۇقۇرقى 4 جۇمھۇرىيەتتە ئۇيغۇر تەنبۇرىنى ئىجرا قىلىپ، زور ئىناۋەتكە ئىگە بولدى. تاماشىبىنلار ئۇيغۇر تەنبۇرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تەنبۇرلەردىن ھەر قايسى ئالاھىدىلىك ۋە خۇسۇسىيەتلەر جەھەتتىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشتى.

1958 - يىلى قۇرۇلغان شىنجاڭ سەنئەت ھەكتىۋىنىڭ مۇزىكا بۆلۈمىدە تەنبۇر كەسپى رەسمىي يولغا قويۇلۇپ، نوتا ئاساسىدىكى ئىلمىي تەنبۇر تايانچىلىرى يېتىشتۈرۈلۈشكە باشلىندى. بۇ تەنبۇرلەر قەشقەر تەنبۇرى بولۇپ 1961 - يىلغىچە داۋام قىلدى. 1961 - يىلدىن باشلاپ ئاتاقلىق مۇزىكانت تۇرسۇن تىيىپنىڭ دەرس بېرىشى بىلەن ئىلى تەنبۇرى قوللىنىلدى. ئازاتلىقتىن كېيىنكى چاغلاردا يەنە ئۈرۈمچى، ئىلى سەنئەت ئۆمىكىدىن باشقا، قەشقەر، ئاقسۇ، خوتەن، ياركەنت ۋە باشقا ئۆمەكلەردە تاكى 1960 - يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە قەشقەر تەنبۇرى قوللىنىلاتتى.

1963 - يىلدىن كېيىن شىنجاڭ سەنئەت مەكتىۋىنىڭ دۇتار، تەنبۇر ئوقۇتقۇچىسى، پىشقەدەم مۇزىكانت مۇساجان روزى مەھەممەتخان ھاشىمنىڭ ئۇيغۇر مىللى چالغۇ ئەسۋاپلىرىنى ئىلمىي ئاساستا ئۆزگەرتىپ ياساش يولىدىكى تېخنىكىسىغا ۋارىسلىق قىلدى. بولۇپمۇ ئۇ تەنبۇرنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇش يولىدا قىممەتلىك ئىزلىنىشلەرنى ئېلىپ بېرىپ، مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. مۇساجان روزى تەنبۇرنىڭ دەستە ۋە يۈزلىگىگە ئىلمىي ئاساستا پالاق بېكىتىپ، تەنبۇرنىڭ بۇرۇنقى ئاددى قوش يۈزلىگىنى مۇكەممەللەشتۈردى. تەنبۇرنىڭ بۇرۇنقى 150 — 156 سانتىمېتىرلىق كېلەڭسىز رەك دەستىسىنى ئۆزگەرتىپ 140 سانتىمېتىرغا مۇقىملاشتۇردى. يۈزلىگىگە تۈگمۇ ياغىچى ئورناتتى. بۇنىڭ بىلەن تەنبۇرنىڭ ئاۋازى يۇقۇرى كۆتىرىلدى. تەنبۇرنىڭ قېدىمىدىن ئەنئەنە ئاساسىدا داۋام قىلىپ كەلگەن يۈزلىگىدىكى بادام توشۇگىنى ئىشلەتمەي، يۈزلىگىنى پۈتۈن قويدى. مۇساجان روزى يەنە بىر قانچە يىل تەجرىبە ۋە تەتقىق قىلىشلار ئارقىلىق تەنبۇرنىڭ ئاۋاز دىياپازونىغا 5 — 6 ئاۋازنى كۆپەيتىپ قوشتى. ئۇ تەنبۇر سىملىرىنىڭ نومۇرلىرىنى تەجرىبە قىلىپ مۇقىم ھالغا كەلتۈردى. تەنبۇرنىڭ ئالدى جۈپ سىمىدىكى g ئاۋازىنى بىر گىرادۇس كۆتىرىپ a ئاۋازغا ئۆزگەرتىپ، ئالدى - ئارقا جۈپ سىملىرىنىڭ ئوخشاش گىرادۇسلۇق ئاۋازغا

سازلىنىشىنى، ئوخشىمايدىغان گىرادۇسقا سازلىنىدىغان قىلدى. تەنبۇرنىڭ بېشىنى چاپما شەكىلدە ياساپ ئۇنىڭغا شارلاك، ئېلىپماي بېرىپ سىرلاپ كوركەملەشتۇردى.

مۇساجان روزى 1977 - يىلدىن باشلاپ دەستىنىڭ ئۇچىدىكى تەگشەكنى (بۇلبۇل خەرەگىنى — بۇ تەگشەك ئادەتتە تەنبۇرنىڭ d پەدىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بېكىتىلەتتى. تەگشەك قىلىنغان ياغاچنى كىندىك ياغاچ دەپ ئاتايتتى) بىكار قىلدى. بۇنىڭ بىلەن تەنبۇرنىڭ ياۋا ئاۋازى بىر قەدەر تۆگىدى. يەنە بىر يېڭىلىق ھىساپلانغان تەنبۇرنىڭ بېشىدىكى «ئالقان تاپىنى» بولدى. بىلىق شەكلىدىكى «ئالقان تاپىنى» ئورنىتىلغاندىن كېيىن، چالغۇچىلارنىڭ تەنبۇرنى يۇقىرى ماھارەت كورسىتىپ ئورۇنلىشىغا شارائىت يارىتىلدى. ناخۇن چەككەن قولنىڭ ئالقىنى تەنبۇر يۈزىگە تېگىپ، ئاۋازغا تەسىر كورسىتىشى تۆگىدى. مۇساجان روزى ياسىغان بۇ خىل يېڭى شەكىلدىكى تەنبۇر شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تېز تارالدى.

دىمەك، ئىسلاھ قىلىش جەريانىدا تەنبۇرنىڭ شەكلىدىكى مۇقىمسىزلىق دەسلەپكى قەدەمدە تۆگىتىلدى.

1976 - يىلى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ غەمخورلىغى بىلەن شىنجاڭ ناخشا - ئۇسۇل ئومىگىنىڭ ئافغانىستان، پاكىستان، جەنۇبىي يەمەن، يەمەن، سۇرىيە، ئىراق، كۇۋەيت قاتارلىق 7 مۇسۇلمان دولەت سەھنىسىدە تەنبۇر قىزغىن ئالقىشلاندى. ئۇنى ئاتاقلىق چالغۇچى ۋە كومپوزىتور غىياسىدىن بارات، ئاتاقلىق چالغۇچى مەرھۇم ئابدۇللا ھامۇتنىڭ دۇتارنى تەڭكەش قىلىشى ئارقىلىق ئىجرا قىلغان ئىدى. ئىجرا قىلىنغان ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇزىكىلىرى «ئەجەم»، «ئۇزھال مۇقامىنىڭ 5 - داستان مەرغۇلى» يۇقۇرقى دولەتلەردە تۇنجى قېتىم نامايىش قىلىندى.

تەنبۇر بۈگۈنكى كۈندە، ئۇيغۇر مىللىي چالغۇ ئەسۋاپلىرى ئىچىدە ئۆزىنىڭ تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرماقتا، سەھنىلەردە يىرىك مۇزىكىلارغا تەڭكەش قىلىنماقتا.

## 6

(1) تەنبۇرنىڭ تارقىلىشى.

قەشقەر تەنبۇرى جەنۇبىي شىنجاڭغا كەڭ تارقىلىپ ئومۇملاشقان. شەرقىي شىنجاڭ، شىمالىي شىنجاڭدا بولسا بۇرۇندىن تارتىپ مەۋجۇت ئىدى.

ئىلى تەنبۇرى مەركەزلىك ھالدا ئىلى رايونىغا كەڭ تارقالغان. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى سەنئەت ئومەكلىرى قاتارلىق جايلاردا ئىشلىتىلمەكتە.

پىرىما تەنبۇرى بولسا ئۇرۇمچىنى مەركەز قىلغان ھالدا باشقا جايلاردىمۇ بار. ئەمما بۇ تەنبۇر ۋۇجۇتقا چىققاندىن بېرى ئومۇملاشمىدى، تارقىلىشى باشقا 2 خىل تەنبۇرغا قارىغاندا شالاڭ.

ئۇيغۇر تەنبۇرى ئېلىمىزدىن باشقا سوۋېت ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ ئالمۇتا ئۇيغۇر تىياتىرىدا ۋە ئۆزبېكىستان دولەتلىك ئۇيغۇر ئانسامبىلىنىڭ چالغۇ ئانسامبىلىدا قوللىنىلماقتا.

(2) تەنبۇرنىڭ ياسىلىشى.

ئۇيغۇر تەنبۇرى ئەزەلدىن ئۈژمە ياغىچىدىن ياسىلىپ كەلگەن. بېشى چاپما ھالەتتە ياسىلىدۇ.

قەشقەر تەنبۇرى قەدىم زامانلاردىن بېرى ناھايىتى سۈپەتلىك ھەم كوركەم، نەقىشدار ياسىلىپ كەلگەن. ئۇنىڭ بېشى، دەستىلىرى ھەر خىل گۈزەل نەقىشلەر بىلەن بېزىلىدۇ. قەشقەر تەنبۇرى ئالى سۈپەتلىكلىرىنىڭ بېشى ئۈژمىدىن، دەستىسى ئۆرۈك ياغىچىدىن ياسىلىدۇ. (ئۆرۈك ياغىچىدىن دەستە قىلىنسا تەنبۇرنىڭ دەستىسى قايمايدۇ.) يۈزلىگىگە ئىككى دانە بادام توشۇگى ئېچىش، ياسىغۇچىلاردا بىر خىل ئادەتكە ئايلانغان. پەدىلىرى تىركەچ ياكى تارىدىن باغلىنىدۇ. بېشى كىچىك بولىدۇ. ئاۋازى زىل، ئىنچىكە چىقىدۇ.

ئىلى تەنبۇرى ئۈژمە ياغىچىدىن ياسىلىدۇ. بۇ خىل تەنبۇر نەقىشسىز، سىدام ياسىلىپ كەلگەن. پەدىلىرى تىركەچتىن باغلىنىپ، يۈزلىگىدە بۇرۇندىن 2 دانە بادام توشۇگى بولغان. 60 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، تەنبۇر ياسىغۇچىلار ۋە ياساشنى ئۆگەنگۈچىلەر، قەشقەر تەنبۇرىنىڭ نەقىش ئۈلگىلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى ئۈستىخان ۋە سولياۋدىن نەقىش قويۇپ بېزەيدىغان بولدى.

پىرىما تەنبۇر قارىغاي ياغىچىدىن ياسىلىدۇ. يۈزلىگىمۇ قارىغاي ياغىچى، پەقەت بوغۇزىنىڭ ئارقا تەرىپىگە سولياۋدىن بىر قۇر نەقىش قويۇلىدۇ. يۈزلىگىدە يەنىلا 2 دانە بادام توشۇگى بار. پەدىلىرى سولياۋدىن ياسىلىدۇ. شارلاك، ئېلىپماي بىلەن سىرلىنىدۇ. بېشى تالا قىلىپ ياسىلىدۇ.

قەشقەر تەنبۇرىنىڭ ياسىلىش ئۆلچىمى:

ئومۇمى ئۇزۇنلىغى 1.12 مېتىر، دەستىسىنىڭ بوغۇزىغىچە ئۇزۇنلىغى 77 سانتىمېتىر، باشىنىڭ بوغۇزىغىچە ئۇزۇنلىغى 35 سانتىمېتىر، يۈزلىگىنىڭ توغرىسى 14 ياكى 15 سانتىمېتىر، باشىنىڭ چاپما چوڭقۇرلىغى 14 ياكى 15 سانتىمېتىر.

ئىلى تەنبۇرىنىڭ ياسىلىش ئۆلچىمى:

ئومۇمى ئۇزۇنلىغى 1.40 مېتىر، دەستىسىنىڭ ئۇزۇنلىغى 1.0 مېتىر، باش، بوغۇزى قوشۇلۇپ ئۇزۇنلىغى 45 سانتىمېتىر، باش چوڭقۇرلىغى 14 ياكى 15 سانتىمېتىر، يۈزلىگىنىڭ ئوتتۇرىچە توغرا كەڭلىگى 16 ياكى 17 سانتىمېتىر.

پىرىما تەنبۇرىنىڭ ياسىلىش ئۆلچىمى:

ئومۇمى ئۇزۇنلىغى 85 سانتىمېتىر، دەستىسىنىڭ ئۇزۇنلىغى 58 سانتىمېتىر، باش بوغۇزى قوشۇلۇپ ئۇزۇنلىغى 25 سانتىمېتىر، باش چوڭقۇرلىغى 14 سانتىمېتىر.

تەنبۇرنىڭ چېلىنىشى:

تەنبۇر ئەزەلدىن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ناخۇن ۋە زەخمەك بىلەن چېلىنىپ ئىجرا قىلىنغان. تارىم ۋادىسى ئەتراپلىرىغا جايلاشقان قەشقەر، خوتەن، ياركەنت، كورلا، ئاقسۇ، كۇچار قاتارلىق رايونلاردا تەنبۇرنى ئەشۇ ئىككى خىل ئۇسۇلدا ئورۇنلاش مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن. ئىلى رايونىدا بولسا تەنبۇرنى ناخۇن بىلەن چېلىش كەڭ ئومۇملاشقان.

AltunOq

تەنبۇرنى دۇتار بىلەن تەڭكەش قىلىپ ئىجرا قىلىش، ئۇزۇن يىللاردىن بۇيانقى بىر خىل ئەنئەنە، تەنبۇرنى مۇقاملار، خەلق ناخشىلىرى ۋە مەخسۇس تەنبۇر ئاھاڭلىرىغا چالغىلى بولىدۇ. تەنبۇرنى ئۇيغۇر مىللىي چالغۇ ئەسۋاپلىرى ئانسامبىلىدا باشقا چالغۇلار بىلەن قوشۇپ، زامانىۋى ئاساستىكى ۋەقەلىك، مۇزىكىلارنىڭ ئۆزىگە مەخسۇس بولغان مۇزىكا بولەكلىرىنى ئىجرا قىلىش مۇمكىن. ئەمما تەنبۇردا ئاكوردلۇق مۇزىكىلارنى چالغىلى بولمايدۇ. پەقەت ئۇ مېلودىيە ئۈچۈن ناھايىتى باپ كېلىدۇ. تەنبۇرنىڭ ناخۇنى 28 - ، 29 - ، 30 - سىملاردىن ياسىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىككى قاماق شەكلىدىكى ئۇچى بىگىز قولنىڭ ئۇچىغا ئورالغان يىپقا ئېلىنىدۇ. زەخمەك بولسا بۇرۇندىنلا مۈڭگۈزدىن ياسىلىپ كەلگەن. چالغاندا ناخۇننى (زەخمەكنى) تەنبۇرنىڭ ئالدىدىكى بىر جۈپ مېلودىيىك تارىغا چېكىدۇ. ناخۇن ئۇرۇلىدىغان ئورۇن خەرەكتىن تەخمىنەن 4 سانتىمېتىر ئالدىدا بولىدۇ. تەنبۇرنى يالغۇز چالغاندا، ئۇنى «ناخۇنلىمدى» دەپ ئاتايدۇ. تەنبۇرنى چالغاندا ئوتتۇرا ۋە ئارقا جۈپ سىملىرى قوشۇپ ئۇرۇلىدۇ. ئۇ، خۇددى داپنىڭ «دۇم» ئاۋۇشى بىلەن تىنىق ئۇدارنى ئىپادىلىگەنگە ئوخشاش تىنىق ئۇدارنى ئىپادىلەيدۇ.

تەنبۇرنىڭ سازلىنىشى، ئاۋاز دىياپوزونى.

قەشقەر تەنبۇرى:

ئالدىنقى جۈپ تارىسى، كىچىك خەتلىك 1 - گۇرۇپپىدىكى d غا، ئوتتۇرا سىمى كىچىك خەتلىك گۇرۇپپىدىكى g غا، ئارقا جۈپ تارىسى يەنە كىچىك خەتلىك 1 - گۇرۇپپىدىكى d غا سازلىنىدۇ. ئوتتۇرا تارىسى بىلەن ئىككى چەتتىكى تارىسىنىڭ سازلىنىش ئاۋاز مۇناسىۋىتى 4 گىرادۇس. (d — g — d) قەشقەر تەنبۇرىنىڭ ئاۋاز دىياپوزونى 2 ئوكتاۋا 3 ئاۋازغىچە بولىدۇ. يەنى، كىچىك خەتلىك 1 - گۇرۇپپىدىكى c ئاۋازدىن، كىچىك خەتلىك 3 گۇرۇپپىدىكى f ئاۋازغىچە دائىرىنى ئوز ئىچىگە ئالىدۇ. باغلانغان پەدىلىرى 23 دىن 25 گىچە بولىدۇ. سىملىرىنىڭ ھەممىسىگە 32 - سىم سېلىنىدۇ.

ئىلى تەنبۇرى:

بۇرۇندىنلا ئالدىنقى جۈپ تارىسى، كىچىك خەتلىك گۇرۇپپىدىكى g ئاۋازغا، ئوتتۇرىدىكى تارىسى مۇشۇ گۇرۇپپىدىكى d غا، ئارقا جۈپ تارىسى يەنە g ئاۋازغا سازلىناتتى. ئالدى - ئارقا تارىلىرى ئوخشاش ئاۋاز، ئوخشاش گىرادۇس ئىدى. ئەمەلىيەتتە بولسا، يۇقۇرقى سوزلەنگەن گۇرۇپپىنىڭ a، d، g ئاۋازلىرىغا سازلىنىدىغان بولدى. بۇرۇنقى سازلىنىشى ئوتتۇرا تارىسى بىلەن ئالدى - ئارقا تارىسىنىڭ مۇناسىۋىتى 4 گىرادۇس ۋە 5 گىرادۇس ئىدى (g — d — g). ھازىر ئالدى ۋە ئارقا جۈپ تارىلىرىنىڭ ئوتتۇرا تارىسى بىلەن ئاۋاز مۇناسىۋىتى 4 گىرادۇس بولدى. ئاۋاز دىياپوزونى كىچىك خەتلىك گۇرۇپپىدىكى g ئاۋازدىن، (a — d — g) كىچىك خەتلىك 3 - گۇرۇپپىدىكى g ئاۋازغىچە دائىرىنى نوز ئىچىگە ئالغان. ئارقا جۈپ تارىسى g ئاۋازنى قوشۇپ ئىشلەتكەندە دىياپوزونى 3 ئوكتاۋا بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. پۈتۈن، يىگىرمە پەردىلىرى قوشۇلۇپ 33 دانىدىن ئىبارەت. سىم نومۇرلىرى: ئالدى جۈپ سىم 31 - ، ياكى 32 -

ئوتتۇرا سىم 30 - ، ″ ″

ئارقا جۈپ سىم 31 - ، ″ ″

پىرىما تەنبۇر

بۇ خىل تەنبۇرنىڭ ئالدىنقى جۈپ تارىسى كىچىك خەتلىك 1 - گۆرۈپپىدىكى d غا، ئوتتۇرا تارىسى كىچىك خەتلىك گۆرۈپپىدىكى a ئاۋازغا، ئارقا تارىسى كىچىك خەتلىك 1 - گۆرۈپپىدىكى d ئاۋازغا سازلىنىدۇ. ئوتتۇرا تارىسى بىلەن ئالدى تارىسىنىڭ مۇناسىۋىتى 5 گىرادۇس، ئارقا تارىسىنىڭ مۇناسىۋىتى 4 گىرادۇس (d — a — d) بولىدۇ. پۈتۈن، يېرىم پەدىسى قوشۇلۇپ 18 دانىدىن ئىبارەت. دىياپازونى كىچىك خەتلىك 1 - گۆرۈپپىدىكى c ئاۋازدىن 2 - گۆرۈپپىدىكى a ئاۋازغىچە، يەنى بىر ئوكتاۋا 6 ئاۋازدىن ئىبارەت بولىدۇ. ھەممە تارلىرىغا 32 - نومۇرلۇق سىم سېلىنىدۇ. پىرىما تەنبۇرنىڭ قەشقەر تەنبۇرى، ئىلى تەنبۇرىدىن بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭدا ئاكوردلۇق مۇزىكىلارنى ئورۇنلىغىلى بولىدۇ.

تەنبۇرنىڭ گەۋدە بولەكلىرى:

تەنبۇرنىڭ گەۋدە بولەكلىرى قۇرۇلمىسى 3 خىل تەنبۇردا ئاتالغۇ جەھەتتىن ئوخشاش قوللىنىلىدۇ، ئۇنى 13 قىسىمغا ئايرىش مۇمكىن. (1) قولاقلىرى، (2) باش خەرىكى، (3) «بۇلبۇل» پەدە خەرىكى، (ھازىر بۇلبۇل خەرىكى ئىلمۇۋېتىلدى) (4) دەستىسى، (5) پەدىلىرى، (6) تارلىرى، (7) بوغۇزى، (8) يۈزلىكى، (9) قوش يۈزلۈكى، (10) بېشى، (11) خەرىكى، (12) ئالقان تاپىنى، (13) تار ئىلغۇچىدىن ئىبارەت.

بىز ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قېدىمىي مىللىي چالغۇ ئەسۋاپلىرىغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىپ، كونىدىن يېڭىنى يارىتىشىمىز لازىم. ئاپتونوم رايونىمىزدا ھەر قايسى ئۇمەكلەرنىڭ سەھنىلىرىدە قوللىنىلىۋاتقان مىللىي چالغۇ ئەسۋاپلىرى تېخى كىچىك ئانسامبىل ھالىتىدە تۇرماقتا. " توتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش" تەلىۋىگە لايىق زامانىۋى "ئۇيغۇر مىللىي چالغۇ ئەسۋاپلىرى ئوركېستىرى" بۈگۈنگىچە قۇرۇلغىنى يوق. مۇنداق بىر چوڭ تىپتىكى زامانىۋى مۇزىكىلارنى بىمالال ئىجرا قىلالايدىغان ئۇنىۋېرسال ئوركېستىرنىڭ بولماسلىقى، ھەمدە يەن - مەدەنىيەتنىڭ تەلىۋىگە لايىقلىشالماسلىقتەك خاھىشلار ھەر قايسى مۇناسىۋەتلىك خادىملارنىڭ دىققىتىنى قوزغىماقتا. بىز ئەشۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، ئۇيغۇر مىللىي چالغۇ ئەسۋاپلىرىنىڭ باشقا تۈرلىرى قاتارىدا تەنبۇرنىمۇ تەتقىق قىلىپ، ئۇنىڭ زامانىۋى ئوركېستىرغا لايىق بىر پۈتۈن ئائىلىسىنى ۋۇجۇتقا چىقىرىشىمىز لازىم.

ئىزاھلار:

①غىياسىددىن بىننى شەرىپىددىن، «غىياسۇللۇغەت» 486 - بەت.

②ۋاڭ فېي «مۇزىكا لۇغىتى» خەنزۇچە نەشرى 324 - بەت.

③«رەسىملىك تۈركچە قامۇس» 1927 - يىل ئىستانبۇل ئەھمەت كامال مەتبەئەسى 515 - بەت.

④ۋاڭ فېي «مۇزىكا لۇغىتى» 324 - بەت.

⑤سامى ھايىزنىڭ «ئەرەپ مۇزىكا تارىخى» خەنزۇچە نەشرى. بېيجىڭ 1980 - يىل 14 - بەت.

⑥يۇقۇرقى كىتاپ 11 - بەت.

⑦ لىن جەنسەن «شەرقى ئاسىيا چالغۇ ئەسۋاپلىرى ئارخېئولوگىيىسى» 1962 - يىل بېيجىڭ مۇزىكا نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى 232 - بەت.

⑧ «ئۆزبېك خەلق مۇزىكىسى» 3 - توم 1959 - يىل تاشكەنت. 5 - ، 6 - بەت.

⑨ «قامۇس» (خەنزۇچە) سەنئەت قىسمى 247 - بەت.

⑩ لىن جەنسەن «شەرقى ئاسىيا چالغۇ ئەسۋاپلىرى ئارخېئولوگىيىسى» 239 - بەت.

⑪ موللا ئىسمەتۇللانىڭ «تارىخى مۇسىقىيۇن» كىتاۋى. 1854 - يىلى يېزىلغان. «مۇزىكىنىڭ 8 - ئۇستازى ئەلىشىر ناۋايى ھەزرەتلىرى» ۋە «مۇزىكىنىڭ 11 - ئۇستازى مەۋلانا ساھىپ بەلخى» دېگەن ماۋزۇلارغا قارالسۇن.

⑫ يۇقۇرقى كىتاپ. «مۇزىكىنىڭ 17 - ئۇستازى مەلىكە ئامانىسا خېنىم» دېگەن ماۋزۇغا قارالسۇن.

⑬ ئۇيغۇر ئوغلى «مۇزىكا مەدەنىيىتىمىز ھەققىدە» (قازاق ئېلى ژورنىلى 1948 - يىل 2 - سان ئالمۇتا ئۇيغۇرچە نەشرى) دېگەن ماقالىسىدا، رۇس تەتقىقاتچىسى ن. ن. پانتۇسوۋ «تارانچى ناخشىلىرى» دېگەن كىتاۋىدا ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋاپلىرىنىڭ 20 تۈرىنى ئاتاپ تەپسىلات بەرگەن، دەپ يازىدۇ. بۇنىڭغا ئوخشىمىغان ھالدا تارىخچى ئەركىن ئالىپ تېكىن: "ن. ن. پانتۇسوۋ «تارانچى ناخشىلىرى» ناملىق كىتاۋىدا ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ 62 تۈرلۈك غەزەللىرىنى ئىسىملىرى ۋە تېكىستلىرى بىلەن بەرمەكتە. كىتاۋىنىڭ 18 - بېتىدە 1971 - يىلىدا ئىلى ئۇيغۇرلىرىدا 27 تۈرلۈك مۇزىكا ئەسۋابى بولغانلىقىنى يازغان ئىدى. بۇنىڭدىن 16 سىنىڭ نامىنى ئېيتقان. پانتۇسوۋنىڭ يازغانلىرىغا قارىغاندا، ئىلى ئۇيغۇرلىرى چالغۇ ئەسۋاپلىرىنى ئۆزلىرى ياسايدىكەن" دەپ يازىدۇ.

⑭ شەيخ سۇلايمان بۇخارى «چاغاتاي لۇغىتى» ھىجرىيە 1300 - يىلى (مىلادى 1882 - يىلى) ئىستانبول 148 - بەت.

⑮ ئۇيغۇر تىلى لۇغەت تەركىۋىدىكى «ناخۇن» سۆزى پارىسچىدىن قوبۇل قىلىنغان ئاتالغۇ بولۇپ ئۇنىڭ لۇغەت مەنىسى «تىرناق» دېمەكتۇر.

⑯ غۇلام ئەبەيدۇللانىڭ «ئەدىپ ناقىسنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادى پائالىيىتى ھەققىدە» ماقالىسىغا قارالسۇن. «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژورنىلى، 1981 - يىلى 5 - سان 37 - بەت.

⑰ «پىردىما» لاتىنچى سۆز بولۇپ مەلۇم چالغۇ ئەسۋابىنىڭ يۇقۇرى ئاۋازلىق شەكلىگە قارىتىلغان.

⑱ ئۇيغۇر تىلى لۇغەت تەركىۋىدىكى «خەرەك» سۆزى، ئەرەپچە «ھەررەك» سۆزىدىن كېلىپ چىققان، «ھەركەتچان» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئىلى رايونىدىكى ئۇيغۇرلار خەرەكنى «تەپكە» دەپ ئاتايدۇ.





# ئاتاقلىق ئۇيغۇر بۇددا رەسسامى ۋىسائىراسانگا

ئابلىز مۇھەممەت سايرامى

ۋىسائىراسانگا خوتەنلىك ئادەم بولۇپ، ئۇ سۈي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى خوتەننىڭ ھازىرقى نىيە ناھىيىسى ئەتراپىدا ئۆتكەن ئاتاقلىق رەسسام ۋىسائىرا بۇجىنانىڭ ئوغلى ئىدى. بۇ ئادەم ھەققىدە شۇڭ چۇمىنىڭ «سىلىڭشۇ خۇاجى» ناملىق كىتاۋىدا "سى دى يۇۋچىلىڭ، غەربى رايوندىن لوياڭغا كەلتۈرۈلگەن ئۇيغۇر رەسسامى ۋىسائىراسانگا تەرىپىدىن سىزىلغان تەڭرىنىڭ سۈرىتىنى ساقلىغان" دەيدۇ. مانا بۇ، مەشھۇر ئۇيغۇر رەسسامى ۋىسائىراسانگا سۈي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدىكى تارىخى دەۋرلەردە باتۇر، ئەمگەكچان، مول مەدەنىيەتكە ئىگە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەرزەنتى بولۇش سۈپىتى بىلەن تارىختا ئۆچمەس ئىز قالدۇرغان.

ۋىسائىراسانگا بالىلىق چاغلىرىدا ئاتىسى ۋىسا بۇجىنانىڭ يېتەكچىلىكىدە خوتەندىكى بۇددا بۇتخانىلىرى، ئىبادەتخانىلىرىدا كېيىن، قەشقەر، كۇچار، باي قاتارلىق بۇددا مەركەزلىرىدە رەسىم سىزغان ۋە رەسىم سىزىش تېخنىكىسىنى كۆڭۈل قويۇپ ئۆگەنگەن. ئۇ پۈتۈن دۇنياغا مەشھۇر بولغان كۇچار قۇمتۇرا ۋە باي ناھىيىسىنىڭ سەلتەنەتلىك مىڭ ئۆي تام سۈرەتلىرىنى بەرپا قىلىشتا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان ھەمدە ئوتتۇرا ئەسىر مەدەنىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە زور تۆھپىلەرنى قوشقان مەشھۇر رەسسام.

خوتەن بۇددا مەدەنىيەتلىرى ئەڭ بۇرۇن تەرەققى قىلغان جاي بولۇپ، غەربى رايوندىكى داڭلىق شەھەر ئىدى. خوتەننىڭ ئاھالىسى زىچ، تۇرالغۇ جاي، ئۆي - ئىمارەتلىرى ۋە چىرايلىق رەستىلىرى بار ئىدى. ھەر خىل قاش تاشلىرى بىلەن بېزەلگەن خان ئوردىسى تېخىمۇ كۆركەم-ھەشەمەتلىك بولۇپ، گويا ئەپسانىۋى ئەۋلىيالارنىڭ دەرگاھىدەك ئىدى. ئۇ چاغلاردا بۇددا دىنى راسا گۈللەنگەن دەۋر بولۇپ، غەربى رايوندىكى بۇتخانىلارنىڭ كۆپلىكى، خەلق نوپۇسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى. غەربىي خەن دەۋرىدە خوتەندە 20 مىڭدەك نوپۇس بار بولۇپ، بۇتخانا 500 دىن ئاشاتتى. بۇددا دىنىنىڭ شۇ قەدەر گۈللىنىشى غەربى رايوندىكى بۇددا رەسساملىق سەنئىتىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. تام - تورۇسلارغا، تاختايلارغا، قەغەزگە، پاختا رەختكە، شايى - ئەتلەسكە ۋە كاناپ قاتارلىق نەرسىلەرگە سىزىلغان سۈرەتلەر، مەبۇتلار، بۇددا قىسسىلىرى، رىۋايەت، داستان، ئادەم، تاغ، دەريا، گۈل، ھەر خىل قۇشلار، ياۋايى ھايۋانلار ۋە ئۆرپ - ئادەتلەرنى مەزمۇن قىلاتتى. تۇرپاندىن تېپىلىپ شۇ دەۋرگە مەنسۇپ بولغان رەڭدار يىپەك رەختلەرنىڭ سۈرەتلىرى ئارىسىدا، زىبۇ - زىننەتلەر تاقىغان نازۇك ئوردا مەلىكىسىنىڭ سۈرىتى، پۈتۈن دىققىتى بىلەن شاخمات ئويناۋاتقان گۈزەل ئايىم قىز سۈرىتى، بىر كۈچۈكنى كۆتىرىپ ئويناپ يۈرگەن شوخ بالىنىڭ سۈرىتى، ئات باقارنىڭ سۈرىتى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى كىشىنى ھەيران قالدۇرغىدەك ئىسىل رەسىملەر ئىدى. بۇ بۇددا

مەدەنىيەتلىرى ۋىسا ئىراساتكاغا ئوخشاش رەسساملار، ھەيكەلتاراشلار، شۇنداقلا غەربىي رايون ئەمگەكچى خەلقلىرىنىڭ قان - تەر بەدىلىگە يارالغان بولۇپ، ھازىرقى دەۋردىمۇ ئۆز قىممىتىنى ساقلاپ كۆز ئالدىمىزدا خۇددى يۇلتۇزدەك چاقنىماقتا.

تاڭ سۇلالىسىدىكى بۇددا كىتابلىرى ھەم بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ باشقا تەرەپلىرى ئەمەلىيەتتىمۇ خوتەن ئارقىلىق چاڭئەن (ھازىرقى شىئەن) ئەتراپىغا تارقالغان بولۇپ، خوتەندىكى بۇددا رەسسامى ۋىسائىراساتكا غەربىي رايون رەسساملىق سەنئىتىنىڭ شەرققە تارقىلىشىنى ئالغا سۈرۈشتە خىزمەت كۆرسەتكەن ئىدى. ۋىسائىراساتكانىڭ كوڭۈل قويۇپ ئۆگەنگەنلىرى، مەبۇتلار سۈرەتلىرى، بۇددا تەلىماتىدىكى ھېكايىلار، جەننەت، دوزاقلارنىڭ خىيالى تەسۋىر سۈرەتلىرى، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش پائالىيەتلىرى، ھەر خىل قۇش، ھايۋانلار، گۈل - گىيالارنىڭ سۈرەتلىرى ئىدى.

ۋىسائىراساتكانىڭ ئاتىسى ۋىسا بوۋجىنا خوتەندە ئاتاقلىق رەسسام ئىدى. كېيىن ئۇ، سۈي سۇلالىسىنىڭ پادىشاسى سۈي ياڭدىنىڭ دىققەت - ئېتىۋارىنى قوزغىغانلىقتىن تەكلىپ بىلەن شەرقى پايتەخت لوياڭغا كەلتۈرۈلۈپ، سۈي زامانىدىكى ئابرويلۇق بۇددا رەسسامى — جۇڭگو تارىخىدىكى مۇھىم كىشىگە ئايلىنىدۇ. ۋىسا بوۋجىنا خوتەندىن كەتكەندىن كېيىن بالىسى ۋىسائىراساتكا ئاتىسىنىڭ كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ رەسساملىق ماھارىتىنى ئۈزلۈكسىز تەرەققى قىلدۇردى. ئارىدىن ئۇزۇن يىللار ئۆتمەيلا ئۇنىڭمۇ داڭقى پۈتۈن غەربىي رايونغا تارقالدى. تاڭ سۇلالىسى پادىشاسى تاڭ تەيزۇڭنىڭ دەسلەپكى يىللىرى (مىلادى 630 - يىللىرى) دا يۇقىرى ماھارەتكە ۋە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبقا ئىگە بولغان ۋىسائىراساتكا ئاتىسىنىڭ ئورنىنى بېسىپ تەكلىپ بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى چاڭئەنگە بارىدۇ. شۇندىن باشلاپ چاڭئەن ۋە لوياڭ ئەتراپىدىكى ئىھرام - ئىبادەتخانىلارنىڭ تاملىرىدا كۆپلىگەن ئاجايىپ يېڭى رەسىملەر پەيدا بولىدۇ.

چاڭئەن — تاڭ سۇلالىسىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزى، شۇنىڭدەك بۇددا دىنى گۈللەنگەن جاي ئىدى. بۇ يەردە ئاجايىپ ھەشەمەتلىك ئېھرام - ئىبادەتخانىلار سېلىنغان ئىدى. ئىبادەتخانىلارنىڭ تاملىرىدىكى بۇددىغا ئەقىدە قىلىشنى تەشۋىق قىلىدىغان سىزما رەسىملەر كەم بولسا بولمايدىغان بېزەك ھېساپلىناتتى، شۇڭلاشقا مەشھۇر ئىبادەتخانىلاردا ئادەتتىكى رەسساملارنىڭ تاملارغا رەسىم سىزىشىغا رۇخسەت قىلىنمايتتى. ئۇ چاغلاردا رەسساملارنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىنى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىش ئىمكانىيىتى بولمىغاچقا ئۇلار، كىشىلەر كۆپ كېلىدىغان ئاممىۋى زىيارەت ئورۇنلىرىدىن بولغان ئىبادەتخانىلارنىڭ تاملىرىغا رەسىم سىزاتتى. بەزى رەسساملار رەسىملىرىنى نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ كۆزىتىپ تۇرۇشى ئاستىدا سىزاتتى، سۈڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى كىشىلەرنىڭ ھېساۋاتىغا قارىغاندا تاڭنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدىن، بەش سۇلالە دەۋرىدىكى ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقىدا ۋەيران بولغانلىرىدىن تاشقىرى سۈڭ دەۋرىگىچە ساقلىنىپ كەلگەن رەسىملەر سەككىز مىڭ بەش يۈز پارچىدىن كۆپ بولغان. بۇ رەسىملەرنىڭ تېمىسى دىنىي ھېكايىلارنى ئاساس قىلغان بولۇپ بۇددا دىنىنى ۋە تەڭرىنى مەدھىيىلەشتىن ئىبارەت بولغان. جەننەت، دوزاقلار ھەر قايسى رەسساملارنىڭ ئۆز تەسەۋۋۇرى بويىچە خىيالى كۆركەم سىزىلغان. ئەمما تەڭرى ھەر قايسى رەسساملار تەرىپىدىن خىلمۇ - خىل قىياپەتتە سۈرەتلەنگەن.

AltunOq

بۇنداق رەسىملەر بۇددا دىنىنى كەڭ تەشۋىق قىلىشقا زىيانلىق بولغان. چۈنكى مۇنداق سۈرەتلەر تەڭرىنىڭ مەۋجۇتلىقى توغرىسىدا كىشىلەردە ئاسانلا گۇمان تۇغدۇرىدۇ.

تاڭ مىڭخۇاڭ بۇددا دىنىنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىغا خىزمەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن بىر داچىڭ ئىسىملىك رەسسامنى ئوسخا بولۇشقا يارايدىغان تەڭرىنىڭ سۈرىتىنى تېپىپ كېلىش ئۈچۈن خوتەنگە ئالاھىدە ئەۋەتكەن. نىمە ئۈچۈن خوتەن رەسساملىرى تەرىپىدىن سىزىلغان تەڭرىنىڭ سۈرىتى ئاجايىپ قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە؟ چۈنكى خوتەن بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ مەركەزلىرىدىن بىرى بولۇپ، خوتەن رەسساملىرىنىڭ سەۋىيىسى ناھايىتى ئۈستۈن ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇلار سىزغان رەسىملەر چاڭئەن ئەتراپىدا قىزغىن ئالقىشقا سازاۋەر بولغان، بولۇپمۇ ئاتا - بالا ۋىسالارنىڭ تەسىرىنىڭ كېڭىيىشى ئىچكىرى ئۆلكىلەردە خوتەن رەسساملىرىنىڭ نام - شۆھرىتىنى نامايەن قىلغان ئىدى. چۈنكى رەسساملىق ئۇ چاغدا غەربىي رايون گۈزەل سەنئىتىدە مۇھىم ئورۇنغا ئىگە ئىدى. يازما ھۆججەتلەردىكى خاتىرىلەرگە ۋە ئارخېئولوگىيە ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغاندا كۆركەم ۋە ھەشەمەتلىك ئوردا سارايلىرى، ئېھرام - ئىبادەتخانىلار، بۇلۇتقا تاقاشقان بۇتخانا مۇنارلىرى، خۇددى تىرىكتەك كۆرۈنىدىغان بۇتلار، ھەر خىل كۆركەم نەقىشلەر، ئاجايىپ گۈزەل ۋە نەپىس تام سۈرەتلىرى قاتارلىق ئاسارە - ئەتىقىلەرنىڭ بەزىلىرى ھازىرغىچە ساقلانماقتا.

باي ناھىيىسىنىڭ قىزىل يېزىسىدىكى مىڭ ئۆينىڭ 175 - ئۆيىدىكى شۇ دەۋرگە مەنسۇپ بولغان ئىككى يۈرۈش سىزما سۈرەتلەردىن بىز غەربىي رايون دىخانلىرى قوش ئۆكۈز بىلەن يەر ھەيدىگەنلىكىنى، يەر تېرىشتا ھازىرقى كەتمەنگە ئوخشاپ كېتىدىغان قوراللارنى ئىشلەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئالالايمىز.

غەربىي رايون سەنئىتىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددا سەنئىتىنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتى، بولۇپمۇ چانتۇلۇ سەنئىتى دەپ ئاتالغان سەنئەتنىڭ خۇسۇسىيىتى ناھايىتى روشەن ئىپادىلەنگەن. بۇ سەنئەت ئوبرازلىرىنىڭ جانلىقلىقى، سىزىقلىرىنىڭ نەپىس ۋە پىششىقلىقى، كىيىم - كېچەك، چىراي - شەكلىدىكى ئىزلىرىنىڭ روشەنلىكى بىلەن خاراكتېرلىنەتتى. شۇ خىلدىكى رەسىملەرنىڭ ماھىرلىرىدىن بولغان ۋىسائىراساتىگا چاڭئەنگە كېلىشى بىلەنلا زور ئېتىۋارغا ئېرىشتى. تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا ئۇنۋان بېرىپ ئالاھىدە كۆتۈۋالدى، لېكىن ۋىسائىراساتىگانىڭ مەقسىدى مەنپەئەت، ئابرويدا بولماستىن بەلكى يېڭىلىق يارىتىش ۋە تېخىمۇ زور نەتىجىگە ئېرىشىش ئىدى. ئۇ چاڭئەنگە كەلگەندىن كېيىن ئۆزى تۇرغان پوئېنسى ئېھرامىنىڭ ئەتراپىدىكى تاملارغا ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن «خوتەن خانى ھەم ئۇنىڭ جەددى - جەمەتىنىڭ سۈرەتلىرى»، بۇتلارنىڭ سۈرىتى، رەڭمۇ - رەڭ گۈللەر، قۇشلارنىڭ سۈرەتلىرى كەينى - كەينىدىن سىزىلدى. بۇ ئەسەرلەر ساياھەتچىلەر ۋە چاڭئەن خەلقى بىلەن يۈز كۆرۈشتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە چاڭئەندىكى سىئىنسى ئېھرامى، گۇاڭزېيسى ئېھرامى، لوياڭدىكى دايۈنسى ئېھرامى قاتارلىق جايلاردىمۇ ۋىسا ئىراساتىگانىڭ رەسىملىرى پەيدا بولدى. بۇ چاغدا كىشىلەر ۋىسا ئىراساتىگانى ئۆزلىرىگە خېلىدىن بېرى ئوبدان تونۇش بولغان ۋىسا بوجىنانىڭ ئورنىدا سەممىي ھالدا قەدىرلەشكە باشلىدى. كىشىلەر ئاتا - بالا ئىككىسىنى ئايرىتۋېلىش ئۈچۈن ئاتىسىنى «چوڭ ۋىسا» بالىسىنى «كىچىك ۋىسا» دەپ ئاتاشتى. چوڭ ۋىسا سىزغان بۈركۈت ھەم تايغانلار

# فوتو
# سۈرەت
# تاللان
# مىلىرى








1 . قاشتېشى دەرەخ — گاۋلەنچىڭ
2 . زۇمرەت توپىلىك — لى گۇاڭكۇەن
3 . تاغ نۇرى — ئىيۇفېڭجى
4 . ئايدىڭ كېچە — سۇڭ شىجىڭ





— سۈرەتلەرنى چى يۈلىڭ تارتقان

ئۇسسۇلچى مەريەم ناسىر





مەريەم ناسىر پارىژدا



مۇزىكانت ئىسكەندەر سەيپۇللا

رۇيىڭشىڭ تارتقان



ناخشىچى جۇجىمىڭ

سۇڭ جيابىڭ تارتقان



جۇجىمىڭ قىزى بىلەن بىللە

چى يۈلىڭ تارتقان

خـۇددى تىرىكتەكلا ئىـدى. ئۇنىڭ ئەسـەرلىرى ئىچىدە «چـەتئەلنىڭ خاسىيەتلىك دەرەخلىرى»،
«ئىبراخىماننىڭ سۈرىتى» قاتارلىقلار، تامغا سىزغان رەسىملىرىدىن «چاڭئەن سىئەنىسى ئىبھرامىنىڭ
راۋىغى ئاستىدىكى بۇت»، «ۋېن جۇنىڭ تاماق يەيدىغان تاۋىغى»، «ئىبھرامدىكى ئالۋاستىنى تەسـ
لىم قىلىش» قاتارلىقلار داڭلىق ئىدى.

ۋىسا ئىراساتىگامۇ كېيىن كېلىپ تورگە چىقىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ رەسىم سىزىشتىكى ئىستىلىـ
غا رەسساملار "گويا ئىگىلىپ تۇرىدىغان كالاۋۇتۇن يىپىدەك جانلىق" دەپ باھا بېرىشتى. كىشـ
لەر ۋىسا ئىراساتىگانىڭ رەسىملىرىنى بەكمۇ قەدىرلەيتتى. شۇڭلاشقىمۇ ئۇنى دائىم سىئەنىسى ھـەم
شىڭتاڭسى ئىبھرامىغا تەكلىپ قىلىپ رەسىم سىزدۇراتتى. سىئەنىسى ئىبھرامى تـاڭ زامـانىسىدىكى
چاڭئەننىڭ مەشھۇر مەدەنىيەت رايونى ئىدى. ھەر قېتىم يېڭى ئىلمىي ئۇنۋان ئېلىش ئىمتىھانىغا
قاتنىشىدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ جايغا كېلىپ تامغا خـەت يېزىپ قالدۇراتتى. مـەشھۇر
خەتتاتلارمۇ دائىم شۇ يەرگە كېلىپ ئابىدىلەرگە خەت يازاتتى. بۇ يـەرگە كېلىپ ـ كېتىدىغانلار
مەدەنىيەت ساھەسىدىكى مەشھۇر زاتلار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يەرگە كېلىپ رەسىم سىزىدىغانـ
لارمۇ ئالاھىدە ماھارەتلىك رەسساملاردىن بولماي مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شىڭتاڭسى ئىبھرامى ئالاـ
ھىدە زور ئىبھراملاردىن ئىدى. ئۇ يەردىكى تامغا "جىڭگاڭجىڭ" كىتاۋى ھەققىدە پادىشانىڭ ئۆز
قەلىمى بىلەن يازغان ئىزاھاتى بار ئىدى. رەسساملارنىڭ ئۇ يـەرگە بېرىپ سىزغان رەسىملىرى
ئەمەلىيەتتە پادىشانىڭ ئەسىرى ئارىسىغا سىزىلغان قىستۇرما رەسىم ھىساپلىناتتى. شـۇنىڭ ئۈچۈن
قابىلىيىتى تۆۋەن رەسساملار بۇ ئىككى جايغا كېلىپ رەسىم سىزىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. قابىلـ
يىتى بولۇپ شوھرەت قازىنالمىغان چوڭ رەسساملارمۇ بۇ جايغا كېلىپ رەسىم سىزىش پـۇرسىتىگە
ئاسانلىقچە ئىگە بولالمايتتى. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا تاڭ خاندانلىقىنىڭ پادىشاسى تـاڭ مىڭخۇاڭ
بىر قېتىم جيالىڭجياڭ دەرياسىنىڭ مەنزىرىسىنى سېغىنىپ ۋىسا ئىراساتىگاغا شۇ يەرنىڭ مەنزىرىسـ
نى سىزدۇرۇپ ئـۇنى داتۇڭدۇەن سـارىيىنىڭ تـامـلىرىغا سىزىشنى بۇيـرىغان. ۋىسائىرا ساتىگا
جيالىڭجياڭ دەرياسىغا بېرىپ ئۇنى بىر كـورۇپلا قـۇرۇق قول قـايتىپ كەلگەن. ئاندىن ئۆزىنىڭ
خاتىرىسىگە ئاساسەن بىر كۈن ئىچىدىلا جيالىڭجياڭ دەرياسىنىڭ مەنزىرىسىنى سىزىپ تاماملىغان.
لى شۈەن ئىسىملىك بىر رەسسام بۇ رەسىمنى بىر نەچچە ئاي ئىچىدە ئارانلا سىزىپ تاماملىغان.
ۋىسا ئىراساتىگانىڭ نام شوھرىتىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ باھاسىمۇ ئۆرلىگەن.
شۇ زاماندا ئۇنىڭ گۈل ۋە قۇشـنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن بىر پەردىسىنىڭ باھاسى ئـون مىڭ
سەرگە توختايدۇ. ئىككىنچى تـۇرلۇك قىلىپ ئېيتقاندا، ئـالتە سـۇلالە زامانىسىدىكى رەسىملەردىن
تاڭ زامانىسىغا يېتىپ كەلگەن رەسىملەرنىڭ باھاسىمۇ ئۇنىڭدىن ئېشىپ كېتەلمىگەن ئىدى. يۇقۇرـ
قىلاردىن قارىغاندا ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى رەسساملىق ماھارىتىنىڭ قانچىلىك يـۇقۇرى ئىكەنلىكىنى
بىلگىلى بولىدۇ.

ۋىسا ئىراساتىگا بۇنداق زور ئالقىشقا ئېرىشكەنلىكىنىڭ سـەۋەۋى ئۇنىڭ غـەربى رايوننىڭ
رەسىم سىزىش ئۇسۇلىنى ئىچكىرىگە ئېلىپ كەلگەنلىكىگە باغلىق. ئۇ ئاجايىپ ـ غـارايىپ بۇددا
رەسىملىرىنى، قۇشلار ۋە ئادەملەرنىڭ رەسىمىنى غـەربى رايون ئۇسلۇبى بىلەن سىزىپ كىشىلەرگە
يېڭى تۇيغۇ بېغىشلىدى. كېيىنكى زاماندا كىشـىلەر ئـۇنىڭ سىزغان گـۈللىرىنى «تەبىئى گۈل»،

"رەسىم سىزىشتا رەڭلەرنى تەمكىنلىك بىلەن ئىشلەتكەن، رەختكە سىزغان رەسىملىرىدىكى بوياق-لار كىشىلەرگە ئوبدان تەسىر بېرىدۇ" دەپ ماختاشقان.

ئۇنىڭ تام سىزما رەسىملىرى ئارىسىدىكى شۆھرەت قازانغانلىرىدىن «سىڭنىسى ئېھرامىنىڭ راۋىقى ئالدىدىكى گۈللەر»، «مىڭ كوز مىڭ قوللۇق بۇت»، «گۇۋاڭسى ئېھرامىدىكى ئالۋاستىنى تەسلىم قىلىش» ۋە «شىڭتاڭسى ئېھرامىدىكى تام رەسىملەر» قاتارلىقلار بار. ئۇنىڭدىن باشقا سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئىشلەنگەن «شۈەنجى» تاللانما رەسىملەر يىلنامىسى ئىچىدە «مىڭ پۇشاڭ» «پۇپۇتۇ»، «پۇ سۇڭشاڭ»، «چەتئەللىك بۇددا رەسىملىرى»، «چەتئەل كىشىلىرىنىڭ سۈرەتلىرى»، «چوڭ قايغۇ ھەققىدە رەسىم»، «نۇرلۇق خانىنىڭ سۈرىتى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

ۋىسا ئىراساتگا پەقەت غەربىي رايوننىڭ رەسىم سىزىش ئۇسلۇبىنى ئىچكىرىدە ئومۇملاشتۇ-رۇپلا قالماستىن، بەلكى شاگىرت قوبۇل قىلىپ ئۇلارغا ئۆزىنىڭ رەسساملىق ماھارىتىنى ئۆگەتكەن. تاڭ زامانىسىدىكى تەبىئى مەنزىرە رەسىملىرىنى سىزغان رەسسام چىن تىڭ ۋىسا ئىراساتگانىڭ شاگىرتى ئىدى. ئىچكىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئەنئەنىۋى رەسىم سىزىش سەنئىتىمۇ ۋىسا ئىراساتگاغا تەسىر قىلغان، ئۇ خەنزۇ رەسساملىرىنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئۆگەنگەن. مىسال ئالساق شۇ چاغدىكى خەنزۇ رەسساملىرىدىن بۇددانىڭ رەسىمىنى سىزغاندا ئۇنىڭ كوزىنى قارا سىر بىلەن سىزاتتى، مۇنداق سىزىلغان رەسىملەر "كىم بۇتقا قارىسا بۇت ئۇنىڭغا قارايدىغان" دەرىجىدە جانلىق چىقاتتى. ھەمدە چاقتەن رەسساملىرىنىڭ رەڭ - بوياقلىرى غەربىي رايوننىڭكىگە ئوخشايتتى. مانا بۇلار ۋىسا ئىراساتگانىڭ رەسساملىق ماھارىتىنىڭ يۇقىرى كوتىرىلىشىگە ئاكتىپ تەسىر كورسەتكەن.

ۋىسا ئىراساتگا خوتەننىڭ ئۇلۇق سەنئەتكارى ۋە مىللەتلەر ئارىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماش-تۇرۇشتا ئالاھىدە خىزمەت كورسەتكەن مەشھۇر زات سۈپىتىدە تاڭ دەۋرى رەسساملىقىنىڭ باي ۋە خىلمۇ - خىل ئاساستا تەرەققى قىلىشىغا زور تۆھپىلەرنى قوشقان. شۇڭا ئۇنىڭ ئۇچۇن جۇڭگو گۈزەل سەنئەت تەرەققىياتىنىڭ تارىخى ھەققىدە يېزىلغان نۇرغۇن ئەسەرلەردە ۋىسائىراساتگانىڭ ئىسمى ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىدۇ. ئۇنىڭغا يۇقىرى باھا بېرىلىدۇ. تارىختىكى مەشھۇر رەسىملەرنى ساقلى-غۇچىلارمۇ ئۇنىڭ ئەسەرلىرىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىشىدۇ. مەلۇماتلارغا قارىغاندا بەزىلەر ھازىرغىچە ئۇنىڭ ئوز قولى بىلەن سىزغان سۈرەتلىرىنى ساقلاپ كەلگەن. بۇ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى-نىڭ چوڭقۇر مەزمۇنغا، تارىخى مەنبەگە باي ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئەپسۇسكى بىز ھازىرغىچە ئۇنىڭ قاچان، قەيەردە ۋاپات بولغانلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇماتقا ئىگە بولالمىدۇق.

# ئۇيغۇر مىللىي ئۇسۇلچىلىغىدا ئەنئەنە بىلەن يېڭىلاشنىڭ مۇناسىۋىتى

رەنا مەخسۇت

ئۇيغۇر مىللىي ئۇسۇلچىلىغى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىز ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردە، ئۆز دەۋرىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتى ۋە ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن رەڭگا - رەڭ، گۈزەل ئۇسۇللارنى ئويناپ شۇ دەۋرنىڭ مەنىۋى ھاياتىنى جانلاندۇرۇپ كەلگەن.

ئۇيغۇر مىللىي ئۇسۇلچىلىغىنىڭ بىر قانچە مىڭ يىللىق راۋاجلىنىش تارىخى ئۇنىڭدا ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىش بىلەن يېڭىلىق يارىتىش ئاساسىدا راۋاجلىنىشتىن ئىبارەت بۇ مۇھىم قانۇنىيەتنىڭ بارلىغىدىن بىشارەت بەردى. بۇ قانۇنىيەتنى ئاڭلىق چۈشىنىش، ئاڭلىق ئىگىلەش، مىللىي ئۇسۇلچىلىغىمىزنىڭ ساغلام، تېز ۋە ئەتراپلىق راۋاجلىنىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھالقىلىق مەسىلە. مىللىي ئۇسۇلچىلىق ساھەسىدىكى ئىپتىخارلىق نەتىجىلىرىمىز بىلەن ئېچىنارلىق ساۋاقلىرىمىز بۇ مەسىلىنىڭ نەقەدەر كۈچلۈك نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىگىنى ۋە بۇ ھەقتە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈگىنى ئىسپاتلىدى.

## 1. ئۇيغۇر ئۇسۇلىنىڭ ئۈچ خىل ئاساسىي تۈرى

بارلىق ئۇيغۇر مىللىي ئۇسۇللىرىنى ئۈچ ئاساسىي تۈرگە بۆلۈش مۇمكىن، بۇلار: خەلق ئۇسۇللىرى، كلاسسىك ئۇسۇللار ۋە يېڭى شەكىلدىكى ئىجادىي ئۇسۇللاردىن ئىبارەت.

خەلق ئۇسۇللىرى، مىللىي ئۇسۇل سەنئىتىمىزنىڭ ئاساسىي بۇلىغى. بارلىق كلاسسىك ئۇسۇللار، يېڭى شەكىلدىكى ئىجادىي ئۇسۇللار، خەلق ھاياتىنىڭ ئۇسۇللۇق بەدىئىي شەكلى بولغان خەلق ئۇسۇللىرىنى مەنبە قىلىپ مەيدانغا كەلگەن. ھازىر خەلق ئارىسىدا كەڭ تارالغان مەشرەپلەر ۋە سەھنىدە ئوينىلىۋاتقان يېڭىدىن رەتلەنگەن بەزى ئۇسۇللار خەلق ئۇسۇللىرى ھېساپلىنىدۇ. بۇنىڭغا ئاتۇش ئۇسۇلى، دولان ئۇسۇلى، قاغىلىق سەنىمى، يەكەن سەنىمى، قەشقەر سەنىمى، ئىلى سەنىمى، نىم پەدە، داپ ئۇسۇللىرى، شادىيانە ۋە ساما ئۇسۇلى قاتارلىقلارنى مىسال قىلىش مۇمكىن.

كلاسسىك ئۇسۇللار مىللىي ئۇسۇل سەنئىتىمىزنىڭ پەخىرلىك نامايەندىسى. ئۇنىڭ كلاسسىك ئۇسۇل دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەپ، مۇنداق ئۇسۇللارنىڭ بىرىنچىدىن ئۈلگىلىك، ئىككىنچىدىن تارىخىي ئۇسۇل بولغانلىغىدا. ئۇيغۇر خەلقى تارىختىن بۇيان گۈزەل، نەپىس ۋە تەسىرچان، نەمۇنىلىك، تارىخىي كلاسسىك ئۇسۇللارنى ئىجات قىلىپ كەلگەن. بۇنىڭغا كۇچار قىزىل مىڭ ئۆيى، قۇم تۇرا مىڭ ئۆيى، تۇرپان بېزەكلىك ۋە يارغول غار ئۆيلىرىدىكى تام سۈرەتلىرىدە

تەسۋىرلەنگەن ئۇيغۇر كىلاسسىك ئۇسسۇللىرىنى مىسال قىلىش مۇمكىن. خەلق رىۋايەتلىرى ۋە تارىخىي خاتىرىلەردە ئەينى زاماندىكى ئۇيغۇر كىلاسسىك ئۇسسۇللىرىغا ئائىت روشەن ئىزاھات ۋە تەپسىلى مەدھىيىلەر ساقلانغان. بىز ئۇنىڭدىن كىلاسسىك ئۇسسۇللىرىمىزنىڭ گۈزەل تەسۋىرى ئوبرازىنى ۋە ئالاھىدە بەدىئى تەسىرىنى كورۈپ ئالالايمىز.

يېڭى ئىجادىي ئۇسسۇللار مىللىي ئۇسسۇل سەنئىتىمىز گۈلزارلىرىدىكى خەلق ئۇسسۇللىرى ۋە كىلاسسىك ئۇسسۇللىرىمىز ئاساسىدا يېڭى مەزمۇن ۋە يېڭى شەكىللەر بىلەن ئىجات قىلىنىپ، سەھنىلەشتۈرۈلگەن ياش نوتا - چېچەكلەردۇر. يېڭى شەكىلدىكى ئۇسسۇل دىگەن ئۇقۇم گەرچە يېقىنقى 40 - 30 يىلدىن بۇيانقى سەھنە ئىجادى كونسېرتلىرىنى كورسەتسىمۇ ئۇ يەنىلا تارىخى ئۇقۇم. ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردە مەيدانغا كەلگەن ئۇسسۇل مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن يېڭى شەكىلدىكى ئىجادىي ئۇسسۇل بولغان. ئۇنىڭ تارىخ تەرىپىدىن تاللانغانلىرى ئۆلگىلىك - كىلاسسىك ئۇسسۇل بولالىغان. تاللانمىغانلىرى رەتتىن چىقىرىلغان ۋە ئۇنتۇلۇپ كەتكەن. ئەگەر تارىخنىڭ چەكسىز ئېقىمىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، كەلگۈسى ئەۋلاتلىرىمىز ھازىرقى يېڭى ئىجادىي نومۇرلار ئىچىدىكى ئۆلگىلىك ئۇسسۇللارنىڭ تارىخ تەرىپىدىن داۋاملىق تاللانغانلىرىغا كىلاسسىك ئۇسسۇل سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىشى تەبىئى.

ئۇيغۇر مىللىي ئۇسسۇلچىلىقىنىڭ يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ئۈچ خىل ئاساسىي شەكلى ئىچىدە ئەڭ ئاساسلىقى خەلق ئۇسسۇللىرىدۇر. خەلق ئۇسسۇللىرى بارلىق مىللىي ئۇسسۇلچىلىقىمىزنىڭ ئانىسى، ھۇلى ۋە پۇتمەس - تۈگىمەس بۇلىقى. خەلق ئۇسسۇللىرىنىڭ بىپايان بۇلىقى دىققەت نەزىرىمىزنىڭ مەركىزىي نۇقتىسىغا قويماستىن ئۇيغۇر مىللىي ئۇسسۇلچىلىقىنىڭ تارىخىي خاتىرىسى ۋە كەلگۈسى مەنزىرىسىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئۇسسۇللىرىنىڭ ئاساسىي سالمىقىمۇ يەنىلا قەدىمىي ئۇيغۇر خەلق ئۇسسۇللىرىدىن ئىبارەت بولغان. ئوخشاشلا، ھازىرقى ئۇيغۇر خەلق ئۇسسۇللىرىنىڭ مەلۇم قىسمى بوددىزىم دەۋرىدىكى شىنجاڭ غار سورەتلىرىدە ۋە تارىخىي خاتىرىلەردە تەسۋىرلەنگەن ئۇيغۇر كىلاسسىك ئۇسسۇللىرى بىلەن ھەرىكەت شەكلى ۋە رىتىم خۇسۇسىيىتى جەھەتتە تارىخىي بىردەكلىككە ئىگە بولغان. بىز «ساما سەيلانى»، «پىقىرما ئۇسسۇل»، «چەش ئۇسسۇلى»، «بەربايچى قىز ئۇسسۇلى»، «نىلوپەر پەرزەنتلىرى» قاتارلىق قەدىمقى زامان ئۇسسۇللىرى بىلەن، داپ ئۇسسۇلى، ساما ئۇسسۇلى قاتارلىق ھازىرمۇ ئوينىلىۋاتقان خەلق ئۇسسۇللىرىنىڭ ئورغۇنلىغان شەكلى ۋە ھەرىكەت بىرلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. ئېچىنىشلىق يېرى شۇكى، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئۇسسۇللىرى ئۈستىدىكى ئىزدىنىش ۋە تەتقىقات تېخى يولغا قويۇلمىدى. ھەتتا بەزىدە تېخىمۇ گودەكلىك بىلەن ئۇيغۇر ئۇسسۇلچىلىقىنىڭ بىر زامان ئالەم ئۇسسۇل مۇنبىرىنى زىل - زىلىگە سالغان بۇ قىممەتلىك نەپىس بايلىقىنى ئىنكار قىلىش، چەتكە قېقىشتەك ناتوغرا كوز قاراش ئاسارىتىگە دۇچ كېلىپ تۇردۇق.

دەۋرىمىز بىزدىن سوتسىيالىزمنىڭ بارلىق ئەۋزەللىكلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، خەلقنىڭ ماددى پاراۋەنلىكى بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەت پاراۋانلىقىنى تېز يۈكسەلدۈرۈشنى تەلەپ قىلماقتا. بىز دولىتىمىزنى توتتە زامانىۋىلاشتۇرۇشتەك ئۇلۇق سەپەرگە ئاتلانغان چېغىمىزدا. ئۇيغۇر ئۇسسۇلچىلىقىنى ئۇنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە ئىلمىي يوسۇندا گۈللەندۇرۇش ئۈچۈن ئەڭ ئاۋال ۋارىسلىق قىلىش بىلەن يېڭىلاشنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

## 2. ئاۋال ۋارىسلىق قىلىش ئاندىن يېڭىلىق يارىتىش

يېڭىلىق يارىتىش — دەۋرىمىزنىڭ ۋە خەلقنىڭ تەلىۋى، سەنئەتنىڭ تەقەززاسى.

يېڭىلىق يارىتىشقا كىرىشكەنلەر ئىچىدە نەتىجە قازانغانلىرىمۇ، مەغلۇپ بولغانلىرىمۇ بار. مەغلۇپ بولغانلىرى ئىچىدە تارىخىي ئەنئەنىۋى مىراسلارنى ئىنكار قىلىپ "يېڭىلىق" ياراتقانلىرىمۇ ياكى ئەنئەنىۋى ئۇسۇللارغا يېڭى نام قويۇپ "يېڭىلىق" ياراتقانلىرىمۇ بار. تېخى يېڭىلىق ياراتمىغان، بىراق يېڭىلىق يارىتىش ئۈمىدىدە تۇرغان سەنئەت خادىملىرى ئارىسىدا ياۋروپا بالېت ئۇسۇللىرىنى ئاساس قىلىش، خەلق ئۇسۇللىرىنى قوشۇمچە قىلىش دېگەن كۆز قاراشلارمۇ يوق ئەمەس. بۇ خىل كۆز قاراش ئاپەتلىك يىللاردا ئاشكارا مۇقامغا ئايلىنىپ قالغان ئىدى.

مەلۇمكى، ئۇسۇل سەنئىتى تۇرمۇشنىڭ بەدىئىي ئىپادىسى. دۇنيادا غەيرىي مىللىي ئابستراكت تۇرمۇش، غەيرىي مىللىي ئابستراكت ئۇسۇل سەنئىتى مەۋجۇت ئەمەس. ھەر قايسى مىللەت ئۇسۇللىرىغا ئوخشاشلا، ئۇيغۇر ئۇسۇللىرى ئۇيغۇر مىللىتىگە خاس مىللىي ئۇسۇل بولۇپ كەلگەن. ئۇيغۇر ئۇسۇلچىلىقىغا مىللىي خاراكتېر بېغىشلىغان نەرسە: ئۇسۇللۇق تىل، ئۇسۇللۇق ئوبراز، ئۇسۇللۇق رىتىم، ئۇسۇللۇق بەدىئىي لەززەتكە مەنبە بولغان ئۇيغۇر ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ ئۆزىگە خاس مىللىي خۇسۇسىيىتى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ پسىخىك خاراكتېرىدۇر.

ئۇنداقتا، ئۇسۇل ئىجادىيىتىدە يېڭىلىق يارىتىشنىڭ قانۇنىيىتى قانداق بولۇشى كېرەك؟ بۇ — ئۇسۇل سەنئىتىدە ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا يېڭىلىق يارىتىشتىن ئىبارەت سەنئەت قانۇنىيىتىنى ئەمەلىي ئىجادىيەت جەريانىغا ئىزچىل تەدبىقلاش دېگەنلىكتۇر.

ۋارىسلىق قىلىش، سەنئەتنىڭ تارىخىي ئىزچىللىقى بويىچە ئىلگىرىلەش بولۇپ، ئەينى تارىخىي دەۋرنىڭ روھىنى ئەكسى ئەتتۈرۈشتۇر. ۋارىسلىق قىلىشتىن مەقسەت يېڭىلىق يارىتىش ۋە ئۇسۇل سەنئىتىنى بۈگۈنكى سوتسىيالىستىك دەۋرىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، شۇ ئارقىلىق كەلگۈسى ئۇسۇل سەنئىتىگە تارىخىي ئاساس يارىتىش ئۈچۈندۇر.

مىللىي ئۇسۇلچىلىقىمىزدا چەتئەللەرنىڭ ئۇسۇل مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە قانداق مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسىمۇ مەۋجۇت. دەرۋەقە، چەتئەللەرنىڭ ئۇسۇل تارىخىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئىنسانىيەت ئۇسۇل سەنئىتى تارىخىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ مۇھىم بىر تارمىقى. ياۋروپا بالېتىنى مىسالغا ئالساق، ئۇ، يېقىنقى ئىككى ئەسىردىن بېرى ياۋروپا، ئامېرىكا قىتئەلىرىدە ئومۇملاشتى. ھەتتا ئۇ ھازىرقى زامان ئۇسۇلىنىڭ مۇھىم ئامىلى سۈپىتىدە دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىغىمۇ تەسىر كۆرسەتتى.

ياۋروپا بالېتلىرىغا مۇئامىلە قىلغاندا (باشقا مىللەت ئۇسۇللىرىمۇ خۇددى شۇنداق) ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئۇسۇللۇق ئوپېراغا قاراپ راۋاجلانغان ۋەقەلىك قۇرۇلمىسىنى، ئۇسۇل ئارقىلىق بىرەر كومېدىيە، تىراگېدىيە، رېئال ياكى تارىخىي ۋەقەنى ئىپادىلەش جەھەتتىكى ئۇتۇقلىرى بىلەن مۇزىكا ئۇيۇشتۇرۇش تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىشنى چەتكە قاقماسلىقىمىز لازىم. ياۋروپا بالېتىدىكى پۇتنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئوينايدىغان ئۇسۇللۇق ھەرىكەتلەرنى ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق

دەرىجىدە ئۆزلەشتۈرۈپ قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ياۋروپا بالېتلىرىنى چەتئەل ئۇسۇللىرى سۈپىتىدە تاماشىبىنلارغا ئويناپ تونۇشتۇرۇشمۇ مۇمكىن.

دېمەك، ئالدى بىلەن ۋارىسلىق قىلىش، ئاندىن ۋارىسلىق قىلىنغان ئەنئەنىۋى ئۇسۇللار ئاساسىدا يېڭىلىق يارىتىش، دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەر ۋە مىللەتلەر ئۇسۇل تارىخىدا بىردەك ئىسپاتلىغان ئۇسۇل تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي قانۇنىيىتى. بۇ قانۇنىيەت ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۇسۇل سەنئىتىدە ئۆزلەشتۈرۈشكە بولىدىغان بىر بولۇك غەيرى مىللى ئۇسۇللۇق ئامىللارنى قوبۇل قىلىشنى چەتكە قاقمايدۇ.

غەيرى مىللى ئۇسۇللۇق ئامىللارنى قوبۇل قىلغاندا ئۆز مىللىتىنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇشىدىكى ئۇسۇللۇق ھەركەتلىرىگە ئۆزلىشەلەيدىغان، مىللى ئۇسۇلىنىڭ مىللىيەتلىك ۋە گۈزەللىك تەلەپلىرىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان بولۇشى شەرت قىلىنىدۇ. ئەگەر قوبۇل قىلىنغان غەيرى مىللى ئۇسۇللۇق ئامىللار شۇ مىللەتتە تارىختىن بېرى شەكىللەنگەن ئەنئەنىۋى سىمۋوللۇق ھەركەتلەرنى كۈچەيتمەي ئۇنى بۇزىدىغان بولسا، بۇ زورلاپ تاڭغانلىق بولىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، ۋارىسلىق ئاساسىدا يېڭىلىق يارىتىشتا، مىللىي ئەنئەنىلەرنىڭ بەزى تەرەپلىرىنى ئىسلاھ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، مىللى ئۇسۇل مىراسلىرىمىز ئۆز دەۋرىنىڭ رېتىملىق تۇيغۇسى، ئىجتىمائىي ۋە بەدىئىي كوز قارىشى، ھەركەت چەكلىمىسى بىلەن چەكلەنگەن. ئۇ چەكسىز ۋە ھەممىگە قادىر نەرسە ئەمەس. ئىسلاھ قىلىشتا دادىللىقمۇ، ئىنچىكىلىكمۇ بولۇشى كېرەك. ساقلايدىغان نەرسە بىلەن ئۆزگەرتىدىغان نەرسىنىڭ چېگرىسى ۋە دەرىجىسىنى توغرا ھەل قىلىش، قارا - قويۇق ساقلاپ قالماسلىق، قارا - قويۇق ئۆزگەرتىۋەتمەسلىك لازىم. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر مىللى ئۇسۇللىرىنى يېڭى تارىخىي دەۋرگە يېتەكلەپ كىرىشىمىز لازىم. ئەمما بىز ئۇيغۇر مىللى ئۇسۇللىرىنى كونا پېتى ساقلاپ قېلىپ، ئۇنىڭ زامانىۋى يېڭى شەكلىنى ياراتماسلىق ياكى ئۇيغۇر مىللى ئۇسۇللىرىنى قوشۇمچە نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا غەيرى مىللى ئۇسۇللارنى دەسسىتىشتەك ئىككى خىل ناتوغرا خاھىشقا ئۇزۇل - كېسىل قارشى تۇرۇشىمىز لازىم.

## 3. ئۇيغۇر كىلاسسىك ئۇسۇللىرىنى يېڭى ھاياتىي كۈچكە ئېرىشتۈرۈش

ئۇيغۇر مىللى ئۇسۇلچىلىقىدا ۋارىسلىق قىلىش بىلەن يېڭىلاشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا ھەل قىلىپ گۈللەندۈرۈشتە، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئۇسۇللىرىغا قانداق مۇئامىلە قىلىش كورۇنەرلىك مەسىلە بولۇپ تۇرماقتا. ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى نەپىس مىللى ئۇسۇللىرىمىزنى تاشلىۋېتىش لازىممۇ ياكى ئۇنى تەتقىق قىلىپ، ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىپ ئۇنىڭ يېڭى زامانىۋى شەكلىنى بەرپا قىلىش لازىممۇ؟ بۇ چوڭقۇر ئويلىنىپ ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە.

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئۇسۇللىرى ئەينى زاماندا ئۆزىنىڭ لەرزان ياكى جەڭگىۋار مۇزىكىلىق رىتىمى، رەڭگا - رەڭ نەپىس ھەركەتلىرى، گۈزەل كىيىم - كېچەك ۋە زىبۇ - زىننەتلىرى بىلەن ئۇسۇلچىلىق گۈلزارىغا ھوسۇن قوشۇپ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ، ھەتتا غەيرى مىللەت تا-

ماشىنىلىرىنىڭ يۇقۇرى باھاسىغا ئېرىشكەن ئىدى. ھازىرمۇ ياپونىيە، گېرمانىيە، تۈركىيە قاتارلىق ئەللەرنىڭ سەنئەت تارىخچىلىرى ئۇيغۇر كىلاسسىك ئۇسۇللىرى تەتقىقاتىغا ئالاھىدە قىزىقماقتا.

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئۇسۇللىرى زور ھاياتىي كۈچ مەنبەسىگە ئىگە بولغان يوشۇرۇن سەنئەت غەزىنىسى. ئەگەر تەتقىقاتچىلىرىمىز، رېژىسسورلىرىمىز، مۇزىكانتلىرىمىز ۋە ئۇسۇلچىلىرىمىز كىلاسسىك مىللىي ئۇسۇلىمىزدىكى ھەر خىل تۈر ۋە شەكىللەرنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىدىغانلا بولسا، ئۇنىڭدىكى خەلق رىۋايەت - چۆچەكلىرى ۋە رېيال ھاياتنى ئىپادىلەيدىغان بەدىئىي ۋاستىلارنى ھازىرقى دەۋرىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇپ، ئۇيغۇر يېڭى ئۇسۇلچىلىقىنىڭ گۈللەنگەن يېڭى مەنزىرىسىنى بەرپا قىلالايدۇ.

ئەلۋەتتە، ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى ئۇسۇل مىراسلىرىمىزنى ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىشتا بەزى توسالغۇلار بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئادەت كۈچىدۇر.

كىلاسسىك ئۇيغۇر ئۇسۇلچىلىقىدىن ئىبارەت بۇ سەنئەت غەزىنىسىنى بىر قانچە ئەسىرلىك نادانلىق توپا - چاڭلىرى كۆمۈپ تۇرماقتا. ئۇ ئەجرى سىڭدۈرمىسە ئۆزلىكىدىن ئېچىلمايدۇ.

مىللىي ئۇسۇلچىلىقىمىزنى يېڭى بىر دەۋرگە يېتەكلەش، سەنئەتنىڭ ھەر قايسى سەپلىرىدىكى ئۇسۇل سەنئىتىگە مۇناسىۋەتلىك خادىملارنىڭ بىردەك كۈچ چىقىرىپ، جاپالىق ئەجرى سىڭدۈرۈشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بىز يېقىن كەلگۈسىدە ئۇيغۇر مىللىي ئۇسۇلچىلىقىنىڭ زامانىۋى يېڭى پەللىگە ئۆرلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز ۋە بۇ ئۈمىدىمىزنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا ئىشەنچ باغلايمىز.

## ئېسىمگە سالدى

(يۇمۇر)

ئەپەندىم ئويۇنغا كىرگەن ئىكەن، سەھنىدىكى يالغۇز ناخشىچى نۆۋەتتىكى ناخشىنى باشتىن - ئاخىر جىنىنىڭ بېرىچە يۇقىرى ئاۋازدا توۋلاپ تاماشىبىنلارنىڭ قۇلاق - مېڭىسىنى يەپتۇ. بۇنىڭغا بىئارام بولۇپ ئولتۇرغان ئەپەندىم ناخشا تازا ئەۋجىگە چىققاندا، ئۇشتۇمتۇت ئالدىنقى رەتتە ئولتۇرۇپ ئويۇن كورۋاتقان ياش يىگىتنىڭ بېشىنى سىلاشقا باشلاپتۇ، بۇنىڭغا ھەيران بولغان ياش يىگىت كەينىگە بۇرۇلۇپ سوراپتۇ:

- ئەپەندىم، بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟ ئويۇن كورمەي، نېمىشقا مېنىڭ بېشىمنى سىلايسىز؟

ئەپەندىم ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشىدىن خىجىللىق ھېس قىپتۇ - دە، دەرھال قولىنى تارتىپ:

- كەچۈرۈڭ، ياش يىگىت، مۇنۇ ناخشىچىنىڭ ئاۋازى ئۆيدىكى قاغىش نەۋرەم ئازاتنى ئېسىمگە سالدى، - دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

پەتتار رەھىم

AltunOq



(بىر پەردىلىك دىراما) ①

## شۇكۇر يالقىن

## قاتناشقۇچىلار

جىڭ گويى: 35 ياشلاردا، شاڭخەيلىك كىچىكرەك كاپىتالىست.
جىڭ گوپېڭ: 26 ياش، ئۇنىڭ ئىنىسى.
جىڭ گولەن: 21 ياش، ئۇلارنىڭ سىڭلىسى.
لى نەينەي: 60 ياشلاردا، جىڭ گولەننىڭ ئىنىكئانىسى.
ۋىتا كۇئا: 46 ياش، ياپون گېنېرالى، شاڭخەي، ھەربى پولىتسىيە باشلىقى.

ۋاقتى: ياپون باسقۇنچىلىرى شاڭخەينى بېسىۋېلىپ كوپ ئۇتمەستىن يۇز بەرگەن.

[شاڭخەيدىكى كوپ قەۋەتلىك بىنالاردىن بىرىدە توتىنچى قەۋەتكە جايلاشقان جىڭ فامىلىلىكلەرنىڭ مېھمانخانا ئويى. ئوڭ تەرەپ بۇرجەكتە كارىدورغا چىقىپ كېتىدىغان چوڭ ئىشىك. ئوڭ تەرەپ تۇۋەنرەكتە ئىچكەركى ئويگە كىرىدىغان كىچىك ئىشىك. ئۇدۇلدا سىرتقا قارىغان چوڭ دېرىزە، لېكىن ئۇ كورۇمسىزرەك قىلىن قارا پەردە بىلەن قاپلانغان. مېھمانخانا جۇڭگو ئۇسلۇپىدىرەك بولغان ياۋروپاچە جاھازلانغان]

پەردە ئېچىلىدۇ

[كەچقۇرۇن. مېھمانخانىدا ئادەم يوق. تېلېفون تەكرار جىرىڭلايدۇ. جىڭ گولەن ئادەتتىكى ئوي كىيىمىدە كىچىك ئىشىكتىن كىرىدۇ]

جىڭ گولەن: مۇشۇنداق دەھشەتلىك كۇنلەردە كىممۇ ئۇستىلەپ تېلېفون بېرىدىغاندۇ؟ (تۇرۇپكىنى ئالىدۇ) ئالو، كىم؟ ھە، شۇ. سىز كىم؟ ھە؟! (تۇرۇپكىنىڭ ئاغزىنى قولى

① ئەسلى نۇسخىسى 1939 - يىلى يېزىلغان. ئەسلى نۇسخىسى تېپىلمىغانلىقتىن ئەسلىمە بويىچە قايتا يېزىلدى.

بىلەن ئېتىۋېلىپ ئۈزىچە) يەنە شۇ ئالۋاستى! بۇ قانخور ياپون گېنېرالى بىزنىڭ ئائىلە بىلەنلا بولۇپ قالدىغۇ. ياق - ئەمەس دەي، (تۇرۇپكىغا) ئالو، ھەي! بۇ ئەمەس، سىز خاتا تېلېفون بېرىپ قويغان ئوخشايسىز. ئەمەس، ئەمەس. بىلمەيمەن، بۇ ئەمەس (تۇرۇپكىنى قويىدۇ). يەنە چوڭ ئاكامنى سورايدۇ، بىلمەيمەن بۇ ئەمەس دېگىنىم دۇرۇس بولدى. (مۇزىكا) ئاكام جىڭ گويى ئۆزىنى دۈشمەننىڭ قوينىغا ئاتقاندەك ئا- جايىپ بىر ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ. زادى چۈشىنەلمەيمەن. (تېلېفون جىرىڭلايدۇ. قىز تېلېفون تەرەپكە ئىككى - ئۈچ قەدەم ماڭىدۇ، توختاپ ئويلايدۇ. ئاندىن كەسكىن قول شىلتىپ كەينىگە يانىدۇ، دېرىزە يېنىغا كېلىپ قارا پەردىنىڭ بىر بۇرجىكىنى كوتىرىپ تالاغا قارايدۇ) زىمىستان كېچە، شاڭخەي كېچىسى! نىمە دېگەن قاراڭغۇ- چىلىق. بويسۇندۇرۇلغان، ئاياق ئاستى قىلىنغان شاڭخەينىڭ زۇلمەتلىك كېچىسى! (تېلې- فون قايتا - قايتا جىرىڭلايدۇ. قىز بىر قاراپ قويۇپ، يەنە كەسكىن بۇرۇلىدۇ، دېرى- زىگە غەمكىن قارايدۇ) قاراڭغۇ شاڭخەي... نىمە بولۇپ كەتتى بۇ شەھەر؟ (تېلېفون يەنە جىرىڭلايدۇ، قىز قاراپمۇ قويمايدۇ)

[لى نەينەي كىچىك ئىشكتىن ئەنسىرىگەن ھالدا ئالدىراش كىرىدۇ]

لى نەينەي: خۇدايىمەي تېلېفون توختىماي جىرىڭلاۋاتىدۇ. ئۇنىڭغا جاۋاپ قىلغىدەك بۇ يەردە بىرمۇ ئادەم چىقمىسا، (تۇرۇپكىنى ئالىدۇ) ھە، دەل شۇ، توغرا شۇ. سىزگە كىم كېرەك؟ جىڭ گويى ئەپەندىمۇ؟ ئۇيدە بار، كەچلىك غىزا يەۋاتىدۇ. تېلېفونغا قىچقىرايمۇ؟... ئېيتىپ قويسا ملا بولامدا؟ ھازىر كېلەمسىز؟... ماقۇل، مەن دەپ قوياي، ئۇيدە ساقلاپ تۇرسۇن. ھەي، ئۆزىڭىز كىم؟ نەدىن تېلېفون بېرىۋاتىسىز؟ باش پولىس مەھكىمىسىدىن، گېنېرال ۋىتاكوئا دېدىڭىزما؟ خۇدايىمەي، مەن، مـەن... جىڭگولە- نىڭ ئىنىڭئانىسى... بولىدۇ، بولىدۇ، دەپ قوياي (قوللىرى تىترەپ تۇرۇپكىنى قويىدۇ) خۇدايىمەي، پۈت - قولۇمدا جان قالمىدى.

جىڭ گولەن: لى نەينەي جاۋاپ بەرمىسىڭىز بولاتتى.

لى نەينەي: (چوچۇپ كېتىدۇ) ۋايجان، قىزىم گولەن، سىز بۇ يەردە بارمىدىڭىز؟

جىڭ گولەن: قورقماڭ، مەن باياتىن مۇشۇ يەردە. تېلېفونغا قەستەن جاۋاپ بەرمىگەن ئىدىم. سىز راستىنى ئېيتىپ قويدىڭىز.

لى نەينەي: خۇدايىمەي، مەن نىمە ئىش قىلىپ قويدۇم. ئەمەس دېيىشىم كېرەك ئىكەن - دە. ھىلىمۇ ئەمەس دەپ، گېپىمنى ياندۇرىۋالايمۇ؟ (تېلېفونغا ئىنتىلىدۇ)

جىڭ گولەن: ياق، ئەمدى ۋاقىت ئۆتتى. مۇما، بۇ تېلېفون بەرگەن كىشىنى بىلەمسىز؟

لى نەينەي: بىلەلمەيمەن قىزىم. گېنېرال دەيدۇ، مەھكىمە، ساقچى دەمدۇ، ئىشقىلىپ...

جىڭ گولەن: دەل ئۆزى، گېنېرال ۋىتاكوئا، پولىتسىيە باشلىغى. ھازىر شاڭخەيدە قىرغىنچىلىق قىلىۋاتقان، تىنچ ئاھالىغا دەھشەت سېلىۋاتقان، ئەڭ ئوبدان ئادەملەرنى قىدىرىپ قولغا ئېلىۋاتقان جاللات شۇ.

لى نەينەي: خۇدايىمەي، دېمىسەكمۇ بوپتىكەن. ئاكىڭىزنىمۇ كېلىپ قولغا ئالارمۇ؟

جىڭ گولەن: ياق، كىچىك ئاكام گوپىڭ ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشمەيدۇ. چوڭ ئاكام گويىنى ئۇلار قولغا ئالمايدۇ.

لى نەينەي: چوڭ ئاكىڭىز ئۇلار بىلەن دوستمۇ؟

جىڭ گولەن: ئاددى خائىن بولسىلا مەيلى ئىدىغۇ.

لى نەينەي: (هەيران بولۇپ) ئەمىسە قانداق؟

جىڭ گولەن: (ئازاپلىنىپ) هازىرچە دېيەلمەيمەن. دوستىمۇ، خائىنمۇ ياماىراق بىر نىمە بولماقچىدەك.

لى نەينەي: ھېچنىمە چۈشەنمىدىم، خۇدايىمەي...

جىڭ گولەن: مەن ئۆزەممۇ چۈشىنەلمەيۋاتىمەن. ھەر ھالدا بىز ئۈچۈن... مەن ئۈچۈن ياخشىلىق يوقتەك قىلىدۇ.

لى نەينەي: (قورقۇپ) خۇدايىمەي، ئۆزەڭ ساقلا.

جىڭ گولەن: ئەمدى سىز چىقىپ چوڭ ئاكامغا تېلېفوندىكى خەۋەرنى دەپ قويۇڭ.

لى نەينەي: بولىدۇ، مەن چىقاي. سىزمۇ قىزىم بۇ يەردە يالغۇز ئولتۇرماڭ. ھېلىقىدەك بىرنىمىلەر كېلىپ قالسا، كوزدىن نېرىراق تۇرغىنىڭىز ياخشى.

[كىچىك ئىشىكتىن چىقىپ كېتىدۇ]

جىڭ گولەن: (يالغۇز خىيال سۈرىدۇ) چۈشىنىپ يېتەلمەيمەن. دادام ھايات چېغىدا كاپىتالىنىڭ كوپ قىسمىنى ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ۋەتەن مۇداپىئەسى ئۈچۈن ئىئانە قىلىۋەتتى. ئانام ياپونلارنىڭ بومباردىمانىدا ھالاك بولدى. ئەمدى بولسا ئاكام گويى ئەنە شۇ دادام قارشى تۇرغان، ئاپامنى ئولتۇرگەن ياپون قاراقچىلىرى بىلەن ئېغىز بۇرۇن يالىشىۋاتىدۇ. بۇ ئەھۋالغا مەرھۇم ئاتا ـ ئانىلىرىمنىڭ روھى قانداق چىدايدىكىن؟...

[جىڭ گويى كىچىك ئىشىكتىن كىرىدۇ. ئۈستىدە ئېسىلراق رەختتىن تىكىلگەن چىپاۋ چاپان، بېشىدا شلەپە]

جىڭ گويى: ھە، سىڭلىم گولەن، بۇ يەردە ئىكەنسەن.

جىڭ گولەن: ھە، ئاكا... (چۆچۈپ كەتمەكچى بولۇپ ماڭىدۇ)

جىڭ گويى: توختا سىڭلىم، نەگە ئالدىرايسەن؟

جىڭ گولەن: ياق ئالدىرىمىدىم. (ئىككىلىنىپ توختايدۇ) ئىش بارمىدى، ئاكا؟

جىڭ گويى: (ئۇنىڭغا دىققەت بىلەن قاراپ) بىر ئاز خاپا كورۈنەمسەن نىمە؟

جىڭ گولەن: مەرھۇم دادام بىلەن ئاپام يادىمغا يېتىپ قالدى.

جىڭ گويى: ھە، ئۇلار ھەر دائىم مېنىڭمۇ يادىمغا يېتىپ تۇرىدۇ. لېكىن ئۇلار ئولۇپ كەتتى، نىمە ئامال بار. ماتەم تۇتۇشىمىزمۇ چېكى بولىدۇ. بىز ۋەيرانلىقىقا يۈزلەنگەن ئائىلىمىزنى يېڭىۋاشتىن گۈللەندۈرۈشىمىز كېرەك. ھازىر يېڭى ۋەزىيەت بىز ئۈچۈن گۈللىنىش پۇرسىتىنى ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ...

جىڭ گولەن: ياپونلارنىڭ قانلىق تاپىنى ئاستىدىمۇ؟

جىڭ گويى: مەيلى كىمنىڭ بولسۇن، بىز ئۈچۈن ئوخشاش. پەقەت ۋەيران بولغان ئىقتىسادىمىز

قايتا تىكلەنسە، ئائىلىمىز يېڭىۋاشتىن گۈللەنسە، بولدى ئەمەسمۇ؟

جىڭ گولەن: (كىنايىلىك) بۇ بىر قىسما غەلىتە گۈللىنىش ئىكەن.

جىڭ گويى: مەيلى قانداقلا بولسۇن ئائىلىمىز گۈللەنسە بولدى.

جىڭ گولەن: زادى سىز نىمە قىلماقچى، ئائىلىمىزنى قانداق قىلىپ گۈللەندۈرمەكچى؟

جىڭ گويى: ياپونلار قولغا ئېلىپ مال - مۈلۈكىنى مۇسادىر قىلغان بىر جۇڭگولۇق كاپىتالىستنىڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنى قولغا چۈشۈرۈپ...

جىڭ گولەن: ئۇنى قانداق قىلىپ قولغا چۈشۈرەلەيسىز؟

جىڭ گويى: بۇ ساڭىمۇ مەلۇمغۇ، هازىر شاڭخەينىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنى تىزگىنلەپ تۇرغان گې-نېرال ۋىتاكوئا بىلەن يېقىنلىشىش ئارقىلىق.

جىڭ گولەن: ئۇنىڭ بىلەن قانداق يېقىنلىشالايسىز؟

جىڭ گويى: (ھىجىيىپ) ھە، مانا بۇ ئاچقۇچلۇق مەسىلە. هازىر گېنېرالغا بىزنىڭ ماددى - ئىقتى-سادى سوغىمىز ئېھتىياجلىق ئەمەس. شۇنداقلا ئۇنى قانائەتلەندۈرگۈدەك بايلىقىمۇ بىزدە يوق. (ماختىنىپ) لېكىن مېنىڭدە يەنىلا ئاچقۇچ بار. يەنى ئۇنى قىزىقتۇرالايدى-غان نەرسە بىزدە مەۋجۇت، بۇ ھەقتە كېيىن سۆزلىشىمىز. هازىر بولسا...

جىڭ گولەن: سىز نىمە دىمەكچى بولىسىز؟

جىڭ گويى: سەن نادانلىق قىلماي بۇ كىيىملىرىڭنى تاشلا، ھەقىقى شاڭخەيلىكتەك چىرايلىق كى-يىنىۋال. ئائىلىمىزنىڭ تەقدىرى ئۈچۈن، ھەممىمىزنىڭ بەختلىك تۇرمۇشى ئۈچۈن مانا مەن كاپالەتلىك قىلىمەن. (چوڭ ئىشىك تەرەپتىن زۇۋانلۇق ئاڭلىنىدۇ) ماڭا مېھمانلار كەلدى بولغاي، مەن ئالدىرايمەن سىڭلىم. بىز يەنە سېنىڭ بىلەن كەڭ - كۇشادە سوھبەتلىشىمىز، بۇ مېنىڭ پىلانىم ئۈچۈن تولىمۇ زورۇر.

جىڭ گولەن: (تەنىلىك ئاھاڭدا) ئاكا سىزگە، رەڭگا - رەڭ مېھمانلاركوپ كېلىپ تۇرىدىغان بولدىغۇ؟!
(كەسكىن قەدەم تاشلاپ كىچىك ئىشىكتىن چىقىپ كېتىدۇ)

جىڭ گويى: (سىڭلىسىنىڭ كەينىدىن ئالمىيىپ قارايدۇ) ھىم، بۇ گويىڭنىڭ ئىزىدىن ماڭماقچى بول-ۋاتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كەسكىنرەك سۆزلىشىپ، تېزدىن ئۇنى ئۆزۈل - كېسىل باش ئەگدۇرۇش كېرەك (قوڭغۇراق يەنە جىرىڭلايدۇ) مانا مەن هازىر (ئالدىراش چوڭ ئىشىك-نى ئېچىپ چىقىپ كېتىدۇ)

[لى نەينەي كىچىك ئىشىكتىن كىرىدۇ]

لى نەينەي: خۇدايىمەي بۇئۇيدىكى ئىشلارنى زادىلا بىلەلمەيۋاتىمەن. (ئۆيىنى تۈزەشتۇرۇپ، ئۇ يەر - بۇ يەرنى سۈرتكەن بولىدۇ)

[جىڭ گويى ۋىتاكوئانى چوڭ ھورمەت بىلەن باشلاپ كىرىدۇ]

جىڭ گويى: مەرھەمەت قىلىشىڭىزنى ئائىلىمىز ئۈچۈن شان - شەرەپ دەپ بىلىمەن، گېنېرال جا-ناپلىرى، قېنى ئىلتىپات قىلغايسىز.

ۋىتاكوئا: بىز ئۆز كىشى، دوستلار ئارا تەكەللۇپ هاجەت ئەمەس، جىڭ گويى ئەپەندى.

جىڭ گويى: شۇنداقتىمۇ گېنېرال جاناپلىرى، بىز سىزنى ھورمەتلىمەي تۇرالمايمىز. پۈتۈن شاڭخەي

سوزسىز سىزگە بويسۇنماقتا، جۇملىدىن بىزمۇ شۇنداق. ئولتۇرۇشىڭىزنى ئۈمىت قىلىمەن.

ۋىتا كۇئا: (ئولتۇرىدۇ) سوزىڭىزدە قىسمەن ھەقىقەت بار. ھازىر پۈتۈن شاڭخەينىڭ تەقدىرى مېنىڭ قولۇمدا. لېكىن سىزنىڭ شەرەپلىك ئائىلىڭىز بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئەكسىچە ھازىر شەخسەن مېنىڭ تەقدىرىم سىزنىڭ ئائىلىڭىزنىڭ قولىغا مەركەزلىشىپ قالدى.

جىڭ گويى: مەسىلە چۈشىنىشلىك، گېنېرال جاناپلىرى، بىز بىر - بىرىمىزنىڭ بەختى ئۈچۈن ھېچنىمىنى ئايىمايمىز دەپ ئويلايمەن.

ۋىتا كۇئا: رەھمەت جىڭ گويى ئەپەندى (مەمنۇنلۇق بىلەن كۈلىدۇ)، رەھمەت سىزگە. بىزنى قەدىرلىگۈچىلەرنى بىزمۇ جان تىكىپ قوغدايمىز. (مومايغا قاراپ قويۇپ) بۇ خانىمدان ئىچكى جەھەتتىن خاتىرجەممۇ، يەنى خەتەرسىزمۇ؟

جىڭ گويى: ئۆزىڭىزنى ئۆز مەھكىمىڭىزدىكىدەك خاتىرجەم ھېس قىلىشىڭىز مۇمكىن. (مومايىنى كورسىتىپ) بۇياق لى يەڭگە، بىزنىڭ سىڭلىمىز گولەن قىزنىڭ بوۋاق چېغىدىكى ئىنىگئانىسى. يىگىرمە يىلدىن بۇيان بىزنىڭ ئائىلىدە ياشاپ، ئۆز كىشىمىز بوپ قالدى.

ۋىتا كۇئا: ھە، چۈشىنىشلىك. (مومايغا قاراپ) دېمەك تېلېفوندا ماڭا جاۋاپ بەرگەن ھورمەتلىك يەڭگىمىز سىز ئىكەنسىز - دە.

[موماي ۋىتاكۇئاغا بىر قاراپ قويىدۇ - دە، سوزسىز ئۆز ئىشى بىلەن بولىدۇ]

جىڭ گويى: (بۇ ئەھۋالدىن بىر ئاز ئوڭايسىزلىنىدۇ. مومايغا) لى يەڭگە سىز ئىچكىرىدىكى بەزى ئىشلارغا قارىشىپ بېرىڭ. سىڭلىم گولەنگە ئېيتىڭ، ئۇ چاي ئەكىرىپ، ئېزىز مېھمىنىمىزغا ئۆز قولى بىلەن چاي تۇتسۇن، تاماكا تۇتسۇن.

[موماي بۇلارغا بىر قاراپ قويۇپ سوزسىز كىچىك ئىشىكتىن چىقىپ كېتىدۇ]

ۋىتا كۇئا: (مومايىنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قېلىپ) گۇمانخورلۇغۇم ئۈچۈن كەچۈرگەيسىز، جىڭ گويى ئەپەندى. مەن ئەزەلدىن مالاي خەققە تولا ئىشىنىپ كېتەلمەيمەن.

جىڭ گويى: بۇ ئاقىلانە كوز قاراش، گېنېرال جاناپلىرى. بىزمۇ شۇنداق كوز قاراشتا. ئەمما بۇ موماي بىزگە تولىمۇ ئۆز ۋە قەدىردان بولۇپ كەتكەن. ئۇ سىڭلىمىز گولەنگە ئۆز ئانىمىزدىنمۇ مېھرىۋانراق.

ۋىتا كۇئا: سوزىڭىزگە تولۇق ئېتىماد قىلىمەن.

جىڭ گويى: خاتىرجەم بولغايسىز.

ۋىتا كۇئا: رەھمەت سىزگە، مەن ئۆز ئادىيۇتانتىمنى كوچىدا ماشىنىدا قالدۇرۇپ كىردىم. بۇنىڭدا ئىككى ئىشنى نەزەردە تۇتتۇم: بىرىنچىسى، سىياسەت ۋە خىزمەتكە ئالاقىسى بولمىغان شەخسى ئىشلاردا خىزمەتچى خادىملىرىمىز چەتتىرەك تۇرغىنى ياخشى. ئىككىنچىسى، مەن بۇ يەرگە ئالدىراش كىردىم، ھازىرلا قايتىمەن.

جىڭ گويى: (ھەيران بولۇپ) بۇ قانداق گەپ، گېنېرال جاناپلىرى، قاراپ تۇرۇپ سىزنى كۈتۈۋېلىش شەرىپىدىن بىزنى مەھرۇم قىلماقچىمۇ سىز. ياكى بىز تەرەپتىن سىزنى نارازى قىلغىدەك بىرەر سەۋەنلىك ئوتتىمۇ.

ۋىتا كۇئا: (كۈلۈپ كېتىپ) ياق، زادى ئۇنداق ئەمەس.

AltunOq

جىك گويى: ئەمىسە، ھازىرلا كېتىمەن دېگىنىڭىز نىمىسى؟

ۋىتا كوۋئا: (سائىتىگە قارايدۇ) كوپ بولسا يەنە يىېرىم سائەتتە قايتىپ كېلىمەن. ئاندىن خاتىرجەم ئولتۇرالايمىز. پادىشا ئارمىيىسىگە قارشىلىق كورسەتكۈچى بىر قىسىم بۇزۇق توپۇلاڭچىلار تۇغدۇرغان مۇھىم بىر ئەنزىنىڭ نەق مەيدانىنى شەخسەن ئوزەم كوزدىن كەچۇرمىسەم بولمايدىغان بولۇپ قالدى.

جىك گويى: شۇنداق ئەخمەقلەرگە غەزەپلىك ھالدا ھەيران بولماي تۇرالمايمەن، گېنېرال ئەپەندى. پۈتۈن ئاسىيانى قولىدا تۇتىۋاتقان ئۇلۇق بىر ئارمىيىگە تاقابىل تۇرماقچى بولىۋاتقان قانداقتۇر ئەبلەخلەر ئۆزىگە ئوزى گور كولىغاندىن باشقا نىمە قىلالايتتى.

ۋىتا كوۋئا: (مەمنۇن ھالدا) بۇ پىكىرىڭىزگە ئاپىرىن ئوقۇماي تۇرالمايمەن، جىك گويى ئەپەندى، ئەگەر ئۇلۇق جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ بارلىق ئوغۇل - قىزلىرى سىزدەك پىكىر يۈرگۈزەلىسە، جۇڭگو خەلقى بۇنىڭدىن خېلى بۇرۇنلا گۈللەپ - ياشناپ كېتەلەيتتى.

[جىك گولەن قارا كوينەك كىيىپ، پەتنۇستا ئىككى ئىستاكان، بىر چەينەك كوتىرىپ كىچىك ئىشىكتىن كىرىدۇ]

جىك گويى: مانا گېنېرال جاناپلىرى، سىڭلىم گولەن شەرىپىڭىزگە ئوزى چاي ئېلىپ كىرىپتۇ، (قىزغا) قارىغىنا گولەن، گېنېرال جاناپلىرى خانىمىزغا يەنە بىر قېتىم قەدەم تەشرىپ قىلىپ، بىزنى چەكسىز بەختكە ئېرىشتۇردى.

ۋىتا كوۋئا: (ئورنىدىن تۇرۇپ) بۇ ئارتۇق مۇبالىغە بولدى، چەكسىز شەرەپلىك ئائىلىڭىزگە كىرىپ، مەن ئوزەمنى چەكسىز بەختلىك ھىس قىلىۋاتىمەن. (قىزنىڭ ئالدىغا بارىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئەدەپ بىلەن قول ئۇزىتىدۇ) گولەن قىز ئوبدان تۇردىمىكىن؟

جىك گولەن: (يەرگە قارىغان پېتى قول سۇنىدۇ) يامان ئەمەس.

ۋىتا كوۋئا: سىزنى يامان ئەمەس ھالدا كورۇپ چەكسىز خاتىرجەم بولدۇم. گۈزەل قىز بۇنىڭدىن كېيىن بەختىيار ھايات كەچۇرىشىڭىزگە ھەسسە قوشالىسام، ئوزەمنى ئۇنىڭدىنمۇ بەختىيارراق ھىس قىلاتتىم.

جىك گويى: (خوشال ھالدا سىڭلىسىغا قارايدۇ ) گولەن، بۇ ئىلتىپات ئۇچۇن ۋىتا كوۋئا جاناپلىرىغا تەشەككۇر ئىزھار قىل، رەھمەت ئېيت.

جىك گولەن: (پەس ئاۋازدا) رەھمەت.

ۋىتا كوۋئا: بۇ رەھمەتكە ئەرزىگىدەك ئىش ئەمەس. بۇنى مەن ئوز بۇرچۇم دەپ بىلىمەن. (قىز چاي قۇيماقچى بولىدۇ. ۋىتا كوۋئا ئىستاكاننىڭ ئاغزىنى قولى بىلەن توسىۋالىدۇ ) سىزنىڭ نەپىس قوللىرىڭىزدىن بىر ئىستاكان چاي ئىچىشكە چەكسىز تەشنا بولساممۇ، لېكىن بۇ بەختنى يېرىم سائەت كېچىكتۇرۇشكە مەجبۇرمەن. چەينەكتىكى شۇ چاي سوۋۇماستىنلا قايتىپ كېلىشكە ۋەدە بېرىمەن.

جىك گويى: (قىزغا) بۇ كىشى مۇھىم بىر ئەنزە يۈزىسىدىن بىر يەرگە بېرىپ كەلمەكچى ئىكەن. (ۋىتا كوۋئاغا) سىزنى توت كوزىمىز بىلەن كۈتىمىز، گېنېرال جاناپلىرى، ئاندىن خاتىرجەم دوستانە سوھبەتلىشىمىز.

ۋىتا كۇئا: دوستانىلا ئەمەس، قېرىنداشلارچە بىر ئائىلىدە كىشىلەردەك سوھبەتلىشىمىز. (قىزغا)
ئامالسىز ئەھۋالدا گولەن قىز بىلەن يېرىم سائەتلىك خوشلىشىشقا مەجبۇرمەن. (بىر
نەرسە يادىغا يەتكەندەك توختاپ) سۆيۈملۈك گولەن، ئۈستىڭىزدىكى قارا كىيىمنىڭ
سەۋەبىنى سوراشقا جۈرئەت قىلالمايۋاتىمەن.

جىڭ گولەن: ئاپام ۋاپات بولغان ئەمەسمۇ.

ۋىتا كۇئا: بىپەرۋالىقىم ئۈچۈن كەچۈرۈم سورايمەن. كېچىكىپ بولسىمۇ ئاپىڭىزغا چىن قەلبىمدىن
چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈرىمەن، تېخى يېقىندىلا ۋاپات بولدىمۇ؟

جىڭ گويى: (قىستۇرۇلۇپ) بۇرۇنقى گەپ، كونىراپ قالدى.

ۋىتا كۇئا: قاچانراق؟

جىڭ گولەن: بومباردىمان ۋاقتىدا.

ۋىتا كۇئا: جۇڭگو قاراقچىلىرىنىڭ بومباردىمانىدا بولۇشى كېرەك ئەلۋەتتە.

جىڭ گولەن: ياق، ياپونلارنىڭ بومباردىمانىدا، سىزلەرنىڭ...

ۋىتا كۇئا: ئەپسۇس، ئەپسۇس. ياخشى مەقسەت بىلەن قىلىنغان چوڭ ئىشلاردا بۇنداق ئەپسۇسلىن-
ارلىق ئايرىم پاجىئەلەرمۇ يۈز بېرىپ قالىدۇ. پادىشا ئارمىيىسى ھاۋا قىسىملىرىنىڭ
شائخەينى قۇتقۇزۇش جېڭىدە سادىر قىلغان بۇ سەۋەنلىكى ئۈچۈن ئائىلىڭىز ئالدىدا-
مۇسىبەتلىك گۈزەل قىز ئالدىدا مەن باش ئېگىپ ئەپۇ سورايمەن. (بېشىنى ئېگىدۇ)

جىڭ گويى: بۇنداق قىلىشقا ئەرزىمەيدۇ، گېنېرال جاناپلىرى. بۇ بىر ئايرىم ھادىسە. بىز بۇنى
ئاللىقاچان ئۇنتۇپمۇ قالدۇق. ئەمدىكى بىزنىڭ بىردىن - بىر ئۈمىدىمىز سىزنىڭ يار-
دىمىڭىزنىڭ سايىسىدا ئىقتىسادىمىزنى گۈللەندۈرۈپ يېڭىدىن - يېڭى بەخت - سائا-
دەتلەرگە مۇشەررەپ بولۇشتىن ئىبارەت. بىرىنچى قېتىمدا ھىلىقى فابرىكا مەسىلىسى...

ۋىتا كۇئا: بۇ جەھەتتە سىزلەرگە تولۇق كاپالەت بېرىمەنكى، پادىشا ھوكۇمىتى، پادىشا ئارمىيە-
سىنىڭ ھىمايىسىدە سىزنىڭ خانىدانىڭىز چوقۇم گۈللەپ ياشنايدۇ. شەخسەن مەن، كىم
ۋە قانداق كىشىلەرنى جازالاشنى، شۇنداقلا، قانداق كىشىلەرگە بەخت ئاتا قىلىشنى
ئوبدان بىلىمەن.

جىڭ گويى: ئىلتىپاتىڭىزغا قانداق مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشنى بىزمۇ بىلمەيمىز، گېنېرال جاناپلىرى.

ۋىتا كۇئا: بىز ئەمدى قېرىنداشلارغۇ، مۇنداق تەكەللۇپ سۆزلەرنىڭ ھاجىتى يوق، جىڭ گويى
ئەپەندى. ئەمما مەن ئازغىنە ۋاقىتتا سىزلەردىن ئايرىلىدىم.

جىڭ گويى: تېزدىن قايتىپ كېلىشىڭىزنى تەقەززالىق بىلەن كۈتىمىز.

[ۋىتا كۇئا چوڭ ئىشىكتىن چىقىدۇ، جىڭ گويى ئۇنى ئۇزىتىپ بىللە چىقىدۇ]

جىڭ گولەن: (يالغۇز) بۇ قاتىل چېكىدىن ئاشقان ئاقكۆڭۈل، رەھىمدىل پەرىشتە بولۇپ كۆرۈنۈش-
كە تىرىشىدىكەن. لېكىن ئاكامنىڭ ساتقىنلىقى تۈپەيلىدىن يەنىلا مېنىڭ قاتىلىم بو-
لۇپ قېلىۋېرىدۇ.

[جىڭ گويى قايتىپ كىرىدۇ]

جىڭ گويى: بىزنىڭ بېشىمىزغا بەخت قۇشى ئۆزلىگىدىن كېلىپ قونىۋاتىدۇ. بۇئىشتا سېنىڭ تۇتقان

ئورنۇڭ تولىمۇ مۇھىم، سىڭلىم.
جىلك گولەن: مەسىلەن قانداق؟
جىلك گويى: ھازىر گەپنى ئۇزۇنغا سوزىدىغان ۋاقىت ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن مەسىلىنى قىسقا
ۋە ئېنىق قىلىپلا ئوتتۇرىغا قويىمەن: سىڭلىم گولەن، ئائىلىمىزنىڭ، ھەممىمىزنىڭ
ئىستىقبالىنى نەزەردە تۇتۇپ، بىزنى قانات ئاستىغا ئېلىۋاتقان، بىزگە چەكسىز غەم-
خورلۇق قىلىۋاتقان گېنېرال ۋىتا كونانى سەن بۈگۈن كېچىدە قوبۇل قىلىسەن. مانا
مەسىلىنىڭ ئاچقۇچلۇق يېرى شۇ. بۇ پۈتۈن بىر فابرىكا دېگەن سوز.
جىلك گولەن: ئاكا...
جىلك گويى: سەن تەكرارلىمىساڭمۇ مەن ئاكا، شۇنداقلا ئائىلە باشلىغى. مېنىڭ قارارىم ھەممە
ئۈچۈن قەتئى بۇيرۇق. سەن ئاڭلىغراق بول. ئائىلىمىزنىڭ يېڭىۋاشتىن گۈللىنىشىدە،
بىزنىڭ يېڭى زامان جۇڭگو كاپىتالىستى بولۇپ مەيدانغا چىقىشىمىزدا شەرەپلىك ۋە-
زىپەڭنى ئوتە.
جىلك گولەن: بۇ شەرەپ ئەمەس، بۇ چېكىدىن ئاشقان نومۇسسىزلىق...
جىلك گويى: يېتەر، ۋالاقشىما! پۈتۈن شاڭخەيني بارمىقىدا پىقىرىتىۋاتقان گېنېرال بىلەن قېرىنداش-
لىشىشتىن ئارتۇق يەنە قانداق شان - شەرەپ بولىدۇ!
جىلك گولەن: ئاكا، مەرھۇم دادام بىلەن ئاپامنىڭ روھىغا قانداق يۈز كېلەلەيسىز؟
جىلك گويى: ھازىر ئەرۋاھلار بىلەن سوھبەتلىشىدىغان ۋاقىت ئەمەس. مەن بۇ ئائىلىگە جا-
ۋاپكار بولۇپ، دادىمىزنىڭ دوتلىك قىلىپ چېچىۋەتكەن كاپىتالىنى ھەسسىلەپ ئارتتۇ-
رۇپ ياندۇرۇپ كېلىمەن. بۇنىڭدا سەن ئاچقۇچلۇق رول ئوينايسەن.
جىلك گولەن: بۇ زادىلا مۇمكىن ئەمەس!
جىلك گويى: مۇمكىنمۇ، مۇمكىن ئەمەسمۇ دەپ سېنىڭدىن مەسلىھەت سوراۋاتقىنىم يوق. قىيما -
چىيما بولۇشتىن قورقمىساڭ، بۇيرۇقىمغا قارشىلىق كورسەت... ئەڭ ئوبدىنى ھازىر چې-
قىپ ئۈچاڭدىكى بۇ قارا كىيىملەرنى چۆرۈپ تاشلا، يېرىم سائەتكە قالماي ئەڭ يېڭى
مودىدا كىيىنگەن گۈزەل قىزغا ئايلان ۋە گېنېرالنى كۈتۈۋېلىشقا تەييارلان. بۇيرۇغىم
تەكرارلانمايدۇ. ئەكسىچە بولغاندا يامان ئاقىۋەتكە ئوزەڭ جاۋاپكار بولىسەن!
[كەسكىن بۇرۇلۇپ كىچىك ئىشىكتىن چىقىپ كېتىدۇ]
جىلك گولەن: (ئاكىسىنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالىدۇ) نومۇسسىز... (ھالسىزلىنىپ دىۋانغا ئولتۇرىدۇ،
ئۈنسىز يىغلاپ كوز يېشىنى سۈرتىدۇ)
[جىلك گوپىلك چوڭ ئىشىكنى قىيا ئېچىپ ئوي ئىچىگە قارايدۇ]
جىلك گوپىلك: گولەن!
جىلك گولەن: (چوچۇپ بېشىنى كوتىرىدۇ) كىم؟!
جىلك گوپىلك: سىڭلىم، مەن گوپىلك.
جىلك گولەن: گو پىلك ئاكا، بۇ سەنمۇ؟ (تۇرۇپ ئىشىك تەرەپكە ئالدىراش ماڭىدۇ) ئاكا!...
جىلك گوپىلك: ئاستا سوزلە، ئويدە كىم بار؟

جىڭ گولەن: چوڭ ئاكام ئىچكىرىدە، بۇ يەردە يالغۇز مەن بار.

جىڭ گوپىڭ: (ئىشىكنى ئاۋايلاپ ئېچىپ چاقچاق قىلىدۇ) دېمەك سەن بۇ يەردە يالغۇز ئىكەنسەندە.

جىڭ گولەن: ھەئە، مەن يالغۇز. ئاكا، سەن نەدىن كەلدىڭ؟

جىڭ گوپىڭ: قاراڭغۇ شاڭخەيدىن كەلدىم. سەن بۇنى سورىما. مۇشۇ تەرەپتىن ھازىر چىقىپ ماشىنىغا ئولتۇرۇپ كەتكەن كىشىدىن خەۋىرىڭ بارمۇ؟

جىڭ گولەن: خەۋىرىم بار، ئۇ گېنېرال ۋىتاكوۋا.

جىڭ گوپىڭ: ئۇ بىزنىڭ ئۆيگە نېمە دەپ كەپتۇ؟

جىڭ گولەن: بۇ ئىككىنچى كېلىشى، يەنە يېرىم سائەتتىن كېيىن ئۈچىنچى قېتىم كېلىدۇ. (كۆزىدىكى يېشىنى سۈرتىدۇ)

جىڭ گوپىڭ: كۆز يېشىڭنى ئېقىتما، سىڭلىم ئەھۋالنى تېز ئېيت.

جىڭ گولەن: يېرىم سائەتتىن كېيىن ياپون گېنېرالى ۋىتاكوۋانى خاس قوبۇل قىلىپ كۈتىۋالىدىكەنمەن.

جىڭ گوپىڭ: بۇ گېنېرالنىڭ بۇيرۇغىمۇ؟

جىڭ گولەن: ياق، بۇ گېنېرالنىڭ ئارزۇسى، چوڭ ئاكام گوپىنىڭ بۇيرۇغى. مەن ۋىجدانلىق جوڭگو خەلقىمىزنىڭ بىر فابرىكىسىنى ياپون قاراقچىلىرىدىن تىلىۋېلىپ ئۆزىمىزنىڭكى قىلىش يولىدا قۇربان بولۇشىم كېرەك ئىكەن.

جىڭ گوپىڭ: گويى ئاكام ۋىجدان سېتىشتا شۇ دەرىجىگە يەتتىمۇ؟

جىڭ گولەن: گوپىڭ ئاكا، سەن مېنى بۇ يەردىن ئېلىپ كەت، چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى.

جىڭ گوپىڭ: سەن ئالدىرىما، چىدامىلىق بول!

[لى نەينەي كىچىك ئىشىكتىن كىرىدۇ]

لى نەينەي: خۇدايىمەي، بۇ بەكمۇ تونۇش ئاۋازغۇ...

جىڭ گوپىڭ: بۇ مەن، لى يەڭگە، ئاۋازىڭىزنى ئاستاراق چىقىرىڭ. ياخشى تۇردىڭىزمۇ؟

لى نەينەي: بۇ سىزمۇ، گوپىڭ، سىزنىمۇ كورىدىكەنمەن خۇدايىمەي، نەچچە كۈنلەردىن بېرى نەلەردە يۈردىڭىز؟

جىڭ گوپىڭ: مەن بار، مۇشۇ شاڭخەيدىن نېرى كەتمىدىم.

[جىڭ گويى كىچىك ئىشىكتىن كىرىدۇ]

جىڭ گويى: بۇ يەردە نېمە ۋاراڭ - چۇرۇڭ؟ (جىڭ گوپىڭنى كورۇپ خوشال بولغان قىياپەتكە كىرىدۇ) ئۇكام گوپىڭ، سېنى يەنە ئۆز ئۆيىمىزدە كورۇپ چەكسىز خوشال بولدۇم. ئۆيدە ھەممىمىز بىللە تۇرساق كوڭلىمىزمۇ خاتىرجەم بولىدۇ، ئاتا - ئانىمىزنىڭ روھىمۇ خوش بولىدۇ. شۇنداق ئەمەسمۇ لى يەڭگە؟

لى نەينەي: شۇنداق، خۇدايىمەي، شۇنداق بولماي.

جىڭ گويى: بىز كورۇشمىگىلى قانچە كۈنلەر بولۇپ كەتتى. سىڭلىم گولەن، سەن لى يەڭگە بىلەن ئىچكىرىگە كىرىپ مەن تاپشۇرغان ئىشلارنى ئورۇنلاڭلار، بىز بۇ يەردە گوپىڭ ئاكاڭ بىلەن قانغىدەك پاراڭلىشىۋالايلي. ئۇزۇندىن بېرى كورۇشەلمەي، بىر - بىرىمىزني

بەكمۇ سېغىنىپ كەتتۇق. سىلەر چىقىڭلار. (لى نەيىنەي بىلەن جىڭ گولەن كىچىك ئىشىكتىن چىقىپ كېتىدۇ) ئولتار ئىنىم، ئەركىن پاراڭلىشايلى.

جىڭ گوپىڭ: (كىنايىلىك) رەھمەت! (جىددى) ھازىر شاڭخەيدە ئەركىنلىك قالمىدى. بىزنىڭ ئائىلىمىزدە تېخىمۇ شۇنداغراق ئوخشايدۇ.

جىڭ گويى: شاڭخەيدە ئەركىنلىك ئاز دىسەڭ، ئۇكام، بۇ گېپىڭگە ئاز - تولا قوشۇلغىلى بولىدۇ. ھازىر بىزنىڭ ئائىلىمىز ئوتكەندە يوقىتىپ قويغان ئەركىنلىكىنى يېڭىۋاشتىن ئارتۇغى بىلەن قولغا كەلتۇرۇۋالدى. ئائىلىمىزدە قايتىدىن گۈللەپ ياشناش تېگى ئېتىۋاتىدۇ.

جىڭ گوپىڭ: بۇ ئەركىنلىك، بۇ گۈللەپ ياشناش تاڭلىرى سىڭلىمىز گولەننى ياپون گېنېرالى ۋىتا كوئاغا تەقدىم قىلىش ھېساۋىغا كېلىۋاتىدىغۇ دەيمەن.

جىڭ گويى: (مۇغەمبىرانە ھىجىيىپ) ئۇكام، ئەگەر شۇنداق بولسا، يامان ئىش بوپتىمۇ؟ بۇنداق ھوكۇمران ئادەم بىلەن يېقىنلىشىش، قېرىنداشلىشىشنىڭ بىزنىڭ ئائىلىمىز ئۇچۇن قانچىلىك بەخت - سائادەتلەرنى ئېلىپ كېلىشىنى، قانچىلىك شان - شەرەپ بېغىشلىششىنى تەسەۋۋۇر قىلالامسەن؟ بۇ بىر پۈتۈن كاپىتال تۇرسا، بىر پۈتۈن فابرىكا تۇرسا...

جىڭ گوپىڭ: مەرھۇم دادىمىز ئوز كاپىتالىنى، ئەنە شۇنداق فابرىكىسىنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى شاڭخەي مۇداپىئەسى ئۇچۇن تەقدىم قىلىۋەتكەن ئىدىغۇ!

جىڭ گويى: ھە، دادىمىزنىڭ شۇ سەۋەنلىكىنى مانا مەن تۇزەيمەن. پۈتۈن ئائىلىمىز تارتقان شۇ زىيانىنى مانا مەن ھەسسىلەپ تولىتىۋالىمەن.

جىڭ گوپىڭ: سىز قىلماقچى بولغان شۇ ئىشلىرىڭىزنى بەخت - سائادەت، شان - شەرەپ دەپ چۈشىنەمسىز؟

جىڭ گويى: بۇ مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ھەقىقەت. مانا مەن ئائىلە باشلىقلىق، شۇنداقلا ئاكىلىق سۆيىتىم بىلەن ساڭا تەۋسىيە قىلىمەنكى، سەنمۇ بۇ ھەقىقەتنى توغرا چۈشەنگىن. مېنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىمنى ئائىلىمىزنىڭ بەختى، شەرىپى ئۇچۇن قىلىنىۋاتقان ئالىجاناپلىق دەپ تونىغىن.

جىڭ گوپىڭ: مەن بۇنى ئائىلىمىز ئۇچۇن ئەڭ رەزىل نومۇسسىزلىق دەپ تونۇيمەن.

جىڭ گويى: (جىددىلىشىپ) سەن ئەخمىقانە نادانلىق قىلىۋاتىسەن!

جىڭ گوپىڭ: سىز پەسكەشلىكتە چېكىدىن ئېشىۋاتىسىز!

جىڭ گويى: پايدا - زىياننى پەرق ئېتەلمىگەن ھايۋان! ئەگەر بىر تۇققان ئىنىم بولمىساڭ، سېنى ئوز قولۇم بىلەن پولىتسىيە مەھكىمىسىگە تاپشۇرۇپ بېرەتتىم. ئۇلار سېنى كەچۈرۈپ ئولتۇرمايدۇ.

جىڭ گوپىڭ: (ئىستىھزالىق كۈلىدۇ) ئۇلار مېنى كەچۈرمەمدۇ، بۇ ناھايىتى ياخشى. ئۇلارنىڭ مېنى كەچۈرمىگىنى، مېنىڭ يۈزۈمنىڭ ئاقلىغى مېنىڭ شان - شەرىپىم. لېكىن سىزنىڭ قىلمىشلىرىڭىزنى ئائىلىمىز كەچۈرمەيدۇ، مەرھۇم ئاتا - ئانىمىزنىڭ روھى كەچۈرمەيدۇ، ئۇلۇق جۇڭخۇا مىللىتى كەچۈرمەيدۇ! مانا بۇلارنىڭ كەچۈرمىگىنى بولسا سىزنىڭ قارا

Altun0q

يۈزلىگىنىز، سىزنىڭ شەرمەندە خائىنلىغىڭىز...

جىڭ گويى: (دەرغەزەپ بولۇپ ۋاقىرايدۇ) بەس!... (يېنىدىن تاپانچا ئالماقچى بولىدۇ)، ھىلىسى ئوز قولۇم بىلەن ئېتىپ تاشلايمەن بۇ ئەبلەخنى!

جىڭ گوپىڭ: (ئۇمۇ جاۋابەن ئوز يېنىدىن تاپانچا ئالماقچى بولىدۇ)، كىم كىمنى ئېتىپ تاشلىشى تېخى ئالدىمىزدىكى ئىش.

[ھەر ئىككىسى تاپانچا چىقارماي بىر - بىرىگە قادىلىپ قارىشىپ قالىدۇ]

جىڭ گويى: (بوشىشىپ قولىنى يېنىغا چۈشىرىدۇ) ئۇكام گوپىڭ، ياخشىلىقچە بۇ يەردىن چىقىپ كەت. مېنىڭ ئىشلىرىمغا ئارىلاشما.

جىڭ گوپىڭ: بۇ سىزنىڭ ئاخىرقى قارارىڭىزمۇ؟

جىڭ گويى: چىقىپ كەت!

جىڭ گوپىڭ: بولىدۇ، مەن چىقىپ كېتىمەن. ۋەتەن، مىللەت، ئەجدات خائىنى بىلەن بىللە بولۇشنى خالىمايمەن.

جىڭ گويى: چىقىپ كەت!

جىڭ گوپىڭ: (ئويىنى بىر قۇر كوزدىن كەچۈرۈۋېتىپ) كەتتىم!

[قەتئى بېسىپ چوڭ ئىشىكتىن چىقىپ كېتىدۇ]

جىڭ گويى: (غەزەپ بىلەن ئوي ئىچىدە ئۇياق - بۇياققا ماڭىدۇ، تاماكا چېكىدۇ) ھىم! بۇ نىمە دىگەن پېشكەلچىلىك. مەن نىمە خىيالدا، بۇ ئەخمەق نىمە خىيالدا؟ ئەسلىدە بۇ ئەخمەقنى ئوز قولۇم بىلەن ئېتىپ تاشلاپ، گېنىرالنىڭ قەدەم تەشرىپى ئۈچۈن سوغات قىلسام ئىش تېخىمۇ تېز ئىلگىرىلەيتتى. (سائەتكە قارايدۇ) بىر قانچە ۋاقىت بوشقا ئوتۇپ كەتتى. (ۋاقىراپ چاقىرىدۇ) گولەن، گولەن، مايەرگە چىق! گولەن، گولەن!...

[لى نەينەي ئالدىراش كىچىك ئىشىكتىن كىرىدۇ]

لى نەينەي: قىچقاردىڭىزما؟

جىڭ گويى: (تېرىكىپ) سىزنىڭ ئىسمىڭىز قاچاندىن بېرى گولەن بولۇپ قالدى؟

لى نەينەي: خۇدايىمەي، مەن لى يەڭگە.

جىڭ گويى: گولەننى قىچقىرىڭ!

لى نەينەي: بولىدۇ، خۇدايىمەي... (ئىشىك تەرەپكە ماڭىدۇ)

جىڭ گويى: توختاڭ (لى نەينەي توختاپ كەينىگە قارايدۇ). سىز ئۇنىڭغا ئېيتىڭ. نەسھەت قىلىڭ، چۈشەندۈرۈڭ.

لى نەينەي: نىمىنى چۈشەندۈرىمەن؟

جىڭ گويى: مەن سىزگە ئەتىگەندىن بۇيان چۈشەندۈرۈپ كېلىۋاتقان ئىشنى چۈشەندۈرۈڭ. ئەگەر بۇيرۇغىمغا قارشىلىق كورسەتمەكچى بولىدىكەن، توتىنچى قەۋەتنىڭ مۇشۇ دېرىزىسىدىن ئوز قولۇم بىلەن كوچىغا تاشلىۋېتىپ، ئۇستىخانلىرىنى كۇكۇم - تالقان قىلىۋېتىمەن.

لى نەينەي: ۋاي، خۇدايىمەي...

جىڭ گويى: سىزمۇ قورۇق قالمايسىز، ئۇ چاغدا خۇدايىمەي دېيىشكىمۇ ئۇلگۇرەلمەي قېلىشىڭىز مۇمكىن.

لى نەينەي: خۇدايىمەي...

جېك گوبى: (ۋاقىراپ) چىقىڭ! (لى نەينەي چوچۇپ ئالدىراش چىقىپ كېتىدۇ) گېنېرالنىڭ كې-
لىشىگە بىر قانچە مىنۇتلا قالدى. گولەن بىلەن جىددىراق سۆزلىشىپ ئۇنى ئەيۋەشكە
كەلتۈرۈشىم كېرەك. ئەندى يەنە كېچىكسە ئىش بۇزۇلىدۇ.

[جېك گولەن يەرگە قارىغىنىچە كىرىدۇ]

جېك گولەن: ئاكا، قىچقىردىڭىزمۇ؟

جېك گوبى: (ئۇنىڭغا نارازىلىق بىلەن سەپ سالىدۇ) سەن يەنە شۇ ھالەتتىمۇ؟! (جېك گولەن
جاۋاپ بەرمەي يەرگە قارىغان پېتى تۇرىدۇ) سېنىڭ زۇۋانىڭ تۇتۇلۇپ قالدىمۇ؟ مەن
سېنى قۇچقاچتەك سايرىتالايمەن، مېنىڭ بىلەن ئوينىشىما! (جېك گولەن شۈك تۇرغان
پېتى كۆز يېشىنى سۈرتىدۇ) كۆزلىرىڭدىن ياش ئەمەس، قان ئاقسىمۇ بۇيرۇغىمنى ئو-
رۇنلاشقا مەجبۇرسەن. (سائەتكە قارايدۇ) مانا يەنە بەش مىنۇتتىن كېيىن ئىززەتلىك
مېھمىنىمىز گېنېرال ۋىتا كوئانى باشلاپ كىرىمەن. سەن پەردازلانغاندەك ياسىنىپ، خوشچى-
راي بىلەن ئۇنى قارشى ئالىسەن. بۇ جەرياندا مېھمان كۈتۈش ئۈچۈن ھەممە نەرسە
تەخ قىلىپ قويۇلغان بولسۇن. (چوڭ ئىشىككە ماڭىدۇ)

جېك گولەن: ئاكا مەن قوبۇل قىلالمايمەن...

جېك گوبى: (توختاپ غەزەپ بىلەن كەينىگە قارايدۇ) بۇيرۇغۇم ئورۇنلانمايدىكەن، سېنى ئۆز قو-
لۇم بىلەن ئېتىپ، ئۆلۈكىڭنى مۇشۇ توتىنچى قەۋەتتىن گېنېرالنىڭ ماشىنىسىنىڭ ئاستىغا
تاشلاپ بېرىمەن.

[ئىشىكنى قاتتىق يېپىپ چىقىپ كېتىدۇ]

جېك گولەن: (يالغۇز، سەنتۈرۈلۈپ بېرىپ ئاستا دىۋانغا ئولتۇرىدۇ) دىمەك بۇ كېچە مېنىڭ ھايات-
ماماتلىق تەقدىرىم ھەل بولىدۇ. (خىيال سۈرىدۇ) ئۆلۈمگە رازىمەنكى، بۇ ئىشقا رازى
بولمايمەن. (يىغلاپ بېشىنى دىۋاننىڭ يۆلەنچۈكىگە قويىدۇ) ياق، ياق! (ئورنىدىن دەس
تۇرىدۇ) ياق، ئۇلار مېنى ئۆلتۈرمەيدۇ، توتىنچى قەۋەتتىنمۇ تاشلىۋەتمەيدۇ، چۈنكى
مەن ئۇلارغا كېرەك. ئۇلارنىڭ ئىپلاس مەقسىدىگە خىزمەت قىلىشىم كېرەك. ئۇلار مېنى
ئۆلتۈرمەيدۇ، بەلكى ئاسرايدۇ، ھەتتا مېنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزىۋالىدۇ، چۈنكى مەن ئۇ-
لارغا كېرەك. ياق مەن ئۆلىمەن. مەن بۇ نومۇسسىزلىققا چىدىمايمەن. مەرھۇم ئاتا-
ئانامغا يۈز كېلەلمەيمەن، جۇڭگولۇققا يۈز كېلەلمەيمەن. مەن ئۆزەمنى ئۆز قولۇم
بىلەن ئۆلتۈرۈپ، نومۇسىم، ساپ ۋىجدانىم بىلەن دۇنيادىن كېتىمەن. (مۇزىكا) شاڭخەي،
مەن سېنىڭدە تۇغۇلدۇم، سېنىڭدە ئۆستۈم، ئەمدى سېنىڭدە ئۆلىمەن. شاڭخەي كېچىسى،
مېنى قاراڭغۇ قوينۇڭغا ئال...

[دېرىزە پەردىسىنىڭ بىر بۇرجىگى سىرت تەرەپتىن ئاستا كۆتىرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن جېك
گوپېڭ ئېھتىيات بىلەن بېشىنى تىقىپ ئۆي ئىچىگە قارايدۇ]

جېك گوپېڭ: گولەن!

جېك گولەن: (چوچۇپ بېشىنى كۆتىرىدۇ) گوپېڭ ئاكا، سەنمۇ؟...

جىڭ گوپىڭ: بۇ مەن، ئاستا سوزلە، ئۆيدە كىم بار؟

جىڭ گولەن: هازىرچە هىچكىم يوق.

[گوپىڭ ئەپچىللىك بىلەن دېرىزىدىن ئۆيگە چۈشىدۇ]

جىڭ گولەن: ئاكا، تونۇشچى قەۋەتنىڭ دېرىزىسىگە قانداق چىقتىڭ؟

جىڭ گوپىڭ: ئىرادەڭ قەتئى بولسا قىرقىنچى قەۋەتكىمۇ چىقالايسەن.

جىڭ گولەن: ئاكا سەن بۇ يەردىن تېز كەت. هازىر چوڭ ئاكام بۇ يەرگە ياپون گېنېرالىنى باشلاپ كىرىدۇ. ئوزەڭنى ئولۇمگە تۇتۇپ بەرمە. ئۇلار ساڭا شەپقەت قىلمايدۇ!

جىڭ گوپىڭ: مەنمۇ ئۇلارغا مەرھەمەت قىلمايمەن!

جىڭ گولەن: ياق، ياق، سەن كەت، سەن بولساڭمۇ ياشا. هازىر ئۇلار مېنىڭ ئولۇگىمنى مۇشۇ دېرىزىدىن كوچىغا تاشلايدۇ. مەن ئولۇمگە رازى.

جىڭ گوپىڭ: ياق، سەنمۇ ئولمەيسەن. مەن هەممە ئىشتىن خەۋەردار. ۋاقىت بەكمۇ قىس. سەن مېنى مۇشۇ ئۆيدە بىرەر يەرگە يوشۇر. ئوزەڭ تېزلىكتە ئوبدانراق كىيىمىڭنى كىيىپ، خوش چىراي بىلەن گېنېرالنى قارشى ئال.

جىڭ گولەن: ئاكا سەن نىمە قىلماقچى؟

جىڭ گوپىڭ: نىمە قىلىشىمنى ئىشنىڭ تەرەققىياتى بەلگىلەيدۇ. سەن تېز هەركەتلەن.

جىڭ گولەن: (ئۆينىڭ بۇرجىكىدە تۇرغان، ئۈستىگە چوڭ ئېسىل داستىخان يېپىلغان دۈگىلەك ئۈستەلنى كورسىتىدۇ) سەن بۇ ئۈستەلنىڭ ئاستىغا كىر. مەن داستىخاننى بۇ تەرەپكىرەك چۈشۈرۈپ قويىمەن، شۇ ياقتىكى چىراقنىمۇ ئوچۈرىۋېتىمەن. (ئىككىسى ئۈستەل تەرەپكە بارىدۇ) بولامدۇ؟

جىڭ گوپىڭ: بولىدۇ. سەن گېنېرالنى قارشى ئېلىشتا ۋە كۈتۈشتە ناهايىتى ئۈستىلىق قىل، زادىلا چاندۇرما. ئۇنى بۇ تەرەپكە يولاتما، دىۋانغا ئولتۇرغۇزۇپ كۈت.

جىڭ گولەن: بولدى، بۇنى ماڭا ئۈگەتمە. تېز مۈكۈنگىن!

جىڭ گوپىڭ: سەنمۇ كىيىملىرىڭنى تېز يەڭگۈشلە، (ئۈستەل ئاستىغا كىرىدۇ)

جىڭ گولەن: (داستىخاننى بىر يانغا توۋەن چۈشۈرۈپ، ئاستىدىكى كىشىنى كورۈنمەيدىغان قىلىدۇ. شۇ ياقتىكى چىراقنى ئوچۈرىدۇ. بۇرجەك غۇۋا قاراڭغۇلىشىدۇ) ئاكا ئۇلار كېلىشىۋاتقان ئوخشايدۇ، مەن ئۆيگە چىقاي.

جىڭ گوپىڭ: (ئۈستەل ئاستىدىن) چىق، چىق، چاققان هەركەتلەن.

جىڭ گولەن: (چوڭ ئىشىككە يېقىن كېلىپ قۇلاق سالىدۇ) كېلىۋاتىدۇ.

[تېز بۇرۇلۇپ كىچىك ئىشىكتىن چىقىپ كېتىدۇ. بىر ئاز جىمجىتلىقتىن كېيىن جىڭ گويى چوڭ ئىشىكتىن ۋىتاكوئانى باشلاپ كىرىدۇ]

جىڭ گويى: ۋەدىگە ۋاپا قىلىپ، دەل ۋاقتىدا كەلگىنىڭىز ئۈچۈن مىننەتدارمەن.

ۋىتا كوئا: بىز كىملەرگە ۋاپا قىلىش كېرەكلىگىنى، كىملەرگە جاپا سېلىش زورۇرلىگىنى توغرا هىساپلايمىز، جىڭ گويى ئەپەندى.

جىڭ گويى: هارغانسىز، ئولتۇرۇشىڭىزنى ئۆمىت قىلىمەن.

ۋىتا كوئا: بۇ ئۆيگە كىرىشىم بىلەن ھەممە ھارغىنلىقلىرىم ئۆزلىگىدىن تۈگەپ كېتىدۇ. (ئولتۇرىدۇ) نىمە ئۈچۈنكىن سىزنىڭ خانىدانىڭىزدا ئۆزەمنى تونۇش ئۆيىمدىكىدەك ھېس قىلىمەن. (ئولتۇرىدۇ) ...

جىڭ گويى: بىزنىڭ كوڭلىمىزمۇ گېنېرال جاناپلىرىغا نىسبەتەن دەل شۇنداق. بۇ يەردە ئۆزىڭىزنى بېلىق ئۆزىنى سۇدا، لاچىن ئۆزىنى ئاسماندا ئەركىن تۇتقانىدەك ئەركىن ھېس قىلىشىڭىز مۇمكىن.

ۋىتا كوئا: شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مەن ئادىيۇتانتىمنى ياتاققا قايتۇرىۋەتتىم. شوپۇرنى تاڭغا يېقىن كېلىشكە بۇيرۇدۇم. بەزى گۇمانلىق نەزەرلەردىن ساقلىنىش ئۈچۈن مۇشۇنداق تەدبىر كېرەك.

جىڭ گويى: ئاقىلانە تەدبىر، گېنېرال جاناپلىرى.

ۋىتا كوئا: سۆيۈملۈك گولەن قىز كورۈنمەيدىغۇ. ئۇ خانىمدا بىزنىڭ بىر چەينەك چېيىمىز ئامانەت قالغان ئىدى.

جىڭ گويى: ھازىر پەيدا بولىدۇ. (ئىچكىرى تەرەپكە) گولەن، گولەن، نەدىسەن.

[لى نەينەي پەتنۇستا بىر شىشە موتەي ھارىغى، ئىككى رۇمكا، بىر تەخسە سەي ئېلىپ كىرىدۇ]

لى نەينەي: گولەن قىز ھازىر چىقىدۇ، ئالدىراش كىيىم يەڭگۈشلەۋاتىدۇ.

جىڭ گويى: (خوشال) ھازىر خىزمىتىڭىزگە چىقىدىكەن. قىزبالا ئەمەسمۇ، دۇرۇسراق كىيىنىپ چىقماقچى بولسا كېرەك. (لى نەينەيگە) داستىخاننى چوڭ ئۈستەلگە تەييارلىسىڭىز مىكىن.

لى نەينەي: (مەقسەتلىك) مېھمان سانى ئاز بولغاندىن كېيىن، يۇمشاغراق دىۋاندا ئولتۇرۇشقىنى ئوبدان (پەتنۇسنى دىۋان قېشىدىكى كىچىك ئۈستەلگە قويىدۇ).

ۋىتا كوئا: يەڭگىمىز تولىمۇ مېھرىۋان ئايال ئىكەن.

جىڭ گويى: بۇ جەھەتتە گەپ يوق.

لى نەينەي: خۇدايىمەي، ئانچىلىكمۇ ئەمەس.

جىڭ گويى: چىقىپ گولەنگە ئېيتىڭ، گېنېرال جاناپلىرى ئۇنى كۈتىۋاتىدۇ.

لى نەينەي: مانا ھازىر. [كىچىك ئىشىكتىن چىقىپ كېتىدۇ]

ۋىتا كوئا: جىڭ گويى ئەپەندى، سىزگە ئالاھىدە ئېتىۋار بىلەن قاراش، ئىمتىيازلىق مۇئامىلىدە بولۇش زورۇرلىكى توغرۇلۇق تېگىشلىك ئورگانلارغا دەپ قويدۇم. ئۆزىڭىز كوز تىككەۋاتقان توقۇمىچىلىق فابرىكىسى پات يېقىندا پايدىلىنىشىڭىزغا تاپشۇرۇلىشى چوقۇم. بۇنىڭغا شەخسەن ئۆزەم كاپالەتلىك قىلىمەن.

جىڭ گويى: (تازىم قىلىپ) ئىلتىپاتىڭىز ئۈچۈن قەرزدارمەن.

ۋىتا كوئا: تازىمنىڭ ھاجىتى يوق، بىز ئەمدى قېرىنداشلارغۇ.

جىڭ گويى: شۇنداقتىمۇ ھېسسىياتىمنى باسالمايۋاتىمەن. ئۆزەمنى چەكسىز بەختلىك ھېس قىلىپ، خوشاللىق كوز ياشلىرىمنى توككۇم كېلىۋاتىدۇ، گېنېرال جاناپلىرى.

[جىڭ گولەن شوخ كىيىنگەن ھالدا خوشال چىراي بىلەن كىرىدۇ]

جىڭ گولەن: ئېزىز مېھمىنىمىزنى ساقلىتىپ قويغىنىم ئۈچۈن كەچۈرۈم سورايمەن.

ۋىتا كۇئا: ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. كېلىپ بىزگە ھەمداستىخان بولسىڭىز، ئۆزىمىزنى ئەڭ تەلەيلىك كىشى دەپ بىلىمىز، سۆيۈملۈك گولەن قىز.

جىڭ گويى: (خوشال ياشلىرىنى سۈرتۈپ، سىڭلىسىنىڭ بېشىنى سىلايدۇ) سىڭلىم، سېنى بۇنداق ئۆچۈق چىراي كورۇپ، گويا مەرھۇم ئاتا - ئانىمىز تىرىلىپ قالغاندەك خوشال بولدۇم. ھەر نىمە بولسىمۇ لەۋزىمنى ئاپسەن، قارىلىق كىيىملىرىڭنى تاشلاپسەن. رەھمەت ساڭا. مەن سېنىڭ مۇشۇنداق ئەقىللىق بولۇشىڭنى كوپتىن بۇيان ئارزۇ قىلاتتىم. رەھمەت سىڭلىم، مىڭ رەھمەت ساڭا. ئەمدى گېنېرال ئەپەندىگە ئۆلپەت بولغىن، بۇ ياقنى ئوزەڭ كۇتىۋالغىن.

جىڭ گولەن: گېنېرال جاناپلىرىنى لايىغىدا كۇتەلەيمەنمىكىن تاڭ.

ۋىتا كۇئا: ھەرگىز، ھەرگىز گولەن قىز، مېنى ئاددى بىر كىشى ھىساپلاڭ.

جىڭ گويى: سىڭلىم، گېنېرال جاناپلىرى ئەڭ قۇدرەتلىك ھوكۇمران ئورۇندا تۇرىۋاتقان بىر زات بولسىمۇ، بىزنىڭ ئائىلىمىزگە نىسبەتەن ئۆزىنى تولىمۇ ئوز ۋە كەمتەر تۇتىدۇ.

جىڭ گولەن: ھەقىقى ئالىجاناپ كىشىلەر شۇنداق بولىدۇ، ئاكا.

جىڭ گويى: ئەمىسە ئەركىن - ئازادە پاراڭلىشىڭلار. مەن تۇۋەن تەرەپكە چۈشۈپ، ئەتراپنى بىر قۇر كوزدىن كەچۈرەي. ھەر ھالدا ئېھتىيات خاتىرجەملىكنىڭ كاپالىتى.

ۋىتا كۇئا: غەمخورلىغىڭىز ئۈچۈن مىننەتدارلىق ئىزھار قىلىمەن. دىمەك بىزگە ئۆلپەت بولالماي، كوڭلىمىزنى يېرىم قىلىدىكەنسىزدە، جىڭ گويى ئەپەندى؟

جىڭ گويى: كەچۈرگەيسىز، شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالدىم.

[لى نەينەي پەتنۇستا بىر نەرسىلەرنى كوتىرىپ كىرىدۇ]

لى نەينەي: خۇدايىمەي، مېھمىنىمىزغا لايىق بىر نەرسىلەرنىمۇ قىلالمىدۇق.

ۋىتا كۇئا: مېھرىۋانچىلىغىڭىزنىڭ ئوزى مەن ئۈچۈن چوڭ زىياپەت، يەڭگە.

جىڭ گويى: (لى نەينەيگە) لى يەڭگە، يىمەكلىكلەرنى سىز تەييار قىلىپلا تۇرسىڭىز بولغىنى، ئۇلارنى گولەننىڭ ئوزى كىرىپ ئېلىپ چىقىدۇ. سىز توشۇيمەن دەپ ئاۋارە بولۇپ قالماڭ.

ۋىتا كۇئا: بۇ تولىمۇ ئىنسانپەرۋەر پىكىر. مېھرىۋان مومايلىرىمىزنى جۇۋۇتمىشتىن خىجىللىق ھىس قىلىمىز.

جىڭ گولەن: لى نەينەي كېرەكلىك نەرسىلەر ئۈچۈن ئوزەم كىرىمەن.

جىڭ گويى: شۇنداق بولغىنى ياخشى. ئەمىسە بىز كەتتۇق، سىزلەرگە خاتىرجەملىك تىلەيمەن.

[جىڭ گويى چوڭ ئىشىكتىن، لى نەينەي كىچىك ئىشىكتىن چىقىپ كېتىدۇ]

جىڭ گولەن: (ئۇستەل ئۇستىنى تۈزەشتۈرىدۇ، چاي قۇيىدۇ، مۇتەيىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ قەدەھلەرگە قۇيىدۇ) مەن ھاراق ئىچمەيمەن، لېكىن ئوزەمگىمۇ قۇيدۇم. ھورمەتلىك مېھمىنىمىز بىلەن قەدەھ سوقۇشتۇرۇپ ئولتۇرۇشنىڭ ئوزىمۇ بىر كوڭۇللۇك ئىش ئەمەسمۇ.

ۋىتا كۇئا: گۈزەل ئېغىزدىن يېقىملىق سوز چىقىدۇ، گولەن قىز.

AltunOq

جىڭ گولەن: گېنېرال جاناپلىرىنىڭ ئۆز ئۆيىدەك ئېچىلىپ - يېيىلىپ ئولتۇرۇشىنى ئۈمىت قىلاتتىم.

ۋىتا كۇئا: سىز شۇنداق تەلەپ قىلسىڭىز، مېنىڭ ئىتائەت قىلىشتىن باشقا دەيدىغىنىم يوق. گۈزەل قىز (تۇرۇپ شەپكىسىنى ئالىدۇ، تاسمىلىرىنى ۋە كىتىپلىنى يېشىپ بىر يانغا قويماقچى بولىدۇ)

جىڭ گولەن: (چاققانلىق بىلەن ئۇنىڭ قولىدىن ئالىدۇ) ماڭا بېرىڭ، مەن ئېلىپ قوياي.

ۋىتا كۇئا: سىزنى ئاۋارە قىلىشقا جۈرئەت قىلالايمەنمۇ؟

جىڭ گولەن: ھېچقىسى يوق، بىز ئەمدى ئۆز كىشىلەردىن بولۇپ قالدۇققۇ (كىيىم، تاسما بىلەن تاپانچا قاتارلىقلارنى دۈگىلەك ئۈستەل ئۈستىگە قويىدۇ) بۇنىڭدا پارتىلاپ كېتىدىغان بىر نەرسىلەر يوقتۇر، تولىمۇ قورقىمەن.

ۋىتا كۇئا: قورقماڭ گۈزەل قىز. پارتلايدىغان نەرسىلەر بولغان تەقدىردىمۇ سىزنىڭ ئارامگاھ ئۆيىڭىزدە، سىزنىڭ مۇھەببەتكە توشقان سېھىرلىك كۆزلىرىڭىز ئالدىدا زادى پارتلىمايدۇ. پەقەت خۇشاللىقتىن مېنىڭ يۈرىكىم پارتلاپ كېتەرمىكىن دەپ قورقىمەن.

جىڭ گولەن: ياپونلۇقلارنىڭ كىشىنى زوقلاندۇرىدىغان مۇنداقمۇ سۆزلىرى بولىدىكەن. قېنى، ئاددىلا داستىخىنىمىزغا بېقىپ بىر قەدەھ ئىچىشىڭىزنى ئۈمىت قىلىمەن.

ۋىتا كۇئا: ھەر قانداق ئاددىلىق سىزنىڭ ئىشتىراكىڭىزدا تولىمۇ تەنتەنىلىك زىياپەتكە ئايلىنىدۇ. (قەدەھنى ئالىدۇ)سىزنىڭ جامالىڭىزنىڭ تېخىمۇ روناق تېپىشى ئۈچۈن.

جىڭ گولەن: سىزنىڭ سالامەتلىكىڭىز ئۈچۈن. (ۋىتا كۇئا ئىچىدۇ، جىڭ گولەن كالپۇكىنى تەككۈزۈپ قويىدۇ) مەن ئادەتلەنمىگەن، كەچۈرۈڭ.

ۋىتا كۇئا: بولىدۇ، مەيلى. سىز كالپۇك تەككۈزۈپلا قويسىڭىز، شۇ قەدەھنى مەن ئابىي ھايات ئورنىدا ئىچىمەن.

جىڭ گولەن: رەھمەت، مېنى ئارتۇغراق ماختىۋەتتىڭىزمۇ نىمە، گېنېرال جاناپلىرى؟

ۋىتا كۇئا: ياق مەن تېخى دىلىمدىكى گەپلىرىمنى ئاجىز تىلىم بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلمەيۋاتىمەن.

جىڭ گولەن: سىز خەنزۇ تىلىنى تولىمۇ پاساھەتلىك سۆزلەيدىكەنسىز.

ۋىتا كۇئا: ئانچىلىك ئەمەس. ئۇلۇق جۇڭخۇا مىللىتىگە خىزمەت كۆرسىتىپ، شەرقتە بىللە گۈللىنىش مەقسىتىدە بىز مەخسۇس تەييارلانغان كىشىلەردىنمىز.

جىڭ گولەن: يەنە بىر قەدەھ ئىچىشىڭىزنى ئۈمىت قىلاتتىم.

ۋىتا كۇئا: باش ئۈستىگە قوبۇل قىلىمەن. (قەدەھنى قولىغا ئېلىپ ئورنىدىن تۇرىدۇ) مەن جۇڭگوغا كېلىپ بىرىنچى قېتىم سىزدەك ئالىجاناپ قىزغا دۇچ كېلىۋاتىمەن. سىزنى ئەڭ لاتاپەتلىك ياپون قىزلىرىغا ئوخشاتسام...

جىڭ گولەن: بۇ تولىمۇ مۇبالىغە بولدى.

ۋىتا كۇئا: زادى مۇبالىغە بولمايدۇ. جۇڭگو تېپىلغاندىن كېيىن، مەن سىزنى ياپونىيە بويلاپ ساياھەت قىلغۇزىمەن، ئۇ ئاجايىپ بىر دىيار.

جىڭ گولەن: قېنى، كەلگۈسىدە ياپونىيىنى زىيارەت قىلىشىمىز ئۈچۈن ئىچەيلى.

[ۋىتا كۇئا ئىچىۋاتقاندا، قېشىدا جىڭ گوپىڭ پەيدا بولىدۇ. گېنېرال چوچۇپ كېتىدۇ]

ۋىتا كۇئا: (تەمتىرەپ) مەن، مەن...

جىڭ گوپىڭ: ئىچىڭ، ئىچىڭ گېنېرال ئەپەندى، تەمتىرىمەڭ.

ۋىتا كۇئا: مەن بۇياقنى تونۇيالماي قېلىۋاتىمەن...

جىڭ گولەن: مېنىڭ ئاكام.

ۋىتا كۇئا: ئاكىڭىز؟... مەن تونۇشۇش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولالماپتىكەنمەن. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەپسۇسلىنىمەن. چىن قەلبىمدىن...

جىڭ گوپىڭ: مەنمۇ چىن قەلبىمدىن دېيەمەنكى زادى ئەپسۇسلانماڭ. بىز بالدۇر تونۇشالمىغان بولساق، كېچىكىپ بولسىمۇ مانا ئەمدى تونۇشىۋاتىمىزغۇ.

ۋىتا كۇئا: مەن، مەن... كىيىملىرىم نەدە ئىدى. (دۈگىلەك ئۈستەل تەرەپكە ماڭماقچى بولىدۇ)

جىڭ گوپىڭ: (تاپانچا بىلەن ئۇنى توختىتىپ) ئورنىڭىزدىن مىدىرلىماسلىقىڭىز كېرەك. خاتىرجەم بولۇڭ، كىيىملىرىڭىزنى ئوغرى ئالمايدۇ. چۈنكى بۇ يەردە سىزدىن باشقا ئوغرى يوق.

ۋىتا كۇئا: مەن چۈشىنەلمەيۋاتىمەن. مەن ئوغرى ئەمەس...

جىڭ گوپىڭ: ياق، سىز ئوغرى، چوڭ ئوغرى. سىزنى بۇ ئائىلىگە كىم كەلتۈردى؟

ۋىتا كۇئا: دوستلۇق كەلتۈردى، قەدىردانىمىز جىڭ گويى ئەپەندىنىڭ دوستلىقى كەلتۈردى.

جىڭ گوپىڭ: ياخشى، شاڭخەيگىچۇ، سىزنى شاڭخەيگە كىم كەلتۈردى؟ جۇڭگوغا كىم كەلتۈردى؟

ۋىتا كۇئا: دوستلۇق، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ دوستلىقى كەلتۈردى.

جىڭ گوپىڭ: دوستلۇق؟ سىز دوستلىرىڭىزغا نېمىلەرنى قىلىۋاتىسىز؟ سىز شاڭخەيگە ئۆلۈم، ئاپەت، ۋەيرانچىلىق، ئاچارچىلىق ئېلىپ كەلدىڭىز. سىز شاڭخەي خەلقىگە قىرغىنچىلىق، ئازاپ ـ ئوقۇبەت ئېلىپ كەلدىڭىز. سىز شاڭخەينى تالاۋاتىسىز، بۇلاۋاتىسىز، ئاياق ئاستى قىلىۋاتىسىز. سىزنىڭ دوستلىقىڭىز شۇنىڭدىن ئىبارەت ئەمەسمۇ؟ سىز شاڭخەينى قان بىلەن باستۇرۇپ تۇرۇپ، يەنە دوستلۇقتىن گەپ ئاچىسىز. سىزنىڭ جۇڭخۇا مىللىتىگە ئاتا قىلماقچى بولغان دوستلىقىڭىز جۇڭگولۇقنىڭ بىر جۈملە سۆزى بىلەن ئاتىغاندا ”ئۈچ چوڭ سىياسەت“، يەنى جۇڭگونى بۇلاپ تۈگىتىش، كۆيدۈرۈپ تۈگىتىش، قىرىپ تۈگىتىش سىياسىتى ئەمەسمۇ؟ دەل شۇ! سىز مەرھەمەت قىلىپ ئىككى قەدەم بۇياققا مېڭىڭ. (دېرىزىنىڭ پەردىسىنى كۆتىرىدۇ) سىز دوستلۇق ئېلىپ كەلگەن شاڭخەيگە بىر قاراپ بېقىڭ. (گولەنگە قاراپ) سىڭلىم، سەن گېنېرال ئەپەندىنىڭ قورالىنى ئېلىپ، چوڭ ئىشىككە پەخەس بولۇپ تۇر.

جىڭ گولەن: سەن خاتىرجەم بول ئاكا، گېنېرالنىڭ قورالى ئاللىقاچان مېنىڭ قولۇمدا (يېڭى ئىچىدىن تاپانچىنى ئېلىپ كۆرسىتىدۇ).

جىڭ گوپىڭ:(ۋىتا كۇئاغا) قاراڭ، ھەربىي ساقچى گېنېرالى. سىز گۈللەپ ياشناتقان شاڭخەي كېچىسىگە بىر قاراپ بېقىڭ. قېنى تونۇغۇنكى ئاۋات يورۇق شاڭخەي؟ بۇ زۇلمەتلىك تۈندە شەپەرەڭدەك قاتىراپ يۈرگەن سوغ ماشىنىلار شاڭخەينىڭ ۋىجدانلىق ئوغۇل ـ قىزلىرىنى تۇتۇپ زىندانلارغا تاشلاۋاتىدۇ، كوللېجلارنىڭ، ھەر خىل بىلىم يۇرتلىرىنىڭ گۈزەل بىنالىرىغا ئادەمخور ھەربىيلەر جايلىشىۋالغان، سىزنىڭ قوراللىق ساقچىلىرىڭىز

هەر بىر مەدەنىيەت - ئىستىراھەت ئورۇنلىرىنى ئەيشى - ئىشرەت، بۇزۇقچىلىق ئورۇن-
لىرىغا ئايلاندۇرۇۋالغان. مۇشۇلار سىزنىڭ شاڭخەيلىككە قىلغان دوستلۇقىڭىزمۇ؟ سوز-
لەپ بېقىڭ، گېنېرال جاناپلىرى!

جىڭ گولەن: گوپىڭ ئاكا، چوڭ ئاكام كېلىشۋاتقاندەك قىلىدۇ.

جىڭ گوپىڭ: قويۇپ بەر كىرىدۇەسۇن. سەن كەينىدە دىققەت بىلەن كۈزىتىپ تۇر. (ۋىتا كۇئانى تاپانچا ئۇچى بىلەن ئۇستەلگە ئېلىپ كېلىدۇ) ئىچىڭ، گېنېرال جاناپلىرى! قەدەھتىكى جۇڭگولۇقنىڭ قېنى. بۇ قانغا سىز ئامراق، بۇ قاننى سىز كوپ ئىچكەنسىز، ئەمما تويـمىغانسىز. يەنە بىر قەدەھ ئىچىڭ!

ۋىتا كۇئا: (تىترەپ) ئىچىشىم شەرت بولسا ئىچەي...

جىڭ گوپىڭ: ئىچىڭ!

ۋىتا كۇئا: (قەدەھنى ئالىدۇ) سىزنىڭ سالامەتلىكىڭىز ئۇچۈن...

جىڭ گوپىڭ: ئېھتىمال مېنىڭ سالامەتلىكىم سىزنىڭ ھالاكىتىڭىز بولۇپ قالار.

[جىڭ گويى كىرىدۇ]

جىڭ گويى: بۇ نىمە ئەھۋال؟ گوپىڭ سەن بۇ يەردىغۇ ... گېنېرال جاناپلىرى! ... (مەسىلىنى چۈشىنىپ) ھە بۇ يەردە توپۇلاڭ چىقارماقچى ئىكەنسەن - دە، يول قويمايمەن. گوپىڭ سېنى ئوز قولۇم بىلەن ئېتىپ تاشلايمەن. (يېنىدىن قورال چىقارماقچى بولىدۇ)

جىڭ گولەن: (ئارقىدىن تاپانچا تەڭلەپ) ئاكا، مىدىر قىلماڭ، ئېتىپ تاشلايمەن.

جىڭ گويى: ھە، بۇ سەنلەرنىڭ تىل بىرىكتۈرۈشىڭ ئىكەندە، گېنېرال جاناپلىرىنى جان تىكىپ قوغدايمەن. (بېرىپ ئوز گەۋدىسى بىلەن ۋىتاكۇئانى توسىۋالىدۇ)

جىڭ گوپىڭ: ئاخىرقى قېتىم ئاكا دەيمەن: ئاكا نېرى كەت!

جىڭ گويى: كەتمەيمەن، مېنىڭ بارلىق مەنپەئەتىم گېنېرالغا مەركەزلەشكەن، ماڭا گېنېرال جاناپلىرى كېرەك. سەن كوزۇمدىن يوقال!

جىڭ گوپىڭ: (ئامالسىز قېلىپ) خائىننىڭ ئولۇكىنى دەسسەپ ئوتۇپ، ئاندىن دۈشمەن بىلەن ئېلىشىش كېرەك! (ئاكىسىنى ئاتىدۇ، ئۇ يىقىلىدۇ) ئەمدى نوۋەت ياپون گېنېرالغا (ئونىمۇ ئاتىدۇ) يۇر، سىڭلىم، بىز شاڭخەينىڭ قارا كېچىسىگە چىقىپ، مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان جەڭچىلەر سېپىگە قوشۇلىمىز. شاڭخەيدە يورۇق تاڭ ئاتىدۇ!

[جىڭ گوپىڭ، جىڭ گولەن بىرلىكتە چوڭ ئىشىكتىن چىقىپ كېتىدۇ]

— پەردە

# ئۇستازىم ئابدۇللا ھامۇتنى ئەسلەيمەن

ھېيتەم ھۇسەن



دۇتارىڭ مۇڭلىنىپ ئۇنلەيدۇ دائىم،
ئالدىمدىن كەتمەيدۇ خۇشخۇي ئوبرازىڭ.
قۇلۇغۇم تۈۋىدە ھېلىمۇ ياڭرار،
گارمونىڭ، غىجىكىڭ، خۇشناۋا سازىڭ.

ئاتاقلىق مۇزىكانت، غىجەك ئۇستىسى، ئاكاردىيونچى، شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى مۇزىكا ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئابدۇللا ھامۇتنىڭ بىز بىلەن مەڭگۈلۈك ۋىدالاشقىنىغا ئىككى يىل بولۇپ قالدى. ئۇ بىزدىن ئايرىلغان بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ رادىيو، تېلېۋىزىيونلاردا غىجەك ۋە ئاكاردىيونلار بىلەن ئورۇندىغان ۋە ناخشىلارغا تەڭكەش قىلىپ چالغان يېقىملىق مۇزىكىلىرى ئۇزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى قىلچە يوقاتقىنى يوق.

يولداش ئابدۇللا ھامۇت ئۆزىنىڭ قىسقىغىنە ھاياتى ۋە ياشلىق باھارىنى ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىغا بېغىشلاپ، جان - دىلى بىلەن خەلق ئاممىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، سوتسىيالىستىك مىللىي ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزنىڭ، بولۇپمۇ ئۇيغۇر مۇزىكىچىلىقىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن ۋە ئېلىمىز خەلقى بىلەن دۇنيا خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق - ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىشلىرى ئۈچۈن مۇناسىپ تۆھپە قوشتى.

يولداش ئابدۇللا ھامۇت 1938 - يىلى 6 - ئاينىڭ 12 - كۈنى كۇچار ناھىيىسىدە ئاددىي قول ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئاتىسى ھامۇت قارى تامغا ئويىدىغان كاسىپلاردىن ئىدى. ئاقكۆڭۈل، ئەمگەكچان ھامۇت ئاكا كۈندىن - كۈنگە ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان پەرزەنتىنىڭ كەلگۈسىدە قايسى كەسىپتە ئۆزۈپ چىقىدىغانلىقىنى بىلىش مەقسىتىدە ئۇنىڭ كۈندۈلۈك ئارزۇ - ھەۋەسلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتەتتى ۋە ئوغلىنى ئۆز كەسپىنىڭ ۋارىسى قىلىش ئۈمىدىدە "كوزى پىشسۇن" دەپ ئۆزىنىڭ يېنىدىن ئايرىمايتتى. كوزلىرىدىن ئەقىل - پاراسەت چاقناپ تۇرىدىغان ئابدۇللا قويۇق، قاپ - قارا قاشلىرىنى ھىمىرىپ، ئاتىسىنىڭ قولىغا تىكىلگەن ھالدا چوڭقۇر خىياللارغا غەرق بولاتتى. بىراق كوڭۇل تېزگىنىنى باشقۇرالمايدىغان سەبىي بالا ئۈچۈن جىمجىت دۇكان ئىچىدە سىدىر - سىدىر قىلماي نەچچە سائەتلەپ ئولتۇرۇش ھەقىقەتەنمۇ قىيىن ئىدى. كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان توينىڭ ناخشا - مۇزىكا، ناغرا - سۇناي سادالىرىنى ئاڭلاپ قالغىدەك بولسا، ئابدۇللا خۇددى يۈگەنسىز تايچاقتەك سەكرەپ ئۆزىنى دۇكان-

دىن كوچىغا ئاتاتتى. ئەگەر هامۇت ئاكا سەل - پەل دىققەت قىلسىلا توي - مەشرەپ ئۆتكۈزۈلىۋاتقان سورۇنلارغا قېچىپ كېتەتتى. هامۇت ئاكا هەر كۈنى كەچتە دىگۈدەك ئابدۇللانىڭ دۇتار، تەمبۇر ياڭراپ تۇرىدىغان ساماۋەرخانىلاردا، توي قىزىغان هويلىلاردا، پۈتۈن زېهنى بىلەن نەغمە - ناۋاغا قۇلاق سېلىپ ئولتۇرغانلىقىنى كورۇپ، ئوغلىنىڭ تاماشاغىلا بېرىلىپ، ئىلىم هەرىپەتكە قىزىقمايدىغان ئادەم بولۇپ قېلىشىدىن قاتتىق ئەنسىرەيتتى. شۇڭا ئۇنى بىر ئامال قىلىپ مەكتەپكە بېرىش قارارىغا كەلدى.

ئابدۇللا مەكتەپتە ناهايىتى ياخشى ئوقىدى. كوپ قېتىم تەقدىرلىنىپ هامۇت ئاكا بىلەن ئايىنساخان ئاچىنى شاتلاندۇردى. ئۇ دەرستە ياخشى بولۇپلا قالماستىن، بىر ئەپلىمك تامغا ئويۇپ دادىسىغا يار - يولەك بولاتتى. بىراق كەچتە يەنىلا ساز ياڭرىغان يەردىن كەلمەيتتى. ئويىگە قايتقاندىن كېيىن دەرهال تامىقىنى يەيتتى - دە، ئوزى ياسىۋالغان ئۇنى چىقمايدىغان ياغاچ غىجەكنى قولىغا ئېلىپ، ئىنچىكىرەك بىر ياغاچنى كامانچە قىلىپ سۈركەپ ئاغزىدا غىجەك ئاۋازىنى دوراپ بىر هازاغىچە "چالاتتى".

— "بۇقىنى كالام دىمەڭ، سازەندىنى بالام دىمەڭ" دىگەن گەپ بار، — دىدى هامۇت ئاكا ئايىنساخان ئاچىغا قاراپ، — بۇ مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، چوڭ بولغاندا قانداقمۇ باشقۇرارمىز؟

— بوپتىلا، قىزىققىنىنى قىلسۇن، ساز چېلىشنىڭ نىمە يامىنى بار؟ — دەيتتى ئايىنساخان ئاچا ئوغلىنىڭ قىلىقلىرىغا مەسلىكى كېلىپ.

ئابدۇللا بىر هەپتىگىچە مەكتەپتىن كېلىپلا دادىسىغا ياردەملىشىپ تامغا ئويىدىغان بولدى. قولىنىڭ بىر قانچە يېرىنى كېسىۋالغان بولسىمۇ يەنە باش چوكۇرۇپ ئىشلىدى. بۇنىڭدىن ئەجەپلەنگەن هامۇت ئاكا ئوغلىدىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سورۇشتۇردى . ئابدۇللا دادىسىغا ياردەملىشىپ پۇل يىغىپ بىر ئىسكىرىپكا ئېلىش نىيىتىدە ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. هامۇت ئاكا ئوغلىنىڭ بۇ ئىشتىياقىنى توسقىلى بولمايدىغانلىقىغا كوزى يەتتى ۋە ئۇنىڭ ئەمەلىي هەركىتىدىن تەسىرلىنىپ كوپ ئوتمەي بىر دانە كونا ئىسكىرىپكىنى ئېلىپ بەردى. خوشاللىقى ئىچىگە سىغماي قالغان ئابدۇللا مەكتەپتىن كەلگەن هامان ئىسكىرىپكىنى چالاتتى. ئاندىن تامىقىنى يەپ بولۇپلا تاپشۇرۇقىنى ئىشلەپ يەنە يېرىم كېچىگىچە چالاتتى. بەزىدە هەتتا كېچىچە چېلىپ كىچىككىنە ئىسكىرىپكىسىنى قۇچاقلىغان هالدا ئۇخلاپ قالاتتى... ئاردىن بىر نەچچە يىل ئوتۇپ كەتتى. ئابدۇللانىڭ قولى ئىسكىرىپكىغا رەسمى كېلىدىغان، بىر نەچچە پەدىنى يامىداپ چالىدىغان بولۇپ قالدى. ئەمدى ئاتا - ئانا ئىككەيلەن ئوغلىنىڭ سادىق تىڭشىغۇچىسىغا ئايلانغان ئىدى.

شىنجاڭدا ئازاتلىق تېڭى ئاتتى. 12 گە كىرىپ قالغان ئابدۇللا هامۇت ئۈچۈن ئوز تالانتىنى تېخىمۇ گۈللەتىشكە ئىمكانىيەت يارالدى. ئابدۇللا ئەمدى تەمبۇر ۋە ئاكاردىيونلارنىمۇ ئانچە - مۇنچە چالىدىغان بولدى. سەنئەتنىڭ قەدىمىي بوشۇگى كۇچار شەهرىدە «ئىشتىياق» سەنئەت ئومىكى قۇرۇلدى، سەنئەت ئومىكىدىكى خەلق سازەندىلىرىدىن ياسىن ئەزىز قاتارلىقلار بۇ تالانتلىق گۆدەك هەۋەسكارغا تولۇپ - تاشقان قىزغىنلىق بىلەن مۇزىكا چېلىش قائىدىلىرىنى ئۆگىتىپ ماڭدى. كىچىككىنە ئابدۇللا هامۇت چالغان تەمبۇر، ئىسكىرىپكىلار مەكتەپ ۋە «ئىشتىياق» كىلۇبىنىڭ رادىيولىرىدا ياڭرايدىغان بولدى. تېخى ئاخشام تۇنجى قېتىم قويۇلغان هىندىستان هىكايە فىلىمى «سەرگەردان» دىكى راج ئېيتقان «ئاۋارەهۇم» ناخشىسىنىڭ بۈگۈن شاك-

AltunOq

چىكنىڭ ئاكاردىيونىدا ئورۇنلىنىۋاتقانلىغى ھەممەيلەننى تاڭ قالدۇرغان ئىدى. كەڭ ئامما گـۇـ
دەك ماھىرغا چىن قەلبىدىن ئاپىرىن ئېيتاتتى ۋە ھامۇت ئاكابىلەن ئاينىساخان ئاچىنى تەبرىكلىـ
شەتتى. خوشاللىغىدىن ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەن ھامۇت ئاكا تۇرمۇش شارائىتىنىڭ ئانچە ياخشى
بولمىغىنىغا قارىماي ئوغلىغا 100 سومغا بىر دانە كىچىك كونا ئاكاردىيون ئېلىپ بەردى. «ئىتتـ
تىپاق» سەنئەت ئۆمىكى 1955 - يىلى بۇ "گۇدەك سازەندە" نى رەسمى ھەۋەسكارلىققا قوبۇل
قىلدى. 1956 - يىلى جايلارغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغىلى بارغان شىنجاڭ ناخشا - ئۇسۇل
ئانسامبىلىدىكى يولداشلار بۇ 17 ياشلىق سازەندىنى ئۆز ئىشتاتىغا ئالدى.

ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن ئابدۇللا ھامۇتنىڭ ياشلىق باھارى تېخىمۇ ئۇرغىدى. ئومەك
پارتىيە ياچېيكىسى يولداش ئابدۇللا ھامۇتنىڭ ھەر جەھەتتىن ياخشى تەربىيىلىنىشىگە يېقىندىن
غەمخورلۇق قىلدى. ئۇ پېشقەدەم غىجەكچى يۇنۇس ئاخۇن، ئاتاقلىق تەنبۇرچى ھۇسەنجان جامى
قاتارلىق ئۇستازلارنىڭ سەممى ياردىمىگە ئىگە بولدى. ئابدۇللا ھامۇت كېچە - كۈندۈز جاپاـ
لىق تىرىشىپ، كىشىنى تاڭ قالدۇرىدىغان ئىجتىھات، ئەقىل - پاراسەت ۋە ئاجايىپ ئۆتكۈر تۇـ
تۇۋۇپلىش قابىلىيىتىنى نامايەن قىلىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كىلاسسىك مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇـ
قام» نى چوڭ ئىشتىياق بىلەن ئۆگەندى. ئۇزۇنغا قالماي ئاددى نوتا ۋە بەش سىزىقلىق نوتىـ
نى تولۇق ئىگەللەپ، ئاكاردىيوننى يالغۇز ناخشىلارغا بىمالال چالالايدىغان، يالغۇز غىجەكتە
نومۇر كورسىتەلەيدىغان سەۋىيىگە يەتتى.

يولداش ئابدۇللا ھامۇت سىياسى - ئىدىيىۋى جەھەتلەردىمۇ ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قوـ
يۇپ 1959 - يىلى شەرەپلىك ھالدا جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا ئەزا بولدى. ئۇ
سىياسى ئۆگىنىش ۋە ئىجتىمائى پائالىيەتلەرگە ھەر دائىم ئاكتىپ قاتنىشىپ دولەت ۋە خەلقاراـ
دىكى چوڭ ئىشلارغا يېقىندىن كوڭۇل بولەتتى. يېزا - قىشلاق، زاۋۇت - كارخانىلاردىكى سەيياـ
رە ئويۇن قويۇش ئىشلىرىدا ئۆزىنىڭ تايانچلىق رولىنى ۋە سەنئەتتىكى تالانتىنى كورسىتىپ
كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قىزغىن ئالقىشى ۋە مەدھىيىسىگە سازاۋەر بولاتتى.

1960 - يىلدىن بۇيان ئۇ ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئافغانىستان، مىسىر، ئالجىرىيە، سۇرىـ
يە، ھىندونېزىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى، چېخوسلوۋاكىيە، ئىراق قاتارلىق دولەتلەرگە ئويۇن قويغىلى
بارغان ئومەك تەركىۋىدە بولدى ۋە ھەر قايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ مىللى ناخشا - مۇزىكىلىرىنى
ئۆگىنىپ چېلىپ، ئۇلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ، ۋەتىنىمىز ئۈچۈن زور شان - شەرەپ
ياراتتى. ئېلىمىز خەلقى بىلەن ھەر قايسى ئەل خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنىڭ راۋاجلىـ
نىشىغا توھپە قوشتى.

ئېلىمىز خەلقىغە چەكسىز بالايى - ئاپەت ئېلىپ كەلگەن "مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى" جەرياـ
نىدا يولداش ئابدۇللا ھامۇتمۇ ئېغىر زىيانكەشلىككە ئۇچراپ، "شيۇجېكجۇيىچىلارنىڭ مايىسى"،
"ئەكسىيەتچى سازەندە"، "ئاق مۇتەخەسسىس"، "بۇرژۇئازىيە ۋە فېئودالىزىمنىڭ غەزەلخانى" دېـ
گەن ھەر خىل بەدناملار بىلەن ئۇزۇن مەزگىل قاراڭغۇ ئويگە تاشلاندى، قاتتىق رېجىم ئاستىدا
مۇزىكا چېلىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىندى، كىشىلىك غۇرۇرى ھاقارەتلەندى. "ئۇرۇش، قىستاش،
ئىقرار قىلدۇرۇش" نىڭ ئاچچىق ئازابىنى تارتىپ ئۇچرىدى. روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىكى بۇ خىل

ئېغىر بېسىم ۋە خورلىنىش نەتىجىسىدە يۈرەك كېسىلىگە گىرىپتار بولدى. لېكىن قەلبىدە ۋەتەن،
خەلققە مۇھەببىتى يالقۇنلاپ تۇرىدىغان بۇ ئوت يۈرەك كۈيچى ئەشۇنداق ئېغىر كۈنلەردىمۇ
ئۇمىتۋارلىقىنى يوقاتماي پۇرسەت تاپسىلا يوشۇرۇن ھالدا ئۆز كەسپىنى مەشق قىلىشنى داۋاملاش-
تۇردى. مۇزىكا چېلىشقا ئىمكانىيەت بولمىسا مۇزىكا بىلىمىگە دائىر كىتاپ - ماتېرىياللارنى
كوردى. مەسىلىسى بىر تەرەپ بولۇپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن تېخىمۇ زور غەيرەت - شىد-
جائەت بىلەن ئىشلىدى. ئۇ سالامەتلىكىنىڭ ناچارلىقىغا قارىماستىن تووەنگە چۈشۈپ، دولىتىغا
ئېغىر ئاكاردىيوننى ئارتىپ كەڭ يېزا - قىشلاق، تاغلىق رايونلاردا ئويۇن قويۇش ئىشلىرىغا
ئاكتىپ قاتناشتى.

1976 - يىلى 8 - ئايدا بىز شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى تەركىۋىدە ئافغانىستان،
جەنۇبىي يەمەن دېموكراتىك خەلق جۇمھۇرىيىتى، شىمالىي يەمەن ئەرەپ جۇمھۇرىيىتى، سۈرىيە،
ئىراق، كۇۋەيت، پاكىستان قاتارلىق دولەتلەرگە زىيارەت يۈزىسىدىن ئويۇن قويغىلى باردۇق
ۋە ھەر قايسى ئەللەر خەلقلىرىنىڭ قىزغىن كۈتىۋېلىشى ھەمدە ئالقىشىغا ئېرىشتۇق.

ھاۋا بەكمۇ ئىسسىق ئىدى. بولۇپمۇ جەنۇبىي يەمەن، ئىراق ۋە كۇۋەيتلەرنىڭ ھاۋا كىلى-
ماتى ناھايىتى ئىسسىق بولۇپ، ئادەتتە 40 گىرادۇستىن چۈشمەيتتى. بۇ كىلىمات قان بېسىم
ۋە يۈرەك كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئابدۇللا ئۈچۈن چوڭ تەھدىت ئىدى. ھەر بىر دولەتكە
بېرىپلا ئەتىسى كەچلىكى چوقۇم ئويۇن قويۇشىمىزغا ھەمدە ئەتىلىك ئويۇنغا ئۈلگۈرتۈپ بىردىن
شۇ ئەلنىڭ ناخشىسىنى ئۆگىنىپ بولۇشىمىزغا توغرا كېلەتتى. مۇزىكا ئەترىتىمىزنىڭ باشلىقى
بولداش ئابدۇللا ھامۇت ۋەتەنىنىڭ شان - شەرىپىنى ئاشۇرۇش ۋە خەلقارا دوستلۇقنى ئىلگىرى
سۈرۈش ئۈچۈن ئايروپىلاندىن چۈشۈپ مېھمانخانىغا بېرىش بىلەنلا بىزنى تەشكىللەپ، ئېلىمىزنىڭ
باش ئەلچىخانا خادىملىرى ۋە شۇ ئەلدىكى سەنئەتچىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن دەممۇ ئالماستىن
دەرھال ناخشا - مۇزىكىنى نوتىغا ئېلىش، ئاھاڭلارنى ئەينەن ئۆگىنىۋېلىش خىزمىتىگە تۇتۇش
قىلاتتى. بىز ناخشىنىڭ بىر كوبلېتىنى ئۆگىنىپ بولغىچە ئۇ پۈتۈن ناخشىنىڭ ئاھاڭى - پاۋۇز-
لىرىدىن تارتىپ تولۇق ئۆزلەشتۈرۈپ بولاتتى. ئاندىن ناخشىنىڭ ئىنچىكە پۇراقلىرىنى بىزگە ئۆ-
گىتەتتى. سالامەتلىكىنىڭ ناچارلىقىغا قارىماي، كۈندۈزى زاۋۇت - فابرىكىلارغا بېرىپ چەت-
ئەل ئىشچىلىرىدىن ۋە ئېلىمىزنىڭ مۇتەخەسسىسلىرىدىن ھال سوراش ئويۇنلىرىغىمۇ ئاكتىپ قاتنى-
شاتتى. پىژ - پىژ ئىسسىقلارغا بەرداشلىق بېرىپ جاپادا ئالدىدا، راھەتتە كەينىدە تۇرۇپ ئېغىر
ئاكاردىيوننى ئۆزى كوتىرىپ ماڭاتتى. مەيلى ئايروپىلاندا ياكى ئاپتوۋۇزلاردا بولسۇن، ئۇنىڭ
تىنىم تاپمايدىغان چەبدەس بارماقلىرى ھامان ئاكاردىيوننىڭ تىللىرىدا ئوينايدۇ. ئۇنىڭ زوق-
شوق بىلەن چالغان ئاكاردىيونى لاھورنىڭ بۈك - باراقسان كوچىلىرىدا، كابۇلنىڭ چىرايلىق
باغلىرىدا، باغداتنىڭ كوز يەتمەس خورمىزارلىقىدا، سۈرىيەنىڭ گىلان ئىگىزلىكىدە، جەنۇبىي
يەمەننىڭ زۇمرەت دېڭىز ساھىللىرىدا، كۇۋەيتنىڭ نېفىتلىكلىرىدە، ئەرەبىستاننىڭ «كەر بالا»
چوللىرىدە ياڭرايتتى. ئۆز ناخشا - مۇزىكىلىرىنى شۇنچە ئەينەن ئاڭلاۋاتقىنىغا ھەيران قالغان
چەتئەللىك ھەمراھلىرىمىز، ئەدىبىيات - سەنئەت خادىملىرى، شوپۇر ۋە كۈتكۈچىلەر ئابدۇللا ھا-
مۇتنى كوپ قېتىم: "سىز سازەندە ئەمەس، بەجايىكى ئۇنىڭ ئالغۇ ئىكەنسىز..."، "ھېرىش -

چارچاشنى بىلمەيدىغان ئوت يۈرەك سەنئەتكار ئىكەنسىز" دەپ تەرىپلەشكەن ئىدى. سەپەر ئۈستىدىكى ئاپتوۋۇزدا ئابدۇللا چالغان پارس، ئەرەپ ناخشا - مۇزىكىلىرىدىن «خەندانفەرخارى»، «موللا مەمەدجان»، «ئەزىزە»، «سۇرىيە ھەبىبەتى» قاتارلىقلارنى ئاڭلىغىنىدا ئۇلار ئىختىيارسىز چاۋاك چېلىشىپ، ئىچ - ئىچىدىن سۆيۈنۈپ: «بارۇل ئابدۇللا ھامىدا!»، «شۇكرەن!»، «تەشەككۇر ئابدۇللا!» دەپ ئالقىش ياڭرىتاتتى ۋە ئۇنى قۇچاقلاپ سۆيۈپ كېتەتتى.

1980 - يىلى يازدا ئابدۇللا ھامۇت شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى بىلەن نىگېرىيە، گانا، يۇقۇرى ۋولت، توگو قاتارلىق غەربىي ئافرىقا دۆلەتلىرىگە ئويۇن قويۇشقا باردى. 40 — 50 گىرادۇستىن چۈشمەيدىغان ئىسسىق تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ يۈرەك كېسىلى پات - پات قوزغىلىپ، تۇراتتى. لېكىن ئۇ ئېلىمىز خەلقى بىلەن ھەر قايسى ئەللەر خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىشتەك شەرەپلىك ۋەزىپە ئالدىدا ئۆزىنىڭ ھېرىپ - چارچىشى ۋە كېسىلىنىڭ ئېغىرلىشىۋاتقانلىقى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمىدى. تەشكىل ئۇنى دەم ئېلىشقا قايتا - قايتا دەۋەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ كەچكى ئويۇن قويۇش ۋە كۈندۈزدىكى ھال سوراش پائالىيەتلىرىدىن زادىلا قالماي، كىشىنى تاڭ قالدۇرىدىغان قەيسەر ئىرادىسى بىلەن خىزمەتنى ئاقساتمىدى. ئېغىر ئاكاردىيون ۋە غىجەك ئۇنىڭ تالماس بىلەكلىرىنى يېڭەلمىدى. ۋەتەنگە غەلىبە بىلەن قايتىپ كېلىش خوشاللىقى بۇ تالانتلىق ياش مۇزىكانتنى ھاياجانلاندۇراتتى. بىراق، ئايروپىلاننىڭ پەلەمپىيىگە قەدەم بېسىش ئالدىدا ئۇنىڭ يۈرەك كېسىلى ئۇشتۇمتۇت قوزغىلىپ، پارىژدا قېلىشقا مەجبۇر بولدى. ئۆز سەبداشلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىش ئازاۋى ۋە ئۇلۇغ ئانا ۋەتەنگە بولغان سېغىنىش ئوتى بۇ ياش مۇزىكانتنىڭ قەلبىنى تېخىمۇ ئورتىمەكتە ئىدى. ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۇنىڭ كېسىلى سەل - پەل ياخشىلاندى. ئۇ ئېلىمىزنىڭ فىرانسىيىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىدىكى يولداشلارغا قايتا - قايتا رەھمەت ئېيتىپ:

— مەن ۋەتىنىمگە قايتىپ داۋالىناي، نىمە بولسام ۋەتىنىمدە بولاي! — دېدى. ئابدۇللانىڭ تەلىۋى بويىچە باش ئەلچىخانا ئۇنى بېيجىڭغا يولغا سېلىپ قويدى. ئۆز ۋەتىنىنى قىزغىن سۆيىدىغان بۇ چارچىماس جەڭچى بېيجىڭغا كېلىپ سەبداشلىرى بىلەن دىدارلىشىپ چەكسىز خوشاللىققا چۆمدى. 10 - ئۆكتەبىر كۈنى ئانا يۇرتى شىنجاڭغا قايتىپ، ئۇرۇق - تۇققان، دوست - يارلىرى بىلەن ئۈرۈمچى ئايرودورومىدا بەختلىك ھالدا ئۇچراشتى. بىر نەچچە كۈن ئىچىدە ئۇ يوقلاپ كەلگەن يولداشلارغا چەتئەلدىكى زىيارىتى جەريانىدا كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى، چەتئەلدىكى خەلقلەرنىڭ جۇڭگو خەلقىغە بولغان دوستلۇق مېھرىنى، چەتئەلدە ئۆگەنگەن ناخشا - مۇزىكىلىرىنى سۆزلەپ بەردى. ھەر قېتىملىق چەتئەلگە چىقىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ سوتسىيالىستىك ۋەتەنگە بولغان مۇھەببىتىنىڭ ئېشىپ بارغانلىقىنى، ئۆز ۋەتىنىنىڭ نەقەدەر سۆيۈملۈك ۋە قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى ھاياجان ئىچىدە ھىكايە قىلىپ بەردى.

بىراق 14 - ئۆكتەبىر كۈنى ئابدۇللانىڭ يۈرەك ئاغرىقى قايتا قوزغىلىپ شۇ كۈنىلا بالنىتسىغا ئېلىندى. ئۇنىڭ ئاغرىپ يېتىپ قالغانلىقىنى ئاڭلىغان كەڭ زىيالىلار، ئىشچىلار، كەسىپداشلار ۋە ئوقۇغۇچىلار ئارقا - ئارقىدىن دوختۇرخانىغا بېرىپ ئۇنى يوقلاپ تۇردى. ئەمما قۇربان ھېيتىنىڭ 3 - كۈنى سەھەردە ئۇنىڭ يۈرەك ئاغرىقىدا جىددى يامانلىشىش يۈز بەردى.

يولداش ئابدۇللا ھاموت بىھوش ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. يولداش ئىسمايىل ئەمەت ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومغا ۋاكالىتەن دەرھال دوختۇرخانىغا بېرىپ جىددىي قۇتقۇزۇش گۇرۇپپىسىنى تەشكىل قىلدى ھەمدە ئۆزى بۇ گۇرۇپپىنىڭ مەسئۇللىقىنى ئۈستىگە ئالدى. بىر ھەپتىدە جىددىي قۇتقۇزۇش مەزگىلىدە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، تەشۋىقات بۇسى، مەدەنىيەت نازارىتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى، قېرىنداش ئۆمەك ۋە باشقا ئىدارىلاردىكى كەڭ ئامما يولداش ئابدۇللا ھاموتنى ئايىغى ئۈزۈلمەي يوقلاپ تۇردى. بىراق، شۇم ئەجەل يولداش ئابدۇللا ھاموتقا قارا قولىنى سوزدى، 1980 - يىلى 10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 5 تىن 10 مىنۇت ئۆتكەندە يولداش ئابدۇللا ھاموتنىڭ سەنئەت ئىشلىرىغا بېغىشلانغان چوغدەك يۈرىكى سوقۇشتىن توختىدى. بۇ چاغدا ئۇ ئەمدىلا 42 ياشقا كىرگەن ئىدى. ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇزۇتۇش ۋە جەسىدى بىلەن ۋىدالىشىش مۇراسىملىرىغا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىدىكى مەسئۇل يولداشلاردىن ئىسمايىل ئەمەت، تۆمۈر داۋامەت، ھامىدىن نىياز، جانابىل، ئوبۇلخەيرى قاتارلىق يولداشلار قاتناشتى ھەمدە باشقا نازارەت، ئىدارىلارنىڭ مەسئۇللىرىمۇ قاتناشتى. مەرھۇمنىڭ جەسىدى ئىنقىلاۋىي قەھرىمانلار قەۋرىستانلىقىغا دەپنە قىلىندى. بىر نەچچە كۈن ئىچىدە پايتەخت ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى سەنئەت ئۆمەكلىرىدىن ۋە مەرھۇمنىڭ دوست - يارلىرىدىن ماتەم تېلېگراممىلىرى كەلدى.

يولداش ئابدۇللا ھاموت ئەدەبىيات - سەنئەت ئۈچۈن يارالدى، ئەدەبىيات - سەنئەت يولىدا كۆيۈپ - پىشتى، ئۆزىنىڭ قىسقىغىنە ياشلىق باھارىنى پۈتۈنلەي خەلقىمىزنىڭ دىلىمىرى بولغان سەنئەت ئىشلىرىغا بېغىشلىدى. شۇڭلاشقا ئۇ كەڭ خەلقنىڭ ۋە سەنئەت ئەھلىنىڭ ھۆرمەت ئىكرامىغا سازاۋەر بولدى، مەنىلىك ياشىدى ۋە مەنىلىك ئۆلدى. بىز يولداش ئابدۇللا ھاموتنىڭ ۋەتەن، خەلقنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرى ئۈچۈن باشتىن - ئاخىرغىچە خۇددى شامدەك يورۇق بېرىپ تۈگەش، پەرۋانىدەك ئېتىلىشتەك پىداكار روھىدىن ۋە ئىچكويەرلىكىدىن ئۆگىنىپ، سوتسىيالىستىك مىللىي ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزنى تېخىمۇ گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىمىز.

ئەلۋىدا ئابدۇللا، تىنچ يات، دوستۇم،
قەۋرەڭگە قىزىل گۈل يوپۇق ياپقۇسى.
ساڭا ۋارىس بولۇپ سانسىز ئىزباسار،
سەنئەتنىڭ بېغىدا چېچەك ئاتقۇسى.

❀❀❀❀❀❀❀

# تۇرمۇش ۋە ئىجادىيەت



( ئەدەبىي ئاخبارات )

## ھوشۇر روزى

تۇرمۇش گويا دېڭىز. سىزچۇ؟ سىز گويا ئۇنىڭدىكى بىر دانە كىچىك قولۋاققا ئوخشايسىز. ئەتىدىن كەچكىچە قىرغاق بويلاپ يۈرگىنىڭىزدە، سىزنىڭ ئىگە بولىدىغان ئولجىڭىز پەقەت پاقىراق تاشلار بىلەن قولۇلە قېپىدىنلا ئىبارەت بولىدۇ. ئەمما سىز ئىرىشمەكچى بولغان گوھەر ئەنە شۇ چەكسىز دېڭىزنىڭ خەتەرلىك قاينىمى ئاستىدا يوشۇرۇنۇپ ياتىدۇ. سەنئەتكار بولسا ئەنە شۇ قاينامغا چۆشۈپ گوھەرنى سۈزۈپ چىقىشقا بەل باغلىغان باتۇر غەۋۋاسقا ئوخشايدۇ. دېمەك ئۇ، خەلق ئالدىدا پەقەت ئەنە شۇ دېڭىزدىن سۈزۈپ چىققان ھاسىلاتى بىلەنلا قەدىر - قىممەتلىك.

## ئۇنتۇلماس شان - شەرەپ

1980 - يىلى ماي ئېيى. قۇياشنىڭ ئىللىق نۇرىغا چۆمگەن ئۈرۈمچىدە مەملىكەتلىك تۇنجى قېتىملىق ئۇسۇل ( يالغۇز كىشىلىك، ئىككى كىشىلىك، ئۈچ كىشىلىك ) مۇسابىقىسىگە قاتنىشىدىغان ھەرقايسى شەھەر، ۋىلايەت، ئوبلاست، ئاھېيلەرنىڭ سەنئەت ئۆمەكلىرى ئورۇنلىغان يەككە نومۇرلارنى تاللاش مۇسابىقىسى ئاخىرلاشقان ئىدى. باھالىغۇچىلار تاللاش نەتىجىسىنى ئېلان قىلغاندا ئاپتونوم رايونىمىزغا بېرىلگەن 7 نومۇرنىڭ 3 نى بىرلا سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئىگىلىشى كىشىلەرنى ھەيران قالدۇردى.

— بىراقلا ئۈچ نومۇرنى ئىگىلىگەن قايسى سەنئەت ئۆمىكىدۇ؟...

— ئەجەبا، نامى چىققان شانۇ - شەۋكەتلىك ئۇسۇل چولپانلىرى بىر چەتتە قاپتىغۇ؟ ...

— ياق، چوقۇم بىر ئۇقۇشماسلىق يۈز بەرگەن بولسا كېرەك...

— ئېھتىمال، ئۇ ئۆمەككە چوڭ ئورۇندىكى بىرەر يۇقىرى مەلۇماتلىق، تالانتلىق رېژىسسور ياكى ئۇسۇل ئىجادىيەتچىسى خۇپىيانە ياردەم بەرگەن بولسا كېرەك.

كىشىلەر ئارىسىدىكى گۇمان، ئىشەنمەسلىك تۇيغۇسى خىلمۇ - خىل ئىدى. ئۇنداق گۇمانلارغا ھېچقانچە ئەجەبلەنمىگەن تەقدىردىمۇ، بىرەر كىشى: ئۇ، قىزىلسۇ سەنئەت ئۆمىكى، — دەپ جاۋاپ بېرىدىغان بولسا، گاڭگىرىمايلا چۈشىنەلەيدىغان، ئۆز يۇرتىنىڭ شان - شەرىپىدىن ئىپتى-

AltunOq

خارلىق ھېس قىلدۇرىدىغان كىشىلەر بۇ سورۇندا ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. بەزى كىشىلەر قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ قەدىمىي تۈرك ئاستانىسى، ئاتۇشنىڭ ناخشا - ئۇسسۇل ماكانى ئىكەنلىكىدىن خەۋەرسىز بولۇشى مۇمكىن.

ياۋۇز "تۆت كىشىلىك گۇرۇھ" تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، پارتىيىمىز يولغا قويغان توغرا ئەدەبىيات-سەنئەت فاڭجېنى ئېلىپ كەلگەن سەنئەت باھارى كىشىلەرگە ئانچە تونۇشلۇق بولمىغان قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىدا ئىككىنچى قېتىم ئازاتلىقنىڭ باھارگۈلىنى ئېچىلدۇردى. ھېچقانداق مەخسۇس تەربىيە كۆرمىگەن، بەلكى باشلانغۇچ مەكتەپنىلا پۈتتۈرۈپ، ئاددىي ئۇسسۇلچىلىقتىن ئۆسۈپ يېتىلگەن تالانتلىق ئۇسسۇلچى، ئۇسسۇل ئىجادىيەتچىسى ۋە رېژىسسورى نۇسرەت ئىجادىي كۈچىنى سەرپ قىلىپ ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن ئۇيغۇرچە يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇل «پاختىكار قىز»، قىرغىزچە ئىككى كىشىلىك ئۇسسۇل «بىرجۈپ قىزىل گۈل»، «كاچار ئۇسسۇلى» لىرىنى بۇ قېتىمقى كۆرەككە تەقدىم قىلدى. شۇيىلى 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى مەملىكەتلىك ئۇسسۇل مۇسابىقىسىگە قاتنىشىش ئۈچۈن دالىيەنگە قاراپ ئايروپىلان بىلەن ئۇچۇپ كەتتى.

## تالانت مېھنەتتىن كېلىدۇ

كىشىلەر داۋاملىق، قېرىغان مەزگىلدە ياشلىق دەۋرىنى، كېسەل بىلەن ئاغرىغان چاغلىرىدا ساغلام مەزگىلىنى، ئىجادىي كۈچى ئۇرغۇپ، ياشلىق باھارى قىيامىغا يەتكەن چاغلاردا بولسا ئۆزىنىڭ سەبىي، گۆدەك، نادان دەۋرلىرىنى ئەسلەشنى ياخشى كۆرىدۇ. بىراق ئۇنىڭ گۆدەك چاغلىرىدا تال - چىۋىقلارنى "ئات" قىلىپ مىنىپ ئويناپ ئۆز تەڭتۇشلىرى بىلەن بىللە يۇمشاق توپىلار ئۆرلەپ كەتكەن يېزا يولىدا چاڭ توزىتىپ يۈگرەپ يۈرگەن، چاڭ - توپىغا كۆمۈلۈپ يېتىشەلمەي قالغانلارغا قاراپ مەغرۇر كۈلگەن بالىلىق قىلىقلىرىنى كىممۇ كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلىسۇن؟

ساددە، ھەسسىياتلىق، شوخ، تېتىك سەھرا قىزى نۇسرەت 1959 - يىلى باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپلا ئاتۇش ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىگە ئۇسسۇلچى بولۇپ خىزمەتكە ئورۇنلاشتى. "ھەممىنى ئۇنتۇمىنىڭ قىلىۋېتىش" شاملى تازا كۈچەيگەن، كىشىلەر ئۆز ئەركىگە ئىگە بولالمايۋاتقان، چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەشنىڭ داغدۇغىسى پۈتۈن مەملىكەتنى قاپلىغان كۈنلەردە ئاتۇش ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىمۇ بارلىق تەشۋىقات ئورگانلىرىغا ئوخشاشلا شامالغا قاراپ يۈزلەنگەن ئىدى. ئۇلار سەنئەتنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەشنىڭ داغدۇغىسىنى ئىپادىلەشكە تىرىشاتتى. نۇسرەت بولسا بۇ ھەركەتكە ئانچىلا ماسلىشىپ كېتەلمىگەندەك كۆرۈنەتتى. بىراق، ئۇ ئويۇن تەييارلاش ۋاقتىنى بىكار ئۆتكۈزۈۋەتمەيتتى. بىر كۈنى ئۇنىڭ چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتىدىمۇ دەم ئالماي، شۇ چاغدىكى تەشۋىقات ئۇقتىسى بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى بولمىغان، مەلۇم بىر شەھەرلىك سەنئەت ئۆمىكى ئورۇنلىغان ناخشا - مۇزىكىلىق دىرامىدىكى قەلەندەرنىڭ رولىنى مەشىق قىلىۋاتقانلىقى پۈتكۈل كەسپداشلىرىنى ھەيران قالدۇرغان ئىدى. باشقا ئارتىسلار ھەرقانداق سەنئەت نومۇرلىرىنى رەپىتىس قىلغاندا مەلۇم بىر يېتەكچىنىڭ ياردىمىگە تايانماي ئېلىپ بارالمايتتى. ئەجەبا، نۇسرەت قانداقلارچە باشقا رايوندىن بۇيەرگە كېلىپ سەييارە ئويۇن كۆرسەتكەن سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئورۇنلىغان دىرامىسىنى بىرلا قېتىم كۆرۈپ، ئۇنىڭدىكى ئۆزى ياقتۇرغان پېرسوناژنىڭ ناخشا - ئۇسسۇل، ھەركەت قىياپەتلىرىنى ئەينەن ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل مەشىق ئېلىپ بارالايدۇ؟ چۈنكى، ئۇنىڭ قەتئىي ئىرادىلىك بالىلىق خۇسۇسىيىتىگە ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل پىكىر قىلالايدىغان ئۆتكۈر زېھنىي قۇۋۋەتمۇ يوشۇرۇنغان.

شۇ يىلى ئاتۇش ناھىيىسىدە ئۆتكۈزۈلگەن ھەرقايسى گۇڭشېلارنىڭ ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ كۆرىكىگە ئاتۇش ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىمۇ قاتناشقان ئىدى. نۇسرەتنىڭ ئۆزى بىلگەنچە ئۆزلەشتۈرۈپ ئورۇنلىغان نومۇرى تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ، باھالاش گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن بىرىنچى بولۇپ باھالىنىدىغانلىقىنى كىم بىلسۇن؟ ئۇنىڭ تۇنجى قەدەمدە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىسى كۆپ ئۆتمەيلا ئۇنى پۈتۈن جامائەتكە تونۇتتى ھەمدە ئوبلاستلىق سەنئەت ئۆمىكىنىڭمۇ قىزىقىشىنى قوزغىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ 1960 - يىلىدىن باشلاپ قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئارتىسى بولۇپ قالدى.

## ئېھتىياج - ئىجادىيەتنىڭ ئانىسى

ھەرقانداق تەبىئەت ھادىسىسى مۇقەررەر ھالدا كىشىلەرنىڭ روھىغا تەسىر كۆرسەتمەي قالمايدۇ. 1960 - يىللىرى مەملىكىتىمىزدە يۈز بەرگەن ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقنىڭ ئورنىنى كىشىلەرنىڭ روھىي جەھەتتىكى بايلىقى قاپلاپ، ئۆز ئارا تەتۈر تاناسىپنى شەكىللەندۈرمەكتە ئىدى. قىسقىغىنە بىر نەچچە يىللىق خىزمەت تارىخىغا ئىگە، ئاساسى ئاجىز، شەرت - شارائىتى ناچار بولغان ئوبلاستلىق سەنئەت ئۆمىكىمۇ بۇنىڭدىن چەتتە قالمىدى. بىراق قانداقلا بولسۇن كەمبەغەللىكنى يامان دەپ داتلاشقا بولمايدۇ - دە! كونۇپ قالغان ناچار تۇرمۇش شارائىتىدا ئۇزۇندىن بۇيان داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان بىر نەچچە خەلق ناخشىسى كىشىلەرنىڭ قايغۇ ۋە شاتلىقىغا يېتىپ ئاشاتتى. ئۇسۇل نومۇرلىرى بولسا كىشىلەرنى ئانچە قىزىقتۇرۇپ كېتەلمەيتتى. كىشىلەرگە بەدىئىي زوق بېرەلەيدىغان يېڭى ئۇسۇل نومۇرلىرىنى ئىجاد قىلىش ئۈچۈن جاپالىق ئىزلەنمەي، تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكمەي، تىرىشىپ ئىجاد قىلماي مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ماددىي بايلىق ياراتقۇچىلار بىلەن مەنىۋى بايلىق ياراتقۇچىلارنىڭ ماتېرىيال مەنبەسى تۈپتىن ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، كەڭ خەلق ئاممىسى ئىچىگە بېرىپ تۇرمۇش ئۆگىنىشكە، تەتقىق قىلىشقا، سەنئەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە خام ماتېرىياللارنى قېزىپ چىقىشقا توغرا كېلەتتى. بىراق، ئىشلەپچىقىرىلىدىغان مەنىۋى مەھسۇلاتلارنىڭ خېرىدارلىرى ئاساسەن كەڭ قىرغىز دېھقان - چارۋىچىلىرى ۋە باشقا ھەرقايسى مىللەت ئەمگەكچىلىرى بولغانلىقتىن، ئۇلارغا خاس قويۇق مىللىي پۇراققا، مىللىي ئۇسلۇبقا، مىللىي شەكىلگە ئەھمىيەت بېرىش تەلەپ قىلىناتتى. سەنئەت ئۆمىكىدىكى خادىملار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ھەر يىلى تاغ - يايلاقلارغا بېرىپ سەييارە ئويۇن قويۇش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىش — تۇرمۇش ئۆگىنىشنىڭ ياخشى پۇرسىتى ئىدى. ياشلىق دەۋرىگە ئەندىلا قەدەم قويغان نۇسرەت تۇرمۇشنىڭ بۇ قايناملىرىدا بەھۇزۇر ئۈزۈشكە باشلىدى.

سەپەرنىڭ جاپا - مۇشەققىتىمۇ، كۆڭۈللۈك پەيتلىرىمۇ بولىدۇ. كارۋان مەنزىلگە يېقىنلاشقانسېرى سەپەرنىڭ جەۋرى - جاپاسى ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ، خىيالى تەپەككۇر ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلىشقا باشلايدۇ. مانا شۇنداق ئۇزاق مۇددەتلىك تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدە شەكىللەنگەن مول شائىرانە تەسەۋۋۇرلارنى سەنئەتكارلار ئۆزىنىڭ ياڭراق ئاۋازى، جۇشقۇن مۇزىكىسى، گۈزەل، شوخ، نەپىس ئۇسۇل ھەرىكىتىگە بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق كىشىلەرگە ئىستېتىك تۇيغۇ بېرەلەيدىغان بەدىئىي سەھـ

نە سەنئەتكە ئايلاندۇرالايدۇ. ئوبلاستلىق سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ھەر يىلى دىگىدەك بىر نەچچە قېتىم ئاپتونوم ئوبلاست دائىرىسىدىكى تاغ - يايلاقلارغا، چېگرا مۇداپىئە پونكىتلىرىغا بېرىپ سەييارە ھال سوراش ئويۇنلىرىنى كورسىتىشلىرى ھەمدە قېرىنداش ناھىيە، شەھەرلىك سەنئەت ئۆمەكلىرى بىلەن بولغان ئوز ئارا تەجرىبە ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرى ياش تالانت ئىگىسى نۇسرەت ئۈچۈن نۇرغۇن ئىجادىي كۈچ بەخىش ئەتتى ۋە ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتتى. ئۇ تاغ - يايلاقلاردىكى قىرغىز چارۋىچىلىرى ئارىسىغا يېتىپ بارغاندا ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش پائالىيەتلىرىنى چوڭقۇر، ئىنچىكە كۈزەتتى. ھەتتا شەرت - شارائىت يار بەرگەن بەزى ھاللاردا قىرغىز خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى مىللى ئىشلەپچىقىرىشى بولغان شىرداق تىكىش، كاچار توقۇش، يىڭ بىلەن يىپ ئىگىرىش، كەشتە تىكىش، يۇڭ ساۋاش قاتارلىق مەشغۇلاتلىرىنى بىۋاستە ئوز ئەمىلىيىتىدىن ئوتكەزدى ۋە سېغىن سېغىش، ئوت - چوپ ئورۇش، مال بېقىش، قوزا ئېمىتىش، چارۋىلارنى تەبىئى ئاپەت ۋە ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلاش قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى ۋە تۇرمۇش ئادىتىدىكى خاس ھەركەتلىرىگە ئاساسلىنىپ كوپلىگەن ئۇسۇل نومۇرلىرىنى ياراتتى. ئۇ ئانچە ئۇزاق ۋاقىت ئوتمەيلا جاپالىق ئىزدىنىشلەر ئارقىلىق چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ۋە چېگرا مۇداپىئە جەڭچىلىرىنىڭ قەلبىنى ئەكس ئەتتۇردىغان تۇرمۇش پۇرىغى قويۇق، بەدىئىلىكى يۇقۇرى، شوخ، نەپىس، ئىدىيىۋى مەزمۇنى چوڭقۇر، ئىپادىلەش ئۇنۇمى كۈچلۈك بولغان «يايلاق ئىگىلىرىنىڭ يۈرەك سوغىسى»، «ئارقان ئېتىش ئۇسۇلى»، «مەشق مەيدانىدا» قاتارلىق قىرغىزچە ئۇسۇللارنى ئىجات قىلدى ۋە ئوزى ئورۇنلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ھەركەت شەكلى ھەر خىل بولغان «ئاتۇش ئۇسۇلى»نى ئىجادىي رەتلىدى. ئۇنىڭ بۇ ئىجادىيەتلىرى 1964 - يىلى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 10 يىللىقىنى تەبرىكلەش مەزگىلىدە كەڭ ئاممىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ۋە يۇقۇرى باھاسىغا ئېرىشتى. 1965 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 10 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئاپتونوم رايون بويىچە ئۇيۇشتۇرۇلغان سەنئەت كورىكىدە ئۇ ئىجات قىلغان «يايلاق ئىگىلىرىنىڭ يۈرەك سوغىسى»، «ئارقان ئېتىش ئۇسۇلى»، «مەشق مەيدانىدا» قاتارلىق 3 ئۇسۇل بىرىنچىلىككە ئېرىشىپ تەقدىرلەندى ۋە پۈتۈن ئۆمەكمۇ كوللىكتىپ ھالدا بىرىنچى باھالىنىپ، ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 10 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتنىشىش شەرىپىگە ئىگە بولدى.

## ئىجادىيەتچىنىڭ ھاياتىي كۈچى ۋە قەلبى

بالايى - ئاپەتلىك ئون يىللىق ئىچكى قالايمىقانچىلىق مەزگىلىدە لىن بياۋ ۋە "تۆت كىشىلىك گۇرۇھ" ئوزىنىڭ سىياسى غەرىزىگە يېتىش ئۈچۈن ئەڭ ئاۋال ئەدەبىيات - سەنئەت سېپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، چاقنى ئىزىدىن چىقىرىۋەتتى. كىشىلەرنىڭ ئاڭ شىكتەيى قالايمىقانلاشقان بۇ كۈنلەردە پىشقەدەم، تالانتلىق سەنئەتكارلارمۇ خۇددى باشقا ئىلىم ئەھلىگە ئوخشاشلا

روھىي جەھەتتىن خورلۇققا، كەسپىي جەھەتتىن چەكلەشكە ئۇچرىدى. گۈزەل، كوركەم مىللىي ئۇ-
سۇلنىڭ ئورنىنى ئاددىي كوماندا بىلەن ئورۇنلىنىدىغان گىمناستىكا ھەركىتى ئىگەللىدى. كىشىگە
روھىي گۈزەللىك بەخش ئېتىدىغان خۇشخۇي، ياڭراق، مۇڭلۇق ناخشا ئاۋازى يوقىلىپ، ئۇنىڭ
ئورنىنى كىشى قەلبىنى ۋەھىمىگە سالىدىغان دەھشەتلىك سادالار ئىگەللىدى. بىراق، شۇ كۈن-
لەردە ئاددىي ئۇسسۇلچى نۇسرەتنىڭ قەلبىدە يەنىلا خەلقنىڭ مەنىۋى ھاياتىغا بولغان مېھرى -
مۇھەببەت يالقۇنلايتتى. ئۇنىڭ كۆڭ بويى ئويلايدىغىنى ئۆزىنىڭ سەھنە ھاياتى ۋە مىللىي ئۇ-
سۇلنىڭ تەقدىرى ئىدى. ئىنچىكە ھالدا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان نۇسرەت بۇ تەلەپنىڭ
ھوددىسىدىن چىقىشقا پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشتى. ئۇ ئىجات قىلغان «يايلاقتا ئېتىلىپاق گۈلى
ئېچىلدى» قاتارلىق ئۇسسۇل نومۇرلىرى 1974 - يىلى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى
قۇرۇلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقىنى تەبرىكلەش مەزگىلىدە ئاپتونوم ئوبلاستنىكى كەڭ جامائەتچى-
لىكنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى ھەمدە 1975 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇل-
غانلىقىنىڭ 20 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن سەنئەت كۆرىكىدە 1 -
دەرىجىلىك باھالىنىپ تەقدىرلەندى. 1976 - يىلى ئۇ باليت ئۇسسۇلى بىلەن قىرغىزچە مىللىي
ئۇسسۇل بىرلەشتۈرۈلگەن ئۇسسۇللۇق تىياتىر «پامىردا باھار» نى ئىجات قىلىپ ئۆزى رېژىسسور-
لۇق قىلدى ۋە سەھنىدە رول ئالدى. ئۇزاق مۇددەتلىك سەھنە تۇرمۇشى ئۇنى ئۇسسۇل ئىجادى-
يەتچىسى، رېژىسسور ھەم تالانتلىق ئۇسسۇلچى قىلىپ يېتىشتۈردى. ئۈزلۈكسىز ئىجادىيەت بىلەن
شۇغۇللىنىش نۇسرەتنىڭ كەسپىي ۋە نەزەرىيىۋى ئىقتىدارىنى بارغانسېرى ئاشۇردى. تەشكىل ئۇ-
نىڭ كەسپىي ئىقتىدارىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئومەكتە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشتىن تاشقىرى
ياش ئارتىستلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ۋەزىپىسىنى تاپشۇردى. نۇسرەت ئۆزىنىڭ كەسپىي
قابىلىيىتى ئاشقانسېرى يۈكىنىڭ ئېغىرىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۈستىگە ئېلىپ ئورۇنلىدى. بۇ
جەرياندا ئۇ تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈلگەن ياش ئارتىستلارنى يالغۇز كىشىلىك، ئىككى كىشىلىك،
ئۈچ كىشىلىك ۋە گۇرۇپپىلىق ئۇسسۇللارنى بىمالال ئوينىيالايدىغان دەرىجىگە يەتكۈزدى. ئۇلار
ئارىسىدا ياخشى تەربىيە ئالغان بىر نەچچە نەپەر شاگىرت ھازىر ئومەكنىڭ ئاساسلىق ئۇسسۇلچى-
لىرىدىن بولۇپ قالدى. ئۇلار ئورۇنلىغان بىر نەچچە ئۇسسۇل نومۇرلىرى مەملىكىتىمىز قۇرۇلغان-
لىقىنىڭ 30 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن سەنئەت كۆرىكىدە ۋە مەم-
لىكەتلىك يالغۇز كىشىلىك، ئىككى كىشىلىك، ئۈچ كىشىلىك ئۇسسۇل مۇسابىقىسىنىڭ ئۇرۇمچىدە
ئۆتكۈزۈلگەن تاللاش مۇسابىقىسىدە مۇنەۋۋەر ئۇسسۇل باھالاندى. بۇ نومۇرلار مەملىكەتلىك ئۇ-
سۇل مۇسابىقىسىگە قاتنىشىش ئۈچۈن ئاپتونوم رايونىمىزغا بېرىلگەن 7 ئۇسسۇل نومۇرىنىڭ 3 نى
ئىگەللىدى. شۇنىڭ بىلەن 1980 - يىلى دالييەندە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك تۇنجى قېتىملىق
(يالغۇز كىشىلىك، ئىككى كىشىلىك، ئۈچ كىشىلىك) ئۇسسۇل مۇسابىقىسىدە ئۇ ئىجات قىلغان ۋە
رېژىسسورلۇق قىلغان ئىككى كىشىلىك قىرغىزچە ئۇسسۇل «بىر جۈپ قىزىل گۈل» 3 - دەرىجى-
لىك ئەسەر باھالىنىپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ۋە جۇڭگو ئۇسسۇلچى-
لار جەمئىيىتى تەرىپىدىن 3 - دەرىجىلىك ئىجادىيەت مۇكاپاتى بىلەن مۇكاپاتلاندى. بۇ ئۇسسۇل
نومۇرىنى ئورۇنلىغۇچىلاردىن نۇسرەت تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن ياش ئۇيغۇر ئۇسسۇلچى گۈلجامال

2 - دەرىجىلىك ئورۇنلىغۇچى بولۇپ باھالىنىپ، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ۋە جۇڭگو ئۇسۇلچىلار جەمئىيىتىنىڭ 2 - دەرىجىلىك ئورۇنلىغۇچى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ لايىھىلىگەن «كاجار ئۇسۇلى» نىڭ كېيىم لايىھىسىمۇ مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ۋە جۇڭگو ئۇسۇلچىلار جەمئىيىتى تەرىپىدىن 3 - دەرىجىلىك لايىھىلەش مۇكاپاتىغا ئىگە بولدى.

تالانتلىق ئۇسسۇل ئىجادىيەتچىسى ئۇسرەت 1943 - يىلى ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ ھازىرقى كاتتايىلاق گۈكشى چۇشۇرگە دادۇيىدە كەمبەغەل دىخان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن ئىدى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ناخشا - ئۇسۇلغا باي مەنىۋى تۇرمۇشى ئۇنىڭ كىچىكىدىنلا تەبىئىي ھالدا ئۇسۇل مەستانىسى بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن مۇنبەت زېمىن بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ پۈتۈن ياشلىق باھارىنى خەلقىنىڭ مەدەنى ھاياتىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن بېغىشلاپ، نۇرغۇن ئۇيغۇرچە ئۇسۇل نومۇرلىرىنى ئىجات قىلىش ۋە ئاتۇش خەلق ئۇسۇلىنى رەتلەشتىن باشقا يەنە قېرىنداش قىرغىز خەلقىنىڭ مىللى ئۇسۇلىنى يارىتىش، ئۇنى ھازىرقى زامان سەھنىسىگە كۆتۈرۈشتە پارلاق تۆھپىلەرنى قوشتى. ئۇ راك كېسىلى بىلەن ئاغرىپ، داۋالاشلار ئۈنۈم بەرمەي، 1981 - يىلى 7 - ئاينىڭ 13 - كۈنى 38 يېشىدا ئاتۇشتا ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ۋاپاتى سەنئەت ئاسمىنىدىكى بىر يۇلتۇزنىڭ ئېقىپ كەتكىنىدەك كىشىلەر قەلبىنى خىرە قىلدى. بىراق، ئۇ ئۆز قەلبىدىكى سەنئەتكە بولغان مۇھەببەت يالقۇنىنى ياش شاگىرتلىرىنىڭ قەلبىگە، كەسپداشلىرىنىڭ قەلبىگە تۇتاشتۇرۇپ قويۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئىجادىي ئەمگەكلىرى پارلاق نۇر چېچىپ، بۇ كەڭ زېمىندە ئۇيغۇر خەلقى بىلەن قىرغىز خەلقىنىڭ قېرىنداشلارچە مىللى دوستلىقىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە ئەۋلادتىن - ئەۋلادقىچە داۋام قىلغۇسى!

❀❀❀❀❀❀❀

# دۇتار

## ئابلىمىت مەھەممەت

ئارامى جان، ھوزۇرى دىل سەھەردە دىلبىرىم دۇتار،
كۆڭۈلنىڭ شات - خۇرامى سەن سەپەردە دىلبىرىم دۇتار.

ھاياتىمنىڭ باھارىنى ئانا يۇرتۇمدا گۈللەتتىم،
مىسالى بۇلبۇلى ئۆزەڭ نەزەردە دىلبىرىم دۇتار.

ئۇلۇغ ئىستەك پىراقىدا دىلىمدا ئۇرغىغان تۇيغۇ،
ئەجەپ ياڭراق شۇئارىم سەن زەپەردە دىلبىرىم دۇتار.

قەدەم قويدۇم جاسارەتتە ئىلىم - پەن يولىدا دادىل،
زەپەر پەيزىنى سۈرگەيمىز چىمەندە دىلبىرىم دۇتار.

گۈزەل غايە، مىرادىمغا يېتەرمەن زوق ئېلىپ سەندىن،
ئۆزەڭ سەن سىردىشىم ھەر بىر قەدەمدە دىلبىرىم دۇتار.

تۇغۇلدۇم ناخشا كانىدا سېنىڭ بىرلە بولۇپ ھەمدەم،
شۇڭا كوز قارچۇغۇمدۇرسەن ۋەتەندە دىلبىرىم دۇتار.

AltunOq

# قىرغىز خەلقىنىڭ مەدەلى كۈيچىسى

ئىبراي ئەيسا



ئەگەر سىز رادىيودىن سالى بوربۇش ئورۇنلىغان قىرغىزچە ناخشىلارنى ئاڭلاۋاتقان ۋاقتىڭىزدا رايونىمىزنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي تاغ جىلغىلىرىدىكى قىرغىز بوز ئۈيلىرىدە① بولۇپ قالىدىغان بولسىڭىز، ئۇلارنىڭ سالى بوربۇش نامىغا ئاپىرىن ئوقۇپ ئۇنى چىن دىلىدىن ماختىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان ۋە كۆرگەن بولاتتىڭىز.

قىرغىز خەلقىدە "ئادەم بولىدىغان بالا كىچىكىدىن مەلۇم" دېگەن ماقال بار. يولداش سالى بوربۇش قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئاقچى ناھىيە بازار ئىچىدىن بولۇپ، باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقىتلىرىدىن تارتىپلا سەنئەتكە زور ئىشتىياق باغلىغان ھەمدە ناخشا ئېيتىشقا بەكمۇ ئامراق ئىدى. شىنجاڭ ئازات بولغان مەزگىللەردە ناھىيىدە سەنئەت ئۆمىكى بولمىغاچقا باشلانغۇچ مەكتەپ سەنئەت كۇرژوكى ھېيت - بايراملاردا شەھەر ئاھالىسىغا ئۆزلىرى تەييارلىغان كونسېرت نومۇرلىرىنى كۆرسىتەتتى. بۇنداق چاغلاردا كىچىككىنە ئوماق قىز سالى سەھنىگە چىقىپ، باللارغا خاس جاراڭلىق ئاۋازى بىلەن ناخشا ئېيتقاندا پۈتۈن مەيدان شۇنداق جىمجىتلىققا چۆمەتتىكى، پۈتۈن دىققىتى بىلەن ناخشىغا ئەسىر بولغان تاماشىبىنلار ناخشىنىڭ قانداق تۈگىگەنلىكىنى سەزمەي قېلىشاتتى ۋە بىردىن گۈلدۈراس ئالقىش ياڭرىتىپ، ئەشۇ ئوماق قىزنى بىر قانچە قېتىم قايتا ناخشا ئېيتىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىشاتتى. كىشىلەر ئۇنى ماختىشىپ: "بۇ قىزنىڭ ئاۋازى نېمە دېگەن سۈيكۈمدۈ②؟!"، "بۇ قىز چوڭ بولسا ئىرچى③ بولۇپ چىقىدۇ" دېيىشىپ كېتەتتى.

سالى يالغۇز سەنئەت ھەۋەسكارى بولۇپلا قالماي، بەلكى مەكتەپتە ھەممە دەرسلەرنى ئەلا ئوقۇيتتى. شۇڭا 1953 - يىلى ناھىيىلىك بانكا ئاچقان ياش بانكا خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈش

①بوز ئۈي — كىگىز ئۈي. ② سۈيكۈم — يېقىملىق. ③ ئىرچى — ناخشىچى.

مەكتىۋىگە قوبۇل قىلىنغان ئىدى. دەل شۇ مەزگىلدە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى ئاقچى ناھىيىسىگە ئويۇن قويۇشقا بېرىپ قالدۇ ۋە ئاقچى ناھىيە بازار ئىچى باشلانغۇچ مەكتەپ سەنئەت كۆرۈكىنىڭ نومۇرلىرىنى كورۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كىچىككىنە ناخشىچى قىز سالىنىڭ ياخشى ناخشىچى بولالايدىغانلىقىغا كوزى يېتىپ ئۇنى ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىگە قوبۇل قىلىدۇ.

يولداش سالى شۇندىن تارتىپ 1955 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىغىچە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىدە ئىشلەيدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرى مەھكىمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن قەشقەر سەنئەت ئۆمىكىگە يوتكىلىپ بارىدۇ ۋە ئۇ يەردىن ئاپتونوم رايونلۇق سەنئەت ئۆمىكىگە تاللىنىدۇ.

ھەر قايسى مىللەتتىن تەركىپ تاپقان مۇنداق بىر چوڭ سەنئەت ئۆمەك ئائىلىسىگە قوشۇلغان سالى بوربۇش ئۇستاز ۋە باشقا ئارتىستلاردىن كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىپ، ناخشا ئېيتىش ماھارىتىنى داۋاملىق ئوستۇرۇش بىلەن ئوز مىللىتىنىڭ ناخشىلىرىنى ئورۇنلىغاندىن تاشقىرى يەنە باشقا قېرىنداش مىللەت ناخشىلىرىنىمۇ ھەم چەتئەل ناخشىلىرىنىمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىپ سەھنىدە ئورۇنلايدۇ.

يولداش سالى بېيجىڭ، شاڭخەي، گۇاڭجۇ، نەنجىڭ قاتارلىق جايلارغا بىر نەچچە قېتىم بېرىپ قىرغىز خەلقىنىڭ ناخشىسىنى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە ئاڭلاتتى. مىللەتلەرنىڭ ئوزئارا چۈشىنىشى، ئۆگىنىشى، ئىتتىپاقلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇناسىپ ھەسسە قوشۇپ، بارغانلا جايدا تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى.

يولداش سالى گەرچە مەخسۇس سەنئەت مەكتەپلىرىدە ئوقۇمىغان بولسىمۇ، ئوزلىكىدىن تىرىشىپ ئۆگىنىپ، كەسپىي ماھارىتىنى ئۈزلۈكسىز تۈردە ئوستۇرۇپ باردى. شۇڭا ئۇ ناخشا ئېيتىش ۋە ئىجادىيەت ئىشلىرى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ «مەكەنىم»، «تۇلاكىدا»، «ئەتىر پۇرايدۇ»، «پامىر»، «سايرايەن»، «زامانىۋىلىشىش يولىدا» ...قاتارلىق ناخشا ۋە خورلارنى ئىجات قىلدى. بۇ ناخشىلار ھازىر سەھنىلەردە ئېيتىلىپ، رادىيولاردا ئاڭلىتىلىپ كەلمەكتە. قىرغىز خەلقى ئىچىدىن چىققان ناخشىچى — سالى ئەڭ دەسلەپ «قىزىل چوغ» دىگەن خەلق ناخشىسىنى ئورۇنلاش بىلەن داڭ چىقارغان بولسا، كېيىن «جىيېفاڭجۈن» ناخشىسىنى ئېيتىش بىلەن پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا كەڭ تونۇلدى. ھەتتا ئۇنىڭ «جىيېفاڭجۈن» دىگەن ناخشىسى چەتئەل سەھنىلىرىدىمۇ ئېيتىلدى. يولداش سالى ئورۇنلىغان ناخشىلارنىڭ ھىسسىياتى كۈچلۈك، مىللىي پۇرىقى قويۇق ۋە تەبىئىي بولۇپ، بۇ جەھەتتە مەلۇم ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇ ئوز مىللىتىنىڭ ناخشىسى ياكى باشقا قېرىنداش مىللەت ناخشىلىرىنى ئورۇنلاشتا، شۇ ناخشىدىكى مىللىي پۇراقنى، توغرىلىقنى، ھىسسىياتنى ئېنىق ئىپادىلەش بىلەن ھەر مىللەت خەلقىگە تونۇلغان. ئۇ ھازىر مەملىكەتلىك مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى.

يولداش سالى گەرچە 30 يىللىق ھاياتىنى سەنئەت ساھەسىدە ئوتكۈزگەن داڭلىق ناخشىچى بولسىمۇ، يەنىلا مەشىق قىلىشنى توختاتمىدى ۋە سەھنە ھاياتىدىن ئايرىلمىدى. ئۇ ۋەتىنىمىزنىڭ توتتە زامانىۋىلىشىشى ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرغىچە ناخشا ئېيتىش، ئىجات قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، كېيىنكى ئەۋلاتلارغا كوپرەك ئىز قالدۇرۇش يولىدا جانپىدالىق بىلەن ئىزدەنمەكتە.

# ئاۋال دراما ۋەقەلىگى يازايلى

سۇڭ گۇاڭزۇ

ۋەقەلىك درامىنى ۋۇجۇتقا چىقىرىشتا مۇھىم بىر ئامىل. سەھنە ئەسىرىنىڭ رومانغا ئوخشىماسلىقى پەقەت ۋەقەلىكنى ئۈزۈپ قويۇشقا، ئاپتورنىڭ پېرسوناژلار ئۈستىدىكى تەسۋىرى ۋە تەھلىلىنى قىستۇرۇشقا بولمايدىغانلىقىدىلا ئەمەس، بەلكى ۋەقەلىك ئارقىلىق پېرسوناژلارنى ئىپادىلەپ بېرىدىغانلىقىدىدۇر. بىرەر تەسىرلىك ۋەقەنىڭ كۈچلۈك كوڭۇل ئېچىش رولى بولىدۇ. كوڭۇل ئېچىش ئارقىلىق تەربىيىۋى مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ۋەقەلىك كەم بولسا بولمايدۇ.

قەدىمقى يۇنان تىراگېدىيىلىرى يۇنان ئەپسانىلىرى بىلەن رىۋايەتلىرىدىكى ۋەقەلىكلەردىن پايدىلىنىشتىن بارلىققا كەلگەن. شېكسپىر ئەسەرلىرى ۋەقەلىكىنىڭ جانلىق ۋە مول بولۇشى بىلەن ئېنگلىيىنىڭ ماختىنىشىغا ئېرىشكەن. مەملىكىتىمىز ئەنئەنىۋى تىياتىرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ھېكايە، رىۋايەت ۋە قىسسىلەردىن ئېلىنغان بولۇپ، ۋەقەلىكىنىڭ ئالاھىدە، ئۆزگىرىشچان ۋە مۇكەممەل بولۇشىغا چوڭقۇر ئەھمىيەت بېرىلگەنلىكى بۇنىڭغا روشەن مىسال بولالايدۇ.

بەزىلەر يولداش شايەندىن: "قايسى خىلدىكى ئەسەرلەرنى سەھنە ئەسىرى قىلىپ ئۆزگەرتىشكە مۇۋاپىق ۋە ئاسانراق" دەپ سورىغاندا، يولداش شايەن: "ھېكايىۋىلىكى بىر قەدەر كۈچلۈك" بولۇشىنى ئالدىنقى شەرت قىلىپ قويغان. ئەپسۇسكى، سەھنە ئەسىرى يېزىشنى يېڭىدىن ئۆگىنىۋاتقان بەزى يولداشلار ۋەقەلىكىنىڭ سەھنە ئەسىرىدە نەقەدەر مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغانلىقىنى چۈشەنمەيدۇ. ۋەقەلىك ۋە پېرسوناژلارغا ئاساسلىنىپ ئەسەر يازماي، ئەكسىچە، نوقۇل ھالدا توقۇنۇش قانۇنىيىتىگە ئاساسلىنىپ، تېما تاللاپ مۇقەددىمە يېزىپ، راۋاجلاندۇرۇپ، ئەۋجىگە كۆتۈرۈپ، خاتىمە يېزىش رېتى بويىچە ئەسەرنى قۇراشتۇرۇپ چىقىدۇ. زىددىيەتلەرنى سۈنئى ھالدا كەسكىنلەشتۈرىدۇ ۋە ئەسەرنى تاماملايدۇ. بۇنداق ئۇسۇل بىلەن يېزىلغان ئەسەر گەرچە "سەھنە ئەسىرى يېزىش قانۇنىيىتى"گە ئۇيغۇن بولسىمۇ، ماھىيەتتە، ئابستىراكىت بىر نەرسە بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئەگەر ئاپتورنى "ئەسىرىڭىزدىكى ۋەقەلىكنى ئاددى قىلىپ تونۇشتۇرۇپ بېقىڭ" دېسە، ئېنىقراق بىر نەرسە دېيەلمەسلىكى مۇمكىن. ھەممىمىزگە مەلۇم، «توت كىشىلىك گۇرۇھ» ۋاقتىدا نۇرغۇن سەھنە ئەسەرلىرى ۋۇجۇتقا كەلگەن ئىدى. ئۇ ئەسەرلەردە زىددىيەتلەر توقۇنۇشى قالتىس ئۆتكۈر بولۇپ، "پەللە"گە يەتكەن ئىدى. لېكىن تاماشىبىنلار قايتقاندىن كېيىن ئەسەر ۋەقەلىكىنى ئېسىدە قالدۇرۇپ، باشقىلارغا سۆزلەپ بېرىش بەكمۇ تەس ئىدى، شۇڭا مۇنداق سەھنە ئەسەرلىرىنى كۆپچىلىك "ئويۇنى يوق ئويۇن" دەپ ئاتاشقان ئىدى.

شۇڭلاشقا مەن سەھنە ئەسىرى يېزىشنى يېڭىدىن ئۆگەنگۈچىلەرگە شۇنداق نەسىھەت قىلىمەنكى، سىز ئالدى بىلەن ئەمەلىي تۇرمۇشنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ، بىر سەھنە ئەسىرى ھېكايىسىنى يېزىپ بېقىڭ، شەخسلەر قانداق ھەرىكەتلىنىشكە تېگىشلىك بولسا، شۇنداق ھەرىكەت قىلسۇن. ھېكايە قانداق تەرەققىي قىلىشقا تېگىشلىك بولسا، شۇنداق تەرەققىي قىلسۇن، «سەھنە ئەسىرى يېزىش قانۇنىيىتى»نى ۋاقتىنچە بىر تەرەپكە قويۇپ تۇرۇڭ.

يەنە بەزى يولداشلار: سەھنە ئەسەرى يېزىش بەكمۇ كۆپ ۋاقىت تەلەپ قىلىدۇ، كۆپ هاللاردا بىرىنچى قېتىمدىلا «ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنىدۇ»، دەپ ئاغرىنىدۇ. بۇ دائىم ئۇچرايدىغان ئەھۋال. بۇ، بىر ئەسەرنىڭ سەھنىدە ئوينىلىشى جەھەتتىكى سەۋەپلىرىدىن باشقا، يېزىقچىلىق جەھەتتىمۇ ھەقىقەتەن كۆپ قىيىن تەرەپلىرى بارلىقىنى، چەكلىمىلەرنىڭ ناھايىتى چوڭلىقىنى، تاقابىل تۇرۇش ئاسان ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ. سەھنە ئەسىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنىلا ئېلىپ ئېيتىدىغان بولساق، ئاپتورنى خېلى كۆپ ئاۋارە قىلىدۇ. ۋاقىت، ئورۇننى مەركەزلەشتۈرۈش، ۋەقەلىكنى ئورۇنلاشتۇرۇش، شەخسلەرنىڭ سەھنىگە چىقىشى ۋە چۈشۈشىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئاپتور ئەلۋەتتە جاپالىق ئەمگەك سىڭدۈرۈشى كېرەك. شۇڭا ياش ئاپتورلار ئۇنۇمسىز ئەمگەكتىن ساقلانماقچى بولىدىكەن، ئالدى بىلەن بىر سەھنە ئەسىرى ھېكايىسى يېزىپ، كۆپ تەرەپلىمە پىكىر ئېلىپ، جەزمەن سەھنە ئەسىرىگە ئۆزگەرتىشكە ئىشەنچ قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن پەردىلەرگە ئايرىش، كۆرۈنۈشلەرگە بۆلۈش قاتارلىق مۇرەككەپ ۋە ئىنچىكە بولغان قۇرۇلما مەسىلىسىنى ھەل قىلىش كېرەك.

قىسقىسى، سەھنە ئەسىرى ۋەقەلىكىنى يېزىش — سەھنە ئەسىرى يېزىشتىكى ئاساسىي مەشىق. قارىماققا ئۇزۇن يول يۈرگەندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇدۇل يولنى تاللىغانلىقتۇر.

ئۇنداقتا، سەھنە ئەسىرى ۋەقەلىكىنى يېزىشتا قانداق تەلەپلەر قويۇلىدۇ؟ بۇنىڭغا ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى تەلەپلەردىن باشقا سەھنە ئەسىرى يېزىشتىكى ئالاھىدە تەلەپلەرمۇ قويۇلىدۇ. ئادەتتىكى تەلەپ دېگىنىمىز، رېئال شەخسلەر، ئاكتىپ تېما، جانلىق ۋەقەلىك، تىل قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. ئالاھىدە تەلەپ دېگىنىمىز، تاللانغان تېمىدا ئۆزىگە خاس ئۇسلۇپقا ئىگە، ئۆتكۈر زىددىيەتلەر توقۇنۇشى بولۇشى كېرەك دېگەنلىكتۇر. سەھنە ئەسىرىدە زىددىيەتلەر توقۇنۇشى، ئەلۋەتتە، ئۆتكۈر بولۇشى لازىم. توقۇنۇش ئۆتكۈر بولغاندىلا ئاندىن ۋەقەلىكنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگىلى، چەكلىك ۋاقىت ئىچىدە شەخسلەرنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىرىنى ئۆزگەرتكىلى ۋە تەقدىرىنى بەلگىلىگىلى، شەخسلەرنىڭ خاراكتېرىنى ئېچىپ، ئاساسىي تېمىنى گەۋدىلەندۈرگىلى بولىدۇ. سەھنە ئەسىرىدە زىددىيەتلەر توقۇنۇشى خۇددى يولداش خۇكې «دىراما يېزىشنى مەشىق قىلىش خاتىرىسى»دە ئېيتقاندەك ئۆزىگە خاس ئۇسلۇپقا ئىگە بولۇشى كېرەك. ئاز ئۇچرايدىغان زىددىيەتلەردە ئالاھىدىلىك بولۇپلا قالماي، بەلكى دائىم ئۇچرايدىغان زىددىيەتلەردىمۇ ئالاھىدىلىك، يەنى كەم ئۇچرايدىغان شەخسلەر بولىدۇ. مۇنداق شەخسلەرنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتى ۋە تەقدىرىنى ئىپادىلەش شەكلى قوللىنىلسا ئۇلارمۇ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇپقا ئىگە بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ تېمىسىنى تاللاشتا سەھنىدە ئوينىلىشقا قولاي بولۇش - بولماسلىقىنى كۆزدە تۇتۇش كېرەك.

سەھنە ئەسىرىدىكى ۋەقەلىك، پېرسوناژلارغا ئوخشاشلا تۇرمۇشتىن ئېلىنىدۇ، پېرسوناژلارنىڭ بولۇشى ۋەقەلىكنىڭ بولۇشى ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاپتور تۇرمۇشتا پېرسوناژلار بىلەن تونۇشۇپلا قالماي، بەلكى ۋەقەلىكنى كۆپرەك توپلىشى كېرەك. ئاڭلىشىمىزچە رۇس يازغۇچىسى گوگول بيۇروكراتلار بىلەن ئىنتايىن تونۇش بولۇپ، خېلى بۇرۇنلا بىرەر كومېدىيە يېزىپ ئەمەلدارلارنى ھەجۋى قىلىشنى ئويلاپ يۈرگەن ئىكەن. بۇ ئۇنىڭ كۆڭلىدە پېرسوناژلارنىڭ بارلىقىنى، ئومۇمەن

ئېيتقاندا، تېمىنىڭمۇ بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن ئاساسىي تېما ۋە پېرسوناژلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىرەر مۇۋاپىق ۋەقەلىكنى تاپالمىغاچقا ئۇزاققىچە قەلەم تەۋرىتەلمىگەن ئىكەن. بىر كۈنى پۇشكىن گوگولغا ئىجادىيەت ماتېرىيالى توپلاش ئۈچۈن ئورىنبۇرگقا بارغانلىقىنى، ئۇ يەردىكى ئەمەلدارلارنىڭ قىزىقارلىق ھالدا ئۇنى بۇيەرگە شەخسىي زىيارەتكە كەلگەن رېۋىزور دەپ بىلىپ، ئورۇنسىز چوچۇپ، نۇرغۇن كۈلكىلىك ئىشلارنى قىلغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگەن. گوگول بۇ ۋەقەنى ئادەتتە تۇرمۇشتا كۆرگەن نۇرغۇن ۋەقەلەر بىلەن بىرگە يۇغۇرۇپ، داڭلىق «رېۋىزور» ئەسىرىنى يېزىپ چىققان. پېرسوناژلار بىلەن ۋەقەلىك بىر - بىرىگە چېتىشلىق بولىدۇ، پېرسوناژلارمۇ، ۋەقەلىكمۇ بولۇشى، ۋەقەلىكتىكى پېرسوناژلار بىلەن تونۇش بولۇش شەرت. شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز سالغاندەك، ئۆز ئارا ماسلىشىپ تېخىمۇ ئوبدان ئۈنۈم بېرىدۇ.

ئەڭ ئاخىرىدا قوشۇمچە قىلىپ ئېيتىپ قويىدىغان نەرسە، ھازىر دۇنيادا ھېكايىچىلىكى كۈچلۈك بولمىغان، ھەتتا مۇكەممەل ۋەقەلىكى يوق سەھنە ئەسەرلىرىمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. بۇ ئەسەرلەر مەلۇم پېرسوناژلارنى يارىتقان ۋە مۇئەييەن ئىدىيىۋى مەزمۇننى ئىپادىلىگەن بولسىلا، ئۇلار سەنئەت گۈلزارىدىن بىر ئورۇن تۇتۇپ تۇرىۋاتىدۇ. لېكىن مېنىڭچە، مۇنداق ئەسەرلەرنى يېزىش مۇكەممەل ۋەقەلىكى بار سەھنە ئەسىرىنى يېزىشقا قارىغاندا تېخىمۇ قىيىن بولسا كېرەك. ياش ئاپتورلار ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت ئۇسلۇبىنى تىكلەش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئىشنى قائىدىلىق باشلىشى كېرەك. ئەگەر ھېكايە يېزىشتەك ئاۋارىچىلىقتىن چەتنەپ ئۆزىنىڭ ئۇسلۇبىنى ياراتماقچى بولىدىكەن، ئىش چوقۇم ئۇنىڭ ئارزۇسىنىڭ ئەكسىچە بولۇپ چىقىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئەدەبىيات - سەنئەت ژۇرناللىرىدا كۆپرەك سەھنە ئەسەرلىرى ئۈچۈن ماتېرىيال بولالايدىغان سەھنە ئەسەرلىرى ھېكايىلىرىنى ئېلان قىلىشنى تەكلىپ قىلىمەن. بۇنداق قىلىش ياش ئاپتورلارنى سەھنە ئەسەرلىرى ھېكايىلىرىنى يېزىشقا ئادەتلەندۈرۈشكە، شۇ ئارقىلىق سەھنە ئەسەرلىرىنى گۈللەندۈرۈشكە پايدىلىق. سەھنە ئەسەرلىرى ۋەقەلىكىنىڭ ئۆزى ئەسلىدىنلا ئاممىۋى خاراكتېرلىق ئەدەبىيات شەكلى بولغاچقا، ئۇ كەلگۈسىدە كىنو ھېكايىلىرىغا ئوخشاش، كىتابخانلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىدۇ.

خەنزۇچىدىن: سايىم ئىسمايىل تەرجىمىسى

# چارلىز چاپلىن ھەققىدە ھېكايىلار

چېن جيەنخۇا

## ئېچىنىشلىق ئۇسمۇرلۇك دەۋرى

چارلىز چاپلىن ئۆز تەرجىمىھالىدا ئۇسمۇرلۇك دەۋرىدىكى جاپا - مۇشەققەتلىك كەچۈرمىشلىرىنى بايان قىلىدۇ، بۇنى ئوقۇغان كىشىنىڭ كۆڭلى بۇزۇلىدۇ. چاپلىن ئون ئىككى ياشقا كىرگەن يىلى ئاكىسى شىدنى پوچتىخانىغا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ئانىسى شىدنىڭ يەكشەنبە كۈنى ياخشى كىيىنىپ سالاپەتلىكرەك بولۇشى ئۈچۈن پۇل يىغىپ مىڭ تەسلىكتە بىر قۇر كىيىم ئالىدۇ. ئەمما ئانىسى ھەر دۈشەنبە كۈنى بۇ كىيىمنى گۆرۈخانىغا ئاپىرىپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن ئالغان بىر نەچچە شىللىڭ گۆرۈ ھەققى بىلەن ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇشىنى قامدايدۇ، ھەپتىنىڭ ئاخىرىدا شىدنى ئىلىپ كەلگەن ئىش ھەققى بىلەن ھېلىقى كىيىمنى قايتۇرۇپ ئىلىپ كىلىدۇ. مۇشۇنداق قىلىپ ئىككى يىلدىن كىيىن، بۇ كىيىم يىرتىلىپ كەتكەنلىكتىن، گۆرۈخانىمۇ ئۇنى گۆرۈگە ئالمايدۇ.

## ھىسداشلىق ئۇرۇغى

چاپلىننىڭ ئانىسى ئىنتايىن دىلى يۇمشاق ئايال ئىدى، بىر كۈنى ئۇ يولدا كىتىۋىتىپ نامراتلىشىپ قالغان قەدىناس دوستىغا ئۇچراپ قالىدۇ. ئۇزىنىڭ ئائىلىسى ئىنتايىن نامرات بولسىمۇ، دوستىنى ئۆيىگە باشلاپ بېرىپ غىزالاندۇرىدۇ. كىيىم - كېچەك بېرىدۇ. بۇنىڭدىن چاپلىن چوڭقۇر تەسىرلىنىدۇ، چاپلىننىڭ ئانىسى ئادەتتىمۇ بالىلىرىغا ئاق كۆڭۈللۈك ۋە ھىسداشلىق قىلىش مەزمۇنىدىكى نۇرغۇن ھېكايىلارنى سۆزلەپ بېرەتتى.

چاپلىن نامراتلىق تۈپەيلىدىن ئوقۇشنى توختىتىپ تىرىكچىلىك قىلىدۇ؛ گۈل ساتىدۇ، شام دۇكىنىدا خىزمەتچى بولىدۇ، دوختۇرخانىدا تازىلىق ئىشچىسى بولىدۇ، كىشىلەرنىڭ ئۆيىدە مالايمۇ بولىدۇ، باسما زاۋۇتىدا شاگىرت بولۇپ ئىشلەيدۇ ۋە باشقا نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىدۇ. ئۇ سەرگەردانلىق تۇرمۇشتا دەرت - ئەلەم ۋە ئىسسىق - سوغاقنى بىشىدىن ئۆتكۈزگەچكە، تۆۋەن قاتلام جەمئىيىتىنىڭ ئىنتايىن ئېچىنىشلىق ھالىتىگە نىسبەتەن چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە بولىدۇ.

## ئۆزلىكىدىن قېتىرقىنىپ ئۆگىنىش

چاپلىن كىچىكىدىن تارتىپلا كۆزىتىشكە ماھىر ئىدى، ئۇ ئانىسىنى دوراپ ھەر خىل ئاۋاز-

سىز تىياتىر ھەركەتلىرىنى قىلاتتى. شۇڭا ئۇ بەش يېشىدىلا سەھنىگە چىقىپ ئويۇن كۆرسىتىپ، تاماشىبىنلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن. ئۇ سەككىز يېشىدا تىياتىر ئۆمىكىگە كىرىپ سەنئەت ئۆگەنگەن ھەمدە جاپالىق مۇھىتتا ئاۋازسىز تىياتىر سەنئىتىنى ئۆگەنگەن. ئۇنىڭ ئۆگىنىشى بەزىدە ئۈزۈلۈپمۇ قالغان، ئۇ كۆپ قېتىم ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان بولسىمۇ، باشتىن - ئاياق سەنئەت ئۆگىنىش نىيىتىدىن يانمىغان، ئۇ يەنە سىرىكمۇ ئۆگەنگەن. ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە بىر نەچچە يىللا ئوقۇغان، شۇڭا ھەر قېتىم باشقا ئۆلكىلەرگە سەييارە ئويۇن قويغىلى بارغاندا، ھەمىشە دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ مەكتەپكە بېرىپ ئۆگەنگەن بىلىملىرىنى پىششىقلايتتى، ئۇ ئامېرىكىغا بارغاندىن كېيىن بىلىمىنى تولۇقلاش ئۈچۈن قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ئۆزلىكىدىن ئۆگەنگەن، فىلادېلفىيە شەھىرىدە يەكى چىكاگودا ئويۇن قويغان چاغدا، ئۇ دائىم كونا كىتابلارنى ساتىدىغان كىتابخانىلارغا بېرىپ كىتاپ سېتىۋېلىپ، ئىشتىياق بىلەن ئوقۇيتتى، ھەتتا ئويۇن قويۇش ئارىلىقىدىمۇ گىرىمخانىغا كىرىۋېلىپ كىتاپ ئوقۇيتتى. گىرامماتىكا ۋە ئىستىلىستىكىنى ئۆگەنگەندىن باشقا يەنە ئېبىسون، ھېتمان قاتارلىق داڭلىق يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇغان.

## بېرىلىپ ماھارەت ئۆستۈرۈش

چاپلىن ئۆزىنىڭ كىنوسىغا ناھايىتى قاتتىق تەلەپ قوياتتى. ئۇ، بىر سەنئەتكار ئۈچۈن ئەڭ خۇشاللىق ئىش ئۆز ئەسىرىنى يېتەرلىك خاسلىققا ئىگە قىلىش دەپ قارايتتى. مەسىلەن: «شەھەر مەنزىرىسى» فىلىمىدىكى بىر سەرگەرداننىڭ ئەما قىزنىڭ قولىدىكى گۈلنى چۈشۈرىۋېتىپ يەنە ئېلىپ بېرىدىغان 75 سېكۇنتلۇق بىر كۆرۈنۈشنى چاپلىن ئۇدا بەش كۈن كىنوغا ئالغاندىن كېيىن ئاندىن قانائەتلەنگەن.

چاپلىن ئاۋازسىز كىنونى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن جاپالىق ئىزدەنگەن ئىدى. ئۇ ياراتقان سەرگەردان شارلونىڭ ئوبرازىنى تاماشىبىنلار ياقتۇرغان بولسىمۇ ئۆزى ئۇنىڭغا قانائەتلەنمىدى. «ئىتنىڭ ھاياتى»دا ئۇ دەسلەپكى چېچىلاڭغۇلۇق يېتەرسىزلىكىنى تۈزىتىپ، فىلىمنىڭ قۇرۇلمىسىنى زىچ ئورۇنلاشتۇرۇپ، «ئادەم - ئىت» دىگەن تېمىنى تېخىمۇ كۈچلۈك ھالدا ئېچىپ بەرگەن. شۇندىن كېيىن ئۇ «ئوغلىنى ئىزلەپ پەرىگە يولۇقۇش» فىلىمىدا ئاۋازسىز تىياتىرغا تىرىشىپ تەدبىق قىلىپ، پېرسوناژلارنىڭ ھېسسىياتىنى ئىپادىلەپ، فىلىمدا قويۇق مەيۈسلۈك خۇسۇسىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەچكە كىشىلەرنىڭ فىلىم پېرسوناژلىرىغا بولغان ھېسداشلىقىنى قوزغىغان، «پارىژدىكى بىر ئايال» فىلىمىدا پېرسوناژلارنىڭ روھى ھالىتىنى سۈرەتلەشكە تىرىشىپ ئاۋازسىز كىنونىڭ ئىپادىلەش دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتكەن. ھالبۇكى، «شەھەر مەنزىرىسى»دە ھېسسىيات بىلەن روھىي ھالەت ئامىللىرى ئەپچىللىك بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەچكە بۇ فىلىم غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن.

## ئىختىساسلىق كىشىلەرنى بايقاش

چاپلىن ئىختىساسلىق كىشىلەرنى بايقاشقا ماھىر ئىدى. مەسىلەن، «پارىژدىكى بىر ئايال» فىلىمىدىكى ئېردىنا، پاۋىنىس، «شەھەر مەنزىرىسى»دە گۈل ساتقۇچى ئەما قىزنىڭ رولىدىكى يۈچىننىيا، چېلىر، «مودا دەۋرى»دە رول ئالغان بولېن، گاتېنلارنىڭ ھەممىسى چاپلىن كۆڭۈل قويۇپ يېتىشتۈرگەن داڭلىق ئارتىستلار. تېخىمۇ قىزىقارلىق يېرى شۇكى، چاپلىن «ئوغلىنى ئىزلەپ پەرىگە يولۇقۇش» دىگەن كىنودا رولغا چىقىدىغان كىچىك كېگىننى تېپىش ئۈچۈن كوپ ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان. ئۇ چاغدا كىچىك كېگىن ئاران توت ياش ئىدى، چاپلىن ئۇنى كورۇپلا ياقتۇرۇپ قالىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ ئۈچۈن مەخسۇس بىر كىنو سىنارىيىسى يېزىشقا كىرىشىدۇ. ئۇ كىنو سىنارىيىسىنى يېزىپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن، بۇ بالىنىڭ كىنوغا ئېلىش ئۈچۈن باشقىلار تەرىپىدىن يالاپ كېتىلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىنتايىن روھىي چۈشكۈنلۈككە ئۇچرايدۇ. ئۇ ياللانغان كىشى كىچىك كېگىن ئەمەس، بەلكى پىشقەدەم كېگىن ئىكەنلىكىنى ئۇققاندىن كېيىن خوشاللىقىدىن ئورۇندۇغىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كېتىدۇ - دە، دەرھال كىچىك كېگىننى ئىزلەيدۇ، نەتىجىدە چاپلىننىڭ پۈتۈن زېھنى بىلەن يېتەكچىلىك قىلىشى ئارقىسىدا كىچىك كېگىن رول ئېلىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ كىنو ساھەسىدە داڭ چىقارغان. «ئوغلىنى ئىزلەپ پەرىگە يولۇقۇش»مۇ شېكسپىر درامىلىرى بىلەن ھوسۇن تالىشالايدىغان ئەسەر بولۇپ قالغان.

## ئوزى ھەققىدىكى ئەينەن تەسۋىر

چاپلىن شېكسپىر ئۈستىدە توختالغاندا، سېكسپىر درامىلىرىدىكى پېرسۇناژلارنىڭ ھەممىسى خان، شاھزادە ۋە ئاقسوڭەكلەر دەپ قارىغان. شۇ سەۋەپتىن بۇنى ئانچە ياقتۇرمىغان. ئۇ خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى كوپرەك ئەكس ئەتتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلغان، ئۇ، "مەن پىكىر يۈرگۈزۈپ تۈزگەن كومېدىيىلەرنىڭ ۋەقەلىكى ئىنتايىن ئاددى، ئۇ بولسىمۇ ئاددەتتىكى كىشىلەرنىڭ پالاكەتكە ئۇچرىشى ياكى ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش جەريانىدۇر" دىگەن ئىدى. ئەمما چاپلىن ئاددەتتىكى شەخسلەرگە ھېسداشلىق قىلىشتىن باشقا ئۇلارنى قۇتۇلدۇرۇشنىڭ بىرەر چارىسىنى تاپالمىدى.

خەنزۇچىدىن: مەھەممەت ئەخمەت تەرجىمىسى

# چارلىز چاپلىن توغرىسىدا قىزىق گەپلەر

ۋاڭ جىژمىڭ

## چاپلىننىڭ "4 گوھىرى"

1913 - يىلى چارلىزچاپلىن ئامېرىكىنىڭ كىنو شەھرى — ھوللىۋودتا ئويۇن قويىۋاتقان مەزگىللەردە ئىستۇدىيىدىكى سۇننايت ئۇنىڭ ناھايىتى قابىلىيەتلىك ئىكەنلىكىنى بايقاپ قالدۇدە، ئۇنى كىنوغا رول ئېلىشقا تەكلىپ قىلدۇ. بىرىنچى قېتىملىق كىنو «تىرىكچىلىك» نى ئېلىۋاتقاندا، سۇننايت چاپلىننىڭ ھەر بىر ھەركىتىنىڭ ئۆزى كورسىتىپ بەرگىنى بويىچە بولۇشنى تەلەپ قىلدۇ. نەتىجىدە چاپلىن رول ئالغاندا جانسىز بولۇپ، قورۇنۇپ قالدۇ ۋە كىنو قويغاندا كورگۈچىلەر كوپ بولمايدۇ. چاپلىننىڭ ئىككىنچى كىنوسىمۇ كوڭۈلدىكىدەك چىقمايدۇ، تاماشىبىنلار يەنىلا كوپ بولمايدۇ. بۇ ئىككى كىنونىڭ ئۇدا مەغلۇپ بولۇشى سۇننايتنى قاتتىق ئۇمىتسىزلەندۇردۇ. چاپلىن ئۇچىنچى كىنوغا رول ئالغاندا، سۇننايت ئۇنى ئوز ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمايدۇ. چاپلىن ھېچقانداق چەكلىمىنىڭ بولمىغانلىقىنى سېزىپ، دادىل ئويناشقا باشلايدۇ. ئۇ سىمىز ئارتىست ئابباخنىڭ ھەم كەڭ، ھەم ئۇزۇن شىمىنى ئارىيەتكە ئالىدۇ. فورت شتىرىننىڭ ئالاھىدە چوڭ نومۇرلۇق ئايىغىنى كىيىدۇ، يەنە بىر كىچىك ھاسا تاپىدۇ، ئاخىرىدا بۇرۇتىنى قايچىلاپ چوتكا بۇرۇت ياسايدۇ. چاپلىن بۇ ئۇزۇن شىم، يوغان ئاياق، كىچىك ھاسا ۋە چوتكا بۇرۇتىنى "4 گوھەر" دەپ ئاتايدۇ. كىنوغا ئېلىش ۋاقتىدا، ئۇ ماھىرلىق بىلەن بىر يۈرۈش يېڭىچە قىزىقارلىق ھەركەتلەرنى ئويلاپ چىقىدۇ ھەم 4 گوھەرنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇردۇ، رولنى ئۇستىلىق بىلەن ياخشى ئېلىپ چىقىدۇ. تاماشىبىنلارنىڭ كۈلكىسى ۋە ئالقىش سادالىرى ئۈزۈلمەيدۇ. بۇ كىنو ئىنتايىن زور مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ. ئۇنىڭ كامالەتكە يەتكەن ماھارىتى ئامېرىكىنىڭ كىنو - تىياتىر ساھەسىنى زىل - زىلىگە كەلتۈرۈۋېتىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇ بۇ 4 گوھەر بىلەن كىنو ساھەسىدە ھوكۇم سۈرگەن، تاماشىبىنلارنى قايىل قىلىپ، دولەت ئىچى - سىرتىدا كومىدىيە سەنئىتىنىڭ پىرى بولۇپ نام چىقارغان.

## چاپلىننىڭ "مېھمان چاقىرىشى"

چاپلىن سان - فرانسىسكونىڭ چوڭ كوچىسىدا كېيىملىرى جۇل - جۇل بولۇپ كەتكەن بىر سەرگەرداننى ئۇچرىتىپ قېلىپ، ئۇنى قاۋاقخانىغا باشلاپ كىرىدۇ ۋە ئۇنى ئىسسىق تائاملار بىلەن

مېھمان قىلىدۇ. بۇنداق مېزىلىك، ئېسىل تائاملارغا ئاسانلىقچە ئېرىشەلمەيدىغان سەرگەردان ئىشتەي بىلەن مەزە قىلىپ يەيدۇ. سەرگەردان تاماقنى تويغىچە يېگەندىن كېيىن، چاپلىننى سىرداش دوست بىلىپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى: گۈزەل كەنتلەردە ساياھەت قىلغانلىقىنى، پويىزغا چۈشۈپ يىراقلارغا سەپەر قىلغانلىقىنى، تەلىيى ئوڭدىن كەلمەي ئالىي جاناپلار ئولتۇرىدىغان ۋاگوندا تۇتۇلۇپ قالغانلىقىنى ... سۆزلەپ بېرىدۇ. سەرگەردان جانلىق ۋە تەسىرلىك قىلىپ توختىماستىن سۆزلەيدۇ، چاپلىن زېھىن قويۇپ ئاڭلايدۇ ھەمدە بىر تەرەپتىن ئاڭلاپ، بىر تەرەپتىن سەرگەرداننىڭ چىرايىغا، تۇرقىغا دىققەت بىلەن سەپ سېلىپ، ئۇنىڭ مىجەز - خۇلقىنى تەھلىل قىلىدۇ. چاپلىن سەرگەردان بىلەن خوشلاشقاندا ئۇنىڭغا رەھمەتمۇ ئېيتىدۇ. بۇ ئىش سەرگەرداننى ئىنتايىن ھەيران قالدۇرىدۇ.

ئەسلىدە، سەرگەردان تاماق يەۋاتقان ۋە سۆزلەۋاتقاندا چاپلىن نامرات كىشىلەرنىڭ سەرگەردانلىق تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان يېڭى بىر كىنونى قوراشتۇرۇپ چىققان ئىدى.

## چاپلىننىڭ داردا مېڭىشى

چاپلىن «سىرلىك ئۆمىگى» ناملىق كىنودا شارلىلونىڭ رولىنى ئوينىغان ئىدى. ئويۇندا شارلىلو ئايال ئوسۇلچىنىڭ داۋاز يىگىتكە ئاشىق بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىپ، قارشى تەرەپنىڭ ئۈستىدىن غالىپ كېلىش ئۈچۈن قەيسەرلىك بىلەن داردا مېڭىشنى مەشق قىلاتتى. چاپلىن بۇ رولنى ياخشى ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن ئۆيىنى تاشلاپ، تاماققا قارىماي، تىرىشچانلىق بىلەن ئۆگىنىپ، جاپاغا چىداپ مەشق قىلىپ، قىسقىغىنە بىر مەزگىل ئىچىدە داردا مېڭىشنى ئۆگىنىۋالىدۇ ھەمدە كەسپىي داۋازغا ئوخشاش پىششىق ئىگەللىگەندىن كېيىن، ئاندىن كىنوغا ئېلىشنى باشلايدۇ. كىنوغا ئېلىش باشلانغاندا، ئويۇننىڭ كومېدىيىلىك تۈسىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۇ 4 مايمۇننى ئويۇن كۆرسىتىۋاتقان شارلىلونىڭ ئىشتان - چاپىنىنى تالىشىشقا قويۇپ بېرىدۇ. بۇ — داردا مېڭىشنى ئىنتايىن قىيىنلاشتۇرۇۋېتىدۇ. بىز كىنودا بۇ ئويۇننىڭ ئىنتايىن خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز. بۇ كۆرۈنۈشنى كىنوغا ئېلىپ بولغاندا چاپلىن 4 مايمۇننىڭ تالاپ - چىشلىشى بىلەن قانغا بويۇلۇپ كەتكەن. ئۇ ئامالسىزلىقتىن 6 ھەپتە داۋالىنىشقا مەجبۇر بولۇپ، ساقايغاندىن كېيىن، ئاندىن كىنوغا ئېلىشنى داۋاملاشتۇرغان.



AltunOq

# قىممىتى يېڭىلىق يارىتىشتا

ۋۇ پېيگۇ جۇ باۋيۇڭ

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئىتالىيىنىڭ 19 - ئەسىردىكى مەشھۇر كومپوزىتورى روشىنىنىڭ تونۇشلىرىنى ئۇچراتسا شىلەپىسىنى ئالىدىغان ئادىتى بار ئىكەن. بىر كۈنى مەلۇم بىر كومپوزىتور ئۆزىنىڭ يېڭى ئەسىرىنى ئېلىپ كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپتۇ ۋە ئىجادىيىتىنى ئۇنىڭغا ئورۇنلاپ بېرىپتۇ. روشىن مۇزىكىنى ئاڭلاۋېتىپ بىردىن شىلەپىسىنى ئېلىپ كېيىشكە باشلاپتۇ. ھېلىقى كومپوزىتور بۇنى چۈشىنەلمەي: "ئۆي بەك ئىسسىقمۇ، قانداق؟" دەپ سوراپتۇ. روشىن ئۇنىڭغا: "ياق، جانابلىرىنىڭ مۇزىكىسى ئىچىدە تونۇشلىرىم بەكمۇ كۆپ بولغاچقا، شىلەپەمنى توختىماي ئېلىپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولىۋاتىمەن" دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. روشىن قىزىقچى سەنئەتكار ئىدى. ئۇ، باشقىلارنىڭكىنى دورايدىغان، قىلچىمۇ يېڭىلىقى يوق ئەشۇنداق ئەسەرلەرنى تازا جايىغا تەككۈزۈپ مەسخىرە قىلالىتى. ھازىر بىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت سەھنىلىرىمىزدە "تونۇشلار"، "تونۇش چىرايلار" دىمىسىمۇ تولا ئۇچرايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ مۇھىم ئىپادىلىرىنى تۆۋەندىكى بىر نەچچە جەھەتلەردە كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

بىرىنچى، تېما مەزمۇنىدىكى تەكرارلىق. مەسىلەن، «ئۆينى قۇتقۇزۇڭلار» دىگەن تىياتىر ياخشى باھاغا ئېرىشىشى بىلەنلا، ياش، ئوسمۇرلەرنى تەربىيىلەپ توغرا يولغا باشلاش ھەققىدىكى نۇرغۇن تىياتىرلار بارلىققا كەلدى. مەلۇم دىراما ژورنىلى بىرلا ۋاقىتتا ئوخشاش تېمىدىكى ئون نەچچە سەھنە ئەسىرىنى تاپشۇرۇۋالدى.

ئىككىنچى، ئىپادىلەش ۋاستىلىرىدىكى ئوخشاشلىق. ئالدىنقى بىر مەزگىلدە «مەخپىيەتلىك ئىدارىسىدىكى مىلتىق ئاۋازى» غا ئوخشاش ئىشپىيون تۇتۇش، سەرگۈزەشت خاراكتېرلىك فىلىمدىن بىر نەچچىسى قويۇلدى. شۇنىڭ بىلەن، يەر ئاستى كۈرەشلىرى تەسۋىرلەنگەن نۇرغۇنلىغان سەھنە ئەسەرلىرى چىقىشقا باشلىدى. بۇ ئەسەرلەردە يەر ئاستى ئىنقىلاپچىلىرىنىڭ ھەممىسىلا ئومۇمى غايىۋى جاسارەتكە ئىگە كىشىلەر قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. ئوبرازلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئىندىۋىدۇئاللىقىنىڭ بولۇشىغا ئېتىۋار بېرىلمىگەن.

ئۈچىنچى، ئەسەرلەرنىڭ كومپوزىتسىيىلىك قۇرۇلمىسىدىكى ئوخشاشلىق. مەسىلەن، جۇڭگو - ياپون دوستلىقى تەسۋىرلەنگەن ۋە "تۆت كىشىلىك گۇرۇھ" پاش قىلىنغان سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ كومپوزىتسىيىسى ئوخشاش ۋە پەرقسىز تۈزۈلگەن، بۇ ئەسەرلەردە جۇڭگو ۋە ياپونىيىلىك بىر جۈپ ئەر - ئايالنىڭ ئۇرۇش خانىۋەيرانچىلىقى ۋە جاپا - مۇشەققەتلىرىنى باشتىن كەچۈرۈپ ئاخىرى جەم بولغانلىقىدىن باشقا ھىكايە يوق.

تۆتىنچى، شەكىل ۋە ئۇسلۇبتىكى ئوخشاشلىق. مەسىلەن: ئەلنەغمە ئەسەرلىرىدە، «تويلىقى ئېغىر قىز» مەيدانغا چىقىپ، ئارقىدىنلا يەنە «ئېسىلزادە خېنىم» مەيدانغا كەلدى. بۇلارنىڭ

ھەممىسىدىلا قىز تەرەپنىڭ ئېغىر تويلۇق سېلىشى مەزمۇن قىلىنغان. ئۇندىن باشقا يەنە بەزى ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىدە "مۇھەببەت" ۋە "سويۇشمەنلىك" تىن باشقا مەزمۇن قالمىغاندەك ھەدېسە بىرلا تېما تەكرارلىنىۋەرگەن.

يۈز ياشلىق بوۋاي مەشھۇر سورەتچى چى بەيشى: "مەندىن ئۆگەنگەنلەر روناق تېپىپ، تەخلىت قىلغانلار راۋاج تاپمىغاي." دېگەن ئىدى. بۇ، رەسىم ئىجادىيىتىدە ئەتراپلىق كۆزىتىش، تۇرمۇشنى چىقىش قىلىش كېرەكلىكىنى ھەدېسە دوراپ، غەلىتە ۋەقەلەرنى يىغىپ، كۆچۈرمىچىلىك قىلىپ تەييارغا ھەييار بولىمەن دېسە تۈيۈق يولغا كىرىپ قالىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

سەنئەتنىڭ قىممىتى شەكىللىۋازلىقتا ئەمەس، جانلىقلىقتا. بىز "كونىلىرىنى چىقىرىپ تاشلاپ، يېڭىلىرىنى يارىتىش" نى تەشەببۇس قىلىمىز. يېڭى دېگىنىمىز — تەسىرلىك ۋەقە، روشەن پېرسوناژلار ئوبرازى ۋە كونكرېت ھەم ئۆزىگە خاس ھەرىكەتلەر ئارقىلىق مەركىزىي ئىدىيىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىش دېگەنلىكتۇر. ئۇنداق بولمىسا سەنئەتنىڭ تەسىرلەندۈرۈش كۈچى بولمايدۇ. ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ قىممىتى — يېڭىلىق يارىتىشتا. تولستوي: "ئەسەرلەردە چوقۇم يېڭى مەزمۇن بولۇشى كېرەك" دېگەن ئىدى. ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەردە مۇستەقىل ئىجاتچانلىق بولۇشى كېرەك، ئۇنداق بولمىسا، ئەسەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش قىممىتى ۋە تەرەققىيات ئىستىقبالى بولمايدۇ. ئەدەبىي ئىجادىيەت، بۇ بىر مۇرەككەپ جاپالىق ئەمگەك بولۇپ، سەنئەتكار تۇرمۇشقا چوكۇش جەريانىدا ئۆزىگە خاس تەسىرات ۋە كۆز قاراشنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈپ، ئاندىن ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبى بولغان يېڭى مەزمۇندىكى ئەسەرلەرنى يارىتىشى كېرەك. سەنئەت ئەسەرلىرىدە ئۇقۇمنى چىقىش قىلماي، مەركىزىي ئىدىيىنى بەدىئىي ئوبراز ئارقىلىق ئىپادىلەپ بېرىش لازىم. بەزى يولداشلار ئۆز ئىجادىيىتىدە شامالنىڭ يۆرۈشىگە بېقىش، "ماسلاشتۇرۇش" ھەتتا باشقىلارغا تەقلىت قىلىشقا بەكمۇ ئامراق. نەتىجىدە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ئوخشاپ قېلىش، تەكرارلىنىشلاردىن خالىي بولالماي تەبىئىي ھالدا "نوقۇل كاناي" غا ئايلىنىپ قېلىپ كىتابخانلارنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولالمايۋاتىدۇ. بۇ، بىزنىڭ تىرىشىپ ھەل قىلىشىمىز زۆرۈر بولۇۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ بىرى. بىز يازغۇچى، سەنئەتكارلىرىمىز ۋە كەڭ ئىشتىن سىرتقى ئاپتورلىرىمىزنىڭ كۆپرەك باش قاتۇرۇشىنى، ئىجادىيەتتە يېڭى يول ئېچىپ، يېڭى مەزمۇنغا ئىگە ئەسەرلەرنى يارىتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئۇنداقتا، يېڭىلىق يارىتىش نىمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟

تېما مەزمۇنى يېڭى بولۇش كېرەك. ئەتراپلىق نەزەر تاشلاپ، تېما دائىرىسىنى كېڭەيتىپ بىرقاتار ئەھمىيەتلىك، يېڭى تېمىلارنى بايقىشىمىز ۋە ئىگىلىشىمىز كېرەك. بولۇپمۇ "توتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش" قۇرۇلۇشىدىكى ساناەت، يېزا ئىگىلىكى، زىيالىيلار ۋە ياشلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان تېمىلارنى ئەكس ئەتتۈرۈشىمىز كېرەك. خەلقىمىز "توتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش" ئۇلۇغۋار نىشانغا يۈرۈش قىلىش جەريانىدا ئۇرغۇنلىغان يېڭى شەخسلەر، يېڭى شەيئىلەر ۋە يېڭى موجىزىلەرنى ئۈزلۈكسىز بارلىققا كەلتۈرمەكتە. بىز مۇشۇ جەھەتتىكى تېمىلارنى تىرىشىپ قېزىشىمىز كېرەك.

كومپوزىتسىيىسى يېڭى بولۇشى كېرەك. يەنى ئۆزىگە خاس يېڭى بەدىئى قۇرۇلمىغا ئىگە بولۇشى، ھېكايە سيۇژېتى دولقۇنلۇق، قىزىقارلىق بولۇشى، ئەسەر قۇرۇلمىسى ئەپچىل ئۆزگىرىشچان بولۇشى لازىم. «شەھەر باشلىقى چېن يى» دىگەن درامىدا يېڭىچە ئىپادىلەش شەكلى قوللىنىلىپ يولداش چېن يىنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى روشەن ئېچىپ بېرىدىغان يەككە تەپسىلاتلاردىن ئون نەچچىنى تاللىۋېلىپ، ئۇلارنى ئالاھىدە بەدىئى قۇرۇلما ئارقىلىق يىپقا تىزىلغان مارجاندەك بىر-بىرگە زىچ ئۇلىغان. نەتىجىدە بۇ درامىا كۆزنى قاماشتۇرىدىغان يالتىراق مەرۋايىتتەك، يولداش چېن يىنىڭ قەلب گۈزەللىكىنى تاماشىبىنلار ئالدىدا نامايەن قىلىپ تاماشىبىنلاردا ئۇنتۇلغۇسىز چەكسىز لەززەت تۇيغۇسى ئويغۇتالىغان.

ئۇسلۇب ئالاھىدە ۋە يېڭى بولۇشى كېرەك. ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەرنىڭ مۇستەقىل يېڭىلىق يارىتىش ئارزۇسى بولىدىكەن ئۇ چاغدا ئۆز ئەسەرلىرىدە ئالاھىدە ئۇسلۇب يارىتىشقا دىققەت قىلىشى لازىم. مەشھۇر كىنو سەنئەتكارى چارلىز چاپلىن ئىشلىگەن «مودا دەۋرى»، «شەھەر مەنزىرىسى»، «ئالتۇن چايقاش» ۋە «سېرك ئۆمىكى» قاتارلىق فىلىملار گەرچە ھەممىسىلا كومېدىيىلىك ئۇسۇل بىلەن ئاددى پۇخرالارنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىنى سۈرەتلەپ بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن چارلىز چاپلىن ئىپادىلەش ئۇسۇلىدا ئۆزگىرىش ياساشقا ماھىر بولغانلىقتىن ھەر بىر فىلىمدا ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئۆزىگە خاس بەدىئى ئۇسلۇب ياراتقان.

ئەدەبىي ئىجادىيەتتە مەزمۇن يېڭى بولۇشى كېرەك. تېمىنىڭ، كومپوزىتسىيىنىڭ ۋە ئۇسلۇبىنىڭ يېڭى بولۇشى ئۈچۈن سەنئەتكار ئەڭ ئاۋۋال ئۆز تۇرمۇش كۆزقارىشىنى بېيىتىشى لازىم. تۇرمۇشتىكى ئوبرازلارنى سېزىشكە، خام ماتېرىيال توپلاشقا ۋە ئۇنىڭدىن ئوزۇق ئېلىشقا ماھىر بولۇشى كېرەك. سەنئەتكار ئۇلارنى تاۋلاش ۋە پىششىقلاشتىن ئۆتكۈزۈپ يېڭى مەزمۇنغا ئىگە ئەسەرلەرنى يارىتالىسىلا ئاندىن ھىلىقىدەك تەكرارلانغان ۋە باشقىلارنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئەسەرلەرنىڭ پەيدا بولۇشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئىجادىيەتنىڭ بەدىئى ماھارىتىمۇ ئۆستۈرۈش كېرەك. ئىجادىيەتتە يېڭى مەزمۇنغا ئىگە ئەسەرلەرنى يارىتىشتا، ئەجىر قىلىشقا، تەر تۆكۈشكە، ئىگىلمەس-سۇنماس ئىرادە ۋە قەتئى تەۋرەنمەيدىغان غەيرەت-جاسارەتكە ئىگە بولۇشقا توغرا كېلىدۇ.

خەنزۇچىدىن: تۇرسۇن ئەھمەت تەرجىمىسى

# تىياتىر كۆرۈنۈشلىرى توغرىسىدا

شۇ ۋېنيىڭ

رومان، باپ ۋە ئابزاسلارغا بۆلىنىدۇ. كىنو بولسا سۈرەتكە ئېلىنغان كۆرۈنۈشلەر مونتاژلىق چېتىش ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ. تىياتىر، پەردە ۋە كۆرۈنۈشلەرگە بۆلۈنگەندىن سىرت، ئەڭ ئاساسلىقى بىر مۇنچىلىغان كىچىك كۆرۈنۈشلەردىن تەركىب تاپىدۇ. ئادەتتىكى ئەھۋال ئاستىدا سەھنە ئەسىرى پېرسوناژلارنىڭ سەھنىگە چىقىپ، چۈشۈشىگە ئاساسەن كۆرۈنۈشلەرگە بۆلۈنۈپ، پېرسوناژلارنىڭ ئالمىشىشى ئارقىلىق كۆرۈنۈشلەرنىڭ ئالماشقانلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇرىدۇ.

تىياتىر كۆرۈنۈشلىرى — سەھنە ئەسىرىنىڭ ئورگانىك تەركىبىي قىسمى، شۇنداقلا ئەسەر ۋەقەلىكىنى يارىتىشنىڭ ھەر قايسى كونكرېت ھالقىلىرىدىن ئىبارەت. ياخشى تىياتىر كۆرۈنۈشلىرى يىپقا ئۆتكۈزۈلگەن دانە - دانە مەرۋايىتلارغا، كۆتىرىلگەن دولقۇندىكى قاتلام - قاتلام ئورکەشلەرگە ئوخشاش بىر - بىرىگە زىچ باغلانغان، ھەمدە ھەر قايسى باشلىنىش ۋە تاماملىنىشتىن ئىبارەت بىر پۈتۈنلۈك ۋە رېتىملىققا ئىگە بولغان بولىدۇ. شېكسپىر سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ ئايرىملىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا زور كۆپچىلىكىنىڭ قۇرۇلمىسى بىر قاتار ئېنىق كۆرۈنۈشلەردىن تەركىب تاپقان. «گاملېت»نىڭ 3 - پەردىسىدە گاملېت بىلەن ئوفېلىياغا دائىر بىر كۆرۈنۈش بار. بۇ كۆرۈنۈشتە شېكسپىر، گاملېت بىلەن ئوفېلىيانىڭ مۇناسىۋىتىدىكى بىلىنە - بىلىنمەس ئۆزگىرىشلەرنى مول دىراماتىك تۈستە ئوچۇق ئىپادىلەپ بېرىدۇ. گاملېت دەسلەپتە ئوفېلىيانى ياخشى كۆرىدۇ ھەم ئۇنىڭ ياخشى تەرىپىنى قىلىدۇ. ئۇنى كۈرەش جەريانىدا ئىشەنچلىك، تايىنىشقا بولىدىغان ھەمراھىم دەپ قارايدۇ. كېيىن ئۇ ئوفېلىيانىڭ كۆڭلىدىكى گەپنى دىمەيۋاتقانلىقىغا قاراپ، ئۇنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن پايدىلىنىپ كېتىلىپ، كلاۋدىئۇس ۋە پولونىيۇسنىڭ قورچىقىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى سېزىپ قالىدۇ. بۇ ھال ئۇنىڭ غەزىپىنى قوزغايدۇ ۋە ئۇنى ئۈمىتسىزلەندۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئوفېلىيادىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ، ئۇنىڭغا بۇ مۇرەككەپ كۈرەشكە ئارىلاشماسلىق ھەققىدە ئىشارەت بېرىدۇ. ئۇ، ئوفېلىياغا ۋاقىراپ تۇرۇپ: "مۇناستىرغا يول ئال" دەيدۇ. بۇ كۆرۈنۈشتە ئاران 20 نەچچە دىئالوگ بولۇپ، 10 مىنۇتتىلا تۈگەيدۇ. لېكىن بۇ مۇكەممەل بىر تىياتىر كۆرۈنۈشىدۇر. چۈنكى ئۇنىڭدا پەيدا بولۇش، راۋاجلىنىشتىن تارتىپ ئۆزگىرىشكىچە بولغان بىر پۈتۈن دىراماتىك ھەرىكەت جەريانى ئىپادىلەنگەن.

كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى: ئىككى ياكى بىر مۇنچە پېرسوناژلارنىڭ سەھنىدىكى مەقسەتسىز دىئالوگلىرىغا تايىنىپ مول دىراماتىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە كۆرۈنۈش يارىتقىلى بولمايدۇ. مۇبادا يازغۇچى پېرسوناژلارنىڭ دىئالوگى ئارقىلىق ۋەقەلىكنى ئوچۇق ئىپادىلەپ بېرەلىگەن تەقدىردىمۇ بۇنداق كۆرۈنۈش يەنىلا تېتىقسىز ۋە جانسىز بولۇپ قېلىپ كىشىلەرنى جەلپ قىلالمايدۇ. 19 -

ئەسىردىكى گېرمانىيە تىياتىر نەزەرىيىچىسى يۇ. ئى. شېللىر مۇنداق دېگەن ئىدى: "ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇلغان ۋەقەلىك، بىر نەچچە مۇھىم ئىش - ھەركەت ئارقىلىق، ھەر بىر كورۇنۇشتە تەرەققى قىلىپ، يېڭى بىر ھالەتتىن دېرەك بېرىشى، شۇنداقلا ماڭغان يولىغا يېڭى بىر توساق ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، يېڭى بىر ھەركەت ئورۇنلىنىشى، ياكى ھېچبولمىغاندا يېڭى بىر قارارغا كېلىشى كېرەك..." تىياتىر كورۇنۇشلىرىگە قويۇلىدىغان تەلەپمۇ ئاساسەن شۇنداق. ئۇنىڭدىمۇ پېرسوناژلارنىڭ مەقسەتلىك ھەركەت، كورۇنۇشلىرى ئارقىلىق تۇگۇن پەيدا قىلىنىپ، تىياتىر ۋەقەلىگى ئىلگىرى سۇرۇلىدۇ ۋە كورۇنۇشنىڭ ئالمىشىشى، پېرسوناژلار مۇناسىۋىتىدىكى ئوزگىرىشلەر ئەكىس ئەتتۇرۇلىدۇ.

تىياتىردىكى ھەركەت، ۋەقە، پېرسوناژلار ھەركىتىمۇ خۇددى تاماقنى بىر چىشلەم - بىر چىشلەمدىن يېگەنگە ئوخشاش قەدەممۇ - قەدەم يېزىلىشى كېرەك. تىياتىر كورۇنۇشلىرى بىلەن پۇتكۇل تىياتىرنىڭ ۋەقەلىك قۇرۇلمىسى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق — ئاساسەن بىرەر ۋەقە، بىرەر ھەركەت جەريانى ياكى بىرەر زىددىيەت توقۇنۇشى مەركەزلەشكەن ئۇچرىشىشتا ئىپادىلىنىدۇ. لۇجۇي تىياتىرى «ئەللەي ناخشىسى» كىچىك تىپتىكى تىياتىر بولسىمۇ، لېكىن يازغۇچى كورۇنۇشلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا ناھايىتى يۇقىرى ماھارەت ئىشلەتكەن. پۇتكۇل تىياتىرنىڭ باسقۇچلىرى ئېنىق بولۇپ، ئاپتور پېرسوناژلارنىڭ ئوز ئارا ھەركەتلىرىنى چورىدىگەن ھالدا ئالتە كورۇنۇشنى ناھايىتى پۇختا ئورۇنلاشتۇرغان: (1) كېلىن چياۋئېر بوشۇك سېتىۋېلىش ئۇچۇن ئېرىنى قېيىناتىسى ساقلاپ يۇرگەن 10 نەچچە يۇەن پۇلنى ئالداپ ئېلىۋېلىشقا زورلايدۇ. (2) چياۋئېر ھازازۇللۇق بىلەن بېشەملىك قىلىپ، قېيىناتىسىنى چوشقا قوتىنىدا يېتىشقا مەجبۇرلايدۇ. (3) چياۋئېرنىڭ ئاپىسى كېلىپ، قىزىنىڭ رەزىل قىلمىشلىرى تۇپەيلىدىن قۇدىسىنىڭ بەختسىزلىك ۋە قايغۇ - ھەسرەتكە مۇپتىلا بولغانلىقىنى كورۇپ، تەدبىر قوللىنىپ، قىزىنىڭ ئەددىۋىنى بەرمەكچى بولىدۇ. (4) چياۋئېرنىڭ ئاپىسى ئەپچىللىك بىلەن بىر يۇك ئەدىيالدىن پايدىلىنىپ، كۇيوغلى بىلەن قىزىنى قاتتىق مەسخىرە قىلىدۇ ۋە ئەيىپلەيدۇ. (5) چوڭلار دانيۇنى تەسىرلەندۇرۇپ قولغا كەلتۇرۇۋالىدۇ. دانيۇ ئەقلىنى تېپىپ، قىلمىشلىرىغا تووۋە قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن چياۋئېر يېتىم ھالغا چۇشۇپ قالىدۇ. (6) ئەڭ ئاخىرىدا يەنىلا قېيىناتىسىنىڭ ئارىغا چۇشۇپ، ئۇلارنى ياراشتۇرۇشى بىلەن چياۋئېر خاتالىقىنى تونۇيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ئائىلە كىشىلىرى ئوتتۇرىسىدا يېڭىۋاشتىن ئىناق مۇناسىۋەت تىكلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئەسەردە ھەركەت، ۋەقە، كورۇنۇشلەر بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى دولقۇنسىمان توختىماي داۋام قىلىپ، تىياتىر ۋەقەلىگى گىرەلەشكەن ھالدا ئەۋجىگە كوتۇرۇلىدۇ. نەتىجىدە ئەسەردىكى كورۇنۇشلەر مۇكەممەل دىراماتىك تۇس ئېلىش بىلەن ئويۇنىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇلۇپ، پېرسوناژلار ئوبرازى ۋە ئاساسىي تېما تولۇق گەۋدىلەندۇرۇلىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا «ئەللەي ناخشىسى»نىڭ بىرىنچى كورۇنۇش بىلەن ئىككىنچى كورۇنۇش (چياۋئېرنىڭ پۇل ئېلىشى ۋە قېيىناتىسىنى چوشقا قوتىنىدا يېتىشقا زورلىشى)لىرىدە پېرسوناژلارنىڭ سەھنىگە چىقىش ۋە سەھنىدىن چۇشۇش ھەركەتلىرى يوق. ئىككىلا كورۇنۇشتىلا دانيۇ، چياۋئېر ۋە قېيىناتا ئۇچىلا بار. بۇنىڭدىن كورۇۋېلىشقا بولىدۇكى، تېخىمۇ چوڭقۇرراق مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تىياتىر كورۇنۇشلىرى پېرسوناژلارنىڭ سەھنىگە چىقىپ، چۇشۇشىگە ئاساسەن بولۇنمەستىن، بەلكى

پېرسوناژلار ھەركىتى، ۋەقەلىك ۋە زىددىيەت توقۇنۇشلىرى قاتارلىقلارنىڭ تەرەققى قىلىپ، ئۆز-گىرىشىگە ئاساسەن بولىدۇ. پىكىر قىلىشقا ۋە تىياتىر كورۇنۇشلىرىنى جايلاشتۇرۇشقا ماھىر ئىجا-دىيەتچى ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق ھەركەت ياكى ۋەقەلىكنى ھەرگىز بىر كورۇنۇشكە قىستاپ كىرگۈزمەيدۇ. ئەگەر ئۇنداق قىلىنسا بەش قولنى بىراقلا ئېغىزغا سالغاندەك بولۇپ قېلىپ، ۋەقە-لىكنى قاناتيايدۇرۇش، ئويۇننى ياخشى ئويناش قىيىنغا چۈشىدۇ - دە، كورۇنۇشمۇ روشەن بولماي-دۇ. بىز بۇنى ئەستە چىڭ ساقلىشىمىز كېرەك.

ئەنگىلىيە ھازىرقى زامان تىياتىرچىسى ۋىلىيام ئاچىرمۇ «تىياتىر ئىجادىيەت ئۇسۇلى» دېگەن كىتاۋىدا تىياتىر كورۇنۇشلىرى ھەققىدە سوزلەپ مۇنداق دېگەن ئىدى: "سەھنىدە ھىكايە سوزلەش، رەسىم سىزىشقا قارىغاندا كوپ ئاسان بولىدۇ." چۈنكى بۇلارنىڭ ئالدىنقىسى تەكشىلىكتە ئېلىپ بېرىلسا، كېيىنكىسىدە فىگۇرىلارنىڭ ھەركەت قىلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە تىياتىر كورۇنۇشىدە كورۇنۇشلەرگە بولغان ئىستىتىك زوق بولۇشىمۇ تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ جەھەتتە شېكسپىر سەھنە ئەسەرلىرىدىكى كورۇنۇشلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى بىزگە ئۈلگە بولالايدۇ.

بەزىلەر: سەھنە ئەسىرىدە مەزمۇن ياخشى بولۇشتىن باشقا تەسىرلىك ۋە قىزىقارلىق ياكى كىشىلەرنى ھاياجانغا سالىدىغان بىر نەچچە كورۇنۇش بولسىلا، ئۇنداق ئەسەر سەھنىدە مۇۋەپپەقى-يەتكە ئېرىشەلەيدۇ، دەيدۇ. ئىجادىيەت ئەمىلىيىتىنى ئولچەم قىلغاندا بۇنىڭ مەلۇم داۋلىسى بار. سەھنە ئەسىرى يېزىشنى يېڭىدىن ئۆگىنىۋاتقان يولداشلار تىياتىر قۇرۇلمىسىنىڭ ئاساسىي ئالاھى-دىلىكلىرىنى ئىگەللەش ئۈچۈن ئالدى بىلەن تىياتىر كورۇنۇشلىرىنى ياخشى يېزىشنى ئۆگىنىشى كېرەك.

خەنزۇچىدىن: ئەنۋەر ئىمىنىز تەرجىمىسى

## گوركىينىڭ سەنئەت ۋە سەنئەتچىلەر توغرىسىدا ئېيتقانلىرى

سەنئەتنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ سانى بىلەن ئەمەس، بەلكى ساپاسى (سۈپىتى) بىلەن ئولچىنىدۇ.

مەدەنىيەتلىك كىشىلەرنى يېتىشتۇرۇشتە ياردىمى ئەڭ زور تېگىدىغان ئىككى خىل كۈچ بار، ئۇ بولسىمۇ سەنئەت ۋە پەن.

سەنئەت خەلق بىلەن بىرگە گۈللىنىدۇ، بىرگە يۈكسىلىدۇ.

بىزنىڭ سەنئىتىمىز رېئاللىقتىن تېخىمۇ ئۈستۈن تۇرۇشى لازىم. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئەدەبىياتنىڭ ۋەزىپىسى، سەنئەتنىڭ ۋەزىپىسى زادى نىمە؟ ئۇ بولسىمۇ كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشى، ئېسىل، سەممىي بولغان يەنى ئالىجاناپ بولغان نەرسىلىرىنى رەڭ، سوز - ئىبارە، ئاۋاز - تاۋۇش شەكىللىرى بىلەن ئىپادىلەپ بېرىشتىن ئىبارەت.

خەنزۇچىدىن: رەھىم يۇسۇپ تەرجىمىسى

# چېلو ماھىرى مستىسلاۋ روستروپوۋىچ

جۇجيەن

سوۋېت چېلو ( چوڭ ئىسكرىپكا ) ماھىرى مستىسلاۋ ر ستروپوۋىچ 1927 - يىلى 3 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئەزەربەيجاننىڭ باكۇ شەھىرىدە دۇنياغا كەلدى. ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى مۇزىكا بىلەن شۇغۇللىناتتى. دادىسى پىئانىنىست ۋە چېلوچى بولۇپ، بۈيۈك چېلو ماھىرى پابلوكاساسنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىدى. كىچىكىدىنلا روستروپوۋىچنىڭ يۇكسەك مۇزىكا تالانتى كۆرۈلۈشكە باشلىدى. ئۇ 7 يېشىدىن باشلاپ دادىسىدىن چېلو ئۆگىنىشكە باشلىدى. كېيىن ئۇنىڭ دادىسى 2 - جاھان ئۇرۇشى مەزگىلىدە نېمىس فاشىستلىرىنىڭ بومباردىمانىدا ۋاپات بولدى. ئۇ چاغدا روستروپوۋىچ ئەندىلا 14 ياشتا ئىدى. بىراق ئۇ شۇنچە ياش بولۇشىغا قارىماي يەنىلا ئورىنبورگ مۇزىكا كونسىرۋاتورىيىسىدە دادىسىنىڭ ئورنىدا دەرس ئوتۇش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىدى.

1942 - يىلى ئۇ بىرىنچى قېتىم يالغۇز كىشىلىك مۇزىكا كېچىلىكى ئۇيۇشتۇردى. 1943 - يىلى موسكۋا مۇزىكا ئىنستىتۇتىغا ئىمتىھان بېرىپ كىردى ۋە بىراقلا 3 - يىللىقتىن 5 - يىللىق سىنىپقا ئاتلاپ ئوقىدى.

1945 - يىلى پۈتۈن سوۋېت مۇزىكا كورىكىدە شەرەپ بىلەن بىرىنچىلىككە ئېرىشتى. 1947 - يىلى پراگادا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقارا چېلوچىلار مۇسابىقىسىدا بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. شۇندىن كېيىن بىرمۇنچە دۆلەتلەرگە بېرىپ ئويۇن قويدى.

1951 - يىلى ۋە 1957 - يىللىرى ئىككى قېتىم ستالىن مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 1964 - يىلى ئۇ « خەلق سەنئەتكارى » نامىغا ۋە لېنىن ئوردېنىغا ئېرىشتى. 1966 - يىلى ئۇنىڭ بۇ پارلاق مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئۇنى موسكۋا، لېنىنگراد مۇزىكا ئىنستىتۇتلىرىغا بىرلا ۋاقىتتا دەرس بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى ھەمدە 1967 - ۋە 1970 - يىللىرى ئۇنىڭ ئىككى نەپەر ئوقۇغۇچىسى موسكۋادا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقارا چايكوۋسكىي مۇسابىقىسىدا بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

1955 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاتاقلىق يۇقۇرى ئاۋازلىق ناخشىچىسى گالىنا ۋىشنېۋسكايا «خەلق ئارتىستى» نامى بىلەن تۇنجى قېتىم پراگاغا ئويۇن قويغىلى بارغاندا روستروپوۋىچ بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ توي قىلىشتى.

روستروپوۋىچ ئۆز دەۋرىنىڭ كۆزگە كورۇنگەن چېلو ئۇستازى بولۇپلا قالماي، بەلكى دۇنيا سەنئەت سەھنىسىدىكى كوكسى - قارنى كەڭ نوپۇزلۇق سەنئەتكار ئىدى. ئۇ ئەينى زاماندا سوۋېت ۋە چەتئەللەرنىڭ بىرمۇنچە مەشھۇر كومپوزىتورلىرىنىڭ 50 نەچچە پارچە ئەسىرىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، تۇنجى قېتىم ئۆزى بىۋاستە ئورۇنلىدى.

روستروپوۋىچ پەقەت چېلوچى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مەشھۇر پىئانىنىستتۇر. ئۇ پەقەت ئايالى گالىنا ۋىشنېۋسكايانىڭ پىئانىنودا تەڭكەش قىلىشى بىلەن مۇزىكا كېچىلىكلىرىدە كۆزگە

كورۇنسمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئۇرغۇزۇلغان ئائىلىۋى مۇزىكا ئەسەرلىرىنىڭ كەمتەر كومپوزىتورى ئىدى. يېقىنقى بىرقانچە يىل مابەينىدە روستروپوۋىچ دىرىژورلۇق سەنئىتىنى بارغانسېرى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىشكە كىرىشتى. ئۇ ئايالى ئورۇنلىغان ناخشىلارغا دىرىژورلۇق قىلىشنى تولىمۇ ياخشى كورەتتى. ئۇدەسلەپ 1967 - يىلى موسكۋا بولشوي تىياتىرىدا، ئاندىن 1970 - يىلى پارىژ ئوپېرا تىياتىرىدا، 1973 - يىلى مىلان راسكالا تىياتىرىدا چايكوۋسكىينىڭ ئوپېراسى « يېۋگېنى - ئونېگىن» غا دىرىژورلۇق قىلدى. 1971 - يىلى يەنە موسكۋا بولشوي تىياتىرىدا پىروكفىيېۋنىڭ «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق» ئەسىرىگە، 1975 - يىلى ۋېنا ئوپېرا تىياتىرىدا يوھان ستىرا ئۇسنىڭ «شەپەرەڭ» ئوپېراسىغا دىرىژورلۇق قىلدى.

1971 - يىلى ئۇ ئۆزىنىڭ يېقىن دوستى، نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن مەشھۇر يازغۇچى سولژېنىتسىنى ئاشكارە قوللىدى ھەمدە ئۆزىنىڭ يېزىدىكى داچىسىدا تۇرغۇزۇپ ھامىيلىق قىلدى. شۇ سەۋەپتىن ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئايالى سوۋېت مەمۇرلىرىنىڭ ۋەھشىلەرچە زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ قاماققا ئېلىندى. ئۇ 1973 - يىلدىن ئېتىۋارەن سوۋېت دولىتى ئىچىدە ئويۇن قويۇش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم بولدى. ئۇزۇن مۇددەتلىك كۈرەش پائالىيەتلىرى ئارقىلىق سوۋېت ھوكۇمىتى، ئۇنىڭ ئائىلىسى بىلەن سوۋېت تەۋەلىكىدىن ئايرىلىپ چەتئەلدە تۇرۇشىنى تەستىقلىدى. ئۇ دەسلەپ لوندونغا، كېيىن غەربىي ياۋروپاغا باردى. شۇندىن كېيىن ئۇنىڭ سەھنە ھاياتى جانلىنىپ كەتتى. ئەمما روستروپوۋىچ يەنىلا ۋەتەنگە قايتىشنى ئويلايتتى. لېكىن ئۇ سوۋېت ھوكۇمىتىگە ئۆزىنىڭ ئەركىن سەنئەت پائالىيىتىگە مۇتلەق كاپالەتلىك قىلىش تەلىۋىنى ئورۇنلىغاندىلا ئاندىن ۋەتەنگە قايتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. كۆتۈلمىگەندە 1978 - يىلى 3 - ئاينىڭ 24 - كۈنى سەھەردە ئىككى نەپەر سوۋېت ئەمەلدارى تۇيۇقسىز ئۇنىڭ پارىژدىكى تۇرالغۇ ئورنىغا بېرىپ، چەتئەلگە چىقىش پاسپورتىنى تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلغاندا، ئۇلار ئەر - خوتۇن ئىككىسى بۇنى رەت قىلدى. ئەمما پاسپورتىنىڭ مۇددىتى ئەتىسىلا ( 3- ئاينىڭ 25 - كۈنى ) توشاتتى. ئەندى ئۇنىڭ ئالدىدا، چەتئەلدە سەرگەردان بولۇشتىن باشقا ئامال قالمىغان ئىدى.

خەنزۇچىدىن: ئەنۋەر خالىق تەرجىمىسى.

## « ئوسكار » ئىسمىنىڭ قويۇلۇشى ھەققىدە

ھەر يىلى ئامېرىكىدا ئەڭ تالانتلىق كىنو چولپانلىرىغا « ئوسكار مۇكاپاتى » — يەنى بىر كىچىك ئالتۇن ھەيكەل بېرىلىدۇ. 1931 - يىلدىن بۇرۇن بۇ ئالتۇن ھەيكەلنىڭ ئىسمى يوق ئىدى. دەل مۇشۇ يىلى، ماگىرانتا گىرىك ئىسىملىك بىر خانىم، كىنو سەنئىتى پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ كۇتۇپخانا باشقۇرغۇچىلىقىغا قوبۇل قىلىنىدۇ. بۇ خانىم خىزمەتكە چۈشكەن كۈنىلا، ھېلىقى ئالتۇن ھەيكەلنى كورۇپ: — پاھ! بۇ ئالتۇن ھەيكەلدىكى كىشى مېنىڭ تاغام ئوسكارغا نېمىدېگەن ئوخشىغان - ھە! دەۋېتىدۇ. بۇ سوزنى دەل شۇ يەردە ئايلىنىپ يۈرگەن بىر ئاخبارات مۇخبىرى ئاڭلاپ قالىدۇ - دە، ئەتىسىگىلا گېزىتتە « ئوسكار تاغام ھەققىدە پاراڭ » دېگەن بىر كىچىك ئەدىبىي ئوبزور بېسىلىدۇ. شۇندىن باشلاپ « ئوسكار » دېگەن بۇ ئىسىم پۈتۈن دۇنياغا تونۇشلۇق بولغان بۇ كىچىك ئالتۇن ھەيكەل ئادەمنىڭ مەخسۇس ئىسمى بولۇپ قالىدۇ.

خەنزۇچىدىن: ئابلىمىت مەھەممەت تەرجىمىسى

# لېنىن ۋە مۇزىكا

لېنىن ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدا تەنھەرىكەت ئويناشنى، كىتاب ئوقۇشنى ۋە مۇزىكا ئاڭلاشنى ياخشى كۆرەتتى. سەنئەت ۋە مۇزىكا جەھەتتە چوڭقۇر بىلىمگە ۋە پەرق ئېتىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىدى. گېرمانىيە كومپوزىتورى بېتخوۋېن لېنىننىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان مۇزىكانتلىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇ، — بېتخوۋېننىڭ مۇزىكىلىرى كىشىگە مەنىۋى كۈچ - قۇۋۋەت بېغىشلايدۇ، دەپ تونۇيتتى.

ئۇ، رۇس كىلاسسىك كومپوزىتورلىرىدىن گلىنكا، دارفامىسكى، كالنىكوۋ، رۇبىنستېين، رېمسكى كوزاكوۋ ۋە چايكوۋسكىيلارنىڭ ئەسەرلىرىنى قايتا - قايتا ئاڭلىسىمۇ زېرىكمەيتتى. لېنىن مەخسۇس ماقالا يېزىپ، «ئىنتېرناتسىونال» شېئىرىنىڭ ئۇلۇغ ئەھمىيىتىنى شەرھىيلەپ كېلىپ: "بىر ئاڭغا ئىگە ئىشچى، مەيلى ئۇنىڭ قايسى دۆلەتكە بېرىپ قېلىشىدىن، مەيلى تەقدىر ئۇنى قانداق يەرگە ئاپىرىپ تاشلىشىدىن، مەيلى ئۇ ئۆزىنى يات يۇرتلۇق، تىلى ئوخشىمايدىغان، ئۇرۇق - تۇققانلىرى يوق، ئۆز ۋەتىنىدىن يىراقتا ئىكەنلىكىنى قانداق ھېس قىلىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ پەقەت «ئىنتېرناتسىئونال» شېئىرىنىڭ تونۇش ئاھاڭى ئارقىلىقلا ئۆزىگە يولداش ۋە دوست تاپالايدۇ" دېگەن ئىدى.

ئوكتەبىر ئىنقىلابى ئەندىلا غەلىبىگە ئېرىشكەن چاغلاردا، ياش سوۋېت ھاكىمىيىتى ئىنتايىن مۇشەققەتلىك كۈنلەرگە دۇچ كەلدى، قەھرىتان سوغۇق ۋە ئاچارچىلىق كىشىلەرگە تەھدىت سالاتتى. بۇ چاغدا بەزىلەر موسكۋا بولشوي تىياتىرىنى تاقاپ، يېقىلغۇنى تېجەپ، كۆپرەك مۇنچا ئېچىشنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. لېكىن، لېنىن بولشوي تىياتىرىنى ساقلاپ قېلىشنى قەتئىي قارار قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئىشچىلارنى، قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرىنى بولشوي تىياتىرىدا، بالېت ۋە ئوپېرالارنى كۆرۈشكە ئۇيۇشتۇردى. ئۇ: "بۇلارنىڭ ھەممىسىنى كەڭ ئاممىغا يەتكۈزۈپ بېرىشىمىز لازىم" دېگەن ئىدى.

لېنىن خەلق مۇزىكىلىرىغا بەك ئېتىۋار بېرەتتى. 1918 - يىلى ئۇزى بىۋاستە دىخان ناخشىچىلىرىدىن تەشكىللەنگەن بىر خور ئۆمىكىنى قوبۇل قىلغان ئىدى. بۇ ئۆمەك دەل كېيىنكى چاغلاردا دۇنياغا داڭقى كەتكەن «دۆلەتلىك رۇس خەلق ناخشىلىرى خور ئۆمىكى»نىڭ ئاساسى بولدى. ئۇ يەنە پېتروگراد ۋە موسكۋادا مۇزىكا ئىنستىتۇتى قۇرۇش بۇيرۇقىغا شەخسەن قول قويغان ھەمدە مۇزىكا تالانتى بار ئىشچى - دىخان پەرزەنتلىرىنى بىلىم ئېلىشقا تەشەببۇس قىلغان ئىدى.

خەنزۇچىدىن: **ئابلىمىت مەھەممەت** تەرجىمىسى

# نەيچى

## ھەسەن تىلىۋالدى

ئەزەلدىن ئىشقىم بار نەيدىن ياڭرىغان
ئاجايىپ خوش ناۋا يېقىملىق كۈيگە.
بالىلىق چاغلىرىم ئېسىمنى بىلسەم،
بىر نەيچى سازەندە كېلەتتى ئۆيگە.

ئۇ چالغان مۇقامدىن مۆگدىنىپ دادام،
ئاقاتتى ياشلىرى مەڭزىنى بويلاپ.
چۆمەتتى خىيالغا جاپاكەش ئانام،
ئۆزىنىڭ كەچۈرمىش دەردىنى ئويلاپ.

بىر كۈنى شۇ نەيچى كەلدى نەي چېلىپ،
ئويغاتتى ساداسى مىسكىن مەلىنى.
بۇلبۇللار باغلاردا بولۇشتى مەسخۇش،
كۈيىگە رام قىلدى نەيچى ھەممىنى.

بىر چاغدا ھېزىم بەگ كەلدى چالۋاقاپ،
ئارقىسىغا سېلىپ ئۇ تۆت - بەش دوغىنى.
قوش تىلىلىق قامچىنى ئوينىتىپ قولدا،
ياغدۇردى ئەپتىدىن زەھەر - ئوغىنى.

— توختاتقىن نېيىڭنى! — دىدى ئۇ چايان،
توپلاشقان ئادەمنى قوغلىدى تىللاپ.
دىدى ئۇ: — نەي بىلەن بىزنىڭ بۇ يۇرتقا
ئەكەلمەك بولامسەن ئاپەتنى چىللاپ.

نەي دىگەن شۇم نەرسە، شۇم ئۇنىڭ پېرى،
سەنمۇ بىر نەيچىسەن شۇلارنىڭ بىرى.
كورسەن مېنىڭدىن كورگۈلۈكۈڭنى،
تېزلىكتە بۇ يۇرتتىن كەتمىسەڭ نېرى.

نەي ئاپەت چىللايدۇ دىگىنىڭ توھمەت!
شۇملۇقنىڭ تۈگۈنى دەل مۇشۇ گەپتە.
ئاپەتنى ياغدۇرغان يۇرتقا ئۆزەڭلار، —
دەپ جاۋاپ ياندۇردى نەيچى غەزەپتە.

ئىلاندەك تولغىنىپ كەتتى ھېزىم بەگ،
تىترىدى بەزگەكتەك، كىرىشتى چىشى.
— ئۇرۇڭلار! — دىدى بۇ غەلىيانچىنى،
تېرىسى سويۇلسۇن، كېسىلسۇن بېشى.

دوغىلار قامچىغا باستى نەيچىنى،
بىردەمدە قان بىلەن بويالدى تېنى.
ئۇ ئامراق نېيىدىن ئايرىلدى مەڭگۈ،
ئاھ! — دىدى، كەلمەسكە يول ئالدى جېنى.

ئۇ ئۆتتى ئالەمدىن، قالدى ئارمىنى،
ناخشا - ساز ماكانى سەنئەت ئەھلىگە.
ۋە لېكىن بىر مىنۇت توختىمىدى نەي،
ياڭرىدى تېخىمۇ غەزەپ ئەۋجىگە.

تۈن كېتىپ، يورىدى سائادەت تېڭى،
سەنئەتكار سازچىنىڭ قاندى تىلىكى.
تىنىيانشان چالدى نەي، ئاڭلىدى جاھان،
پارتىيەم سەنئەتنىڭ بولغاچ يولىكى.

شۇ تاپتا ئالدىمدا شۇ جەسۇر نەيچى،
قاھ - قاھلاپ كۈلگەندەك نامايەن بولار.
بۇ ئازات، بەختىيار دەۋرنى كۈيلەپ،
چېلىڭلار دىگەندەك ئۇ خىتاپ قىلار.

ئەزەلدىن ئىشقىم بار نەيدىن ياڭرىغان
سېھىرلىك، يېقىملىق خوش ناۋا كۈيگە.
شۇ نەيدىن ئۇرغىغان سۆيگۈ ناخشىسى،
ئوخشايدۇ بەئەينى تۇزىماس گۈلگە.

Altun04

# سەھنىگە قاراپ

(سىكىل)

## مىرزاھىد كېرىمى

### توگىمىغانىمىدۇ؟

يېنىمدا ئولتۇرغان مويسىپىت بوۋاي
سەھنىدىن كوز ئۈزمەي دىدى: "شۇدەم قىش.
قارىغا، ناخشىچى توگىمىغانىمىدۇ؟
كىيىمى يېلىڭكەن، بۇ بىر ئەجەپ ئىش..."

دىدىم: "خەلق كوڭلىنى ئىلىش ئىستىگى
ئۇنىڭغا بەخش ئەتكەن يىل بويى باھار.
ئىسسىق يا سوغاقتىن ۋايىم يىمەستىن،
يازۇ - قىش سەھنىدە كۈيلەر بەختىيار.

### قاناتلانغان تىلەك

يول يۈرۈپ يا ئىشلەپ كەتكەندە ماغدۇر،
بىر تاۋاق ئۇگرە ئاش بېرىدۇ دەرمان.
شۇ يەڭلىغ سەنئەتمۇ بېغىشلار غەيرەت،
ئۇنىڭدىن روھلىنىپ ياشايدۇ ئىنسان.

ناخشىدۇر گوياكى شىپالىق يامغۇر،
سۇ ئىچىپ ياشنار دىل خۇددى گۈلشەندەك.
ساز غۇر - غۇر ساباغا قىلىنسا قىياس،
جانلىنار ھىس - تۇيغۇ پەرۋاز ئەتكەندەك.

يەلپۈنگەن مەجنۇنتال مىسالى ئۇسۇل،
نىچۈن زەۋق ئالمىسۇن ياشىرىپ ھەر جان.
تىلىگىم: ئالقىشقا بولۇڭ سازاۋەر،
يېڭىلىق يارىتىپ سازچى غەزەلخان.

---

## « رولنى تەبىئى ئىپادىلەشنىڭ ئامالى »

(يۇمۇر)

ئەپەندىم رېژىسسورلۇق قىلىپ يۈرگەن چاغلىرىدا بىر ئارتىست ئۇنىڭدىن:

- ئەپەندىم، ئوتكەنكى ئويۇندا بىر مەسىنىڭ رولىنى ئالغىنىمدا باشقىلارغا بىلىندۇرمەي، ھەر كۈنى ئازراق ھاراق ئىچىۋېلىپ سەھنىگە چىققانلىقىم ئۈچۈن رولۇم ناھايىتى تەبىئى چىققان ئىدى. بۇ قېتىم كېسەل ئازاۋىدا قىينىلىپ، ئاخىرى جان ئۈزىدىغان كىشىنىڭ رولىنى بېرىپسىز، قانداق قىلسام بۇ رولۇم تەبىئى چىقىدۇ؟— دەپ سوراپتۇ. ئەپەندىم شۇ ھامان ھېچبىر ئىككىلەنمەستىنلا:

— ئازراق زەھەر ئىچىۋېلىپ سەھنىگە چىققىن. جان تالىشىشىڭمۇ ۋە ئولۇمىڭمۇ ناھايىتى تەبىئى چىقىدۇ،— دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

پەتتار رەھىم

# يورۇڭقاش ۋادىسىدىكى شاتلىق

F=1. ♭B=1. C=1 · 4/4 · 2/4 ( كوللېكتىپ مۇزىكا ) مەتروزى تۇرسۇن ئىشلىگەن




C=1·2/4
F=1·4/4

# قەھرىمانلىق سادالى

(رومانس)

سۆزى: مۇتەللىپ مەھەممەتنىڭ

مۇزىكىسى: نۇرمەھەممەت سايىتنىڭ

D=1 2/2





## تولۇق تېكىستى

كەلدى ئوغۇل يۇرتىغا، ئۆيىگە كەلدى،
بەختىيارلىق ئىلكىدە شوقە دەرخۇشال.
ئەۋلىيەردىن گۈل تامار، كۆزلىرىدىن نۇر،
كۆكرىگىدە يۇلتۇزدەك چاقنايدۇ مېدال.

ئانا ئىزدەر ئوغلىنى باغرىغا تاڭدى،
سېغىنغان جۇپ يۈرەك ئەركىن بولۇپ ياندى.
دېدى ئانا: ئاتاڭدەك قەھرىمان بوپسەن،
ئاق سۈت تۇغمىنى ئاقلاپسەن نە ئارمان قالدى.

ئاتاڭ ئېغىر كۈنلەردە ئازاتلىق ئۈچۈن،
قىزىل توغلۇق سەپ بىلەن داۋانلار ئاشتى.
قەھرىماندىن يالدامما ماڭا بىر ئوغۇل،
قەھرىمانلىق بەلگىسى بىر مېدال قالدى.

ئانا ئېلىپ مېدالنى ساندۇقتىن شۇدەم،
تاقاپ قويدى ئوغلىنىڭ كۆكسىگە قاتار.
بىزنىڭ ئۇلۇغ بۇ ئەلدە ئۆچمەيدۇ مەشئەل،
قەھرىمانلىق ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا قالدى.

# سەيپارە قوشىغى

سۆزى: بوغدا ئابدۇللانىڭ
مۇزىكىسى: خارس ئاشۇرۇپنىڭ

1 = F $\frac{4}{4}$



## تولۇق تېكىستى

سەيپارە، سەيپارە، سەيپارە،
كۆك ئاسمانىڭ پەرىسى زىباسەن.
قىزىل گۈل ئاشىقى بۇلبۇلدەك،
كۆيگەنمەن كۆزلىرى شەھلاسەن.

تويىمىز ناغرىسى تولۇن ئايى،
مەشرەپلەر ئۇلۇنۇپ قىزىغاي.
كائىناتقا گەر سالسا پايانداز،
ئۇل سامان يولىنى راسلىغاي.

# ۋەتەن قوشىغى

F = 1 3/4

سوزى: ئېزىز نىيازنىڭ
مۇزىكىسى: روزى ياسىننىڭ



## تولۇق تېكستى

ئاشىق قوشاق توقۇيدۇ،
سۆيگىنىگە يارىغا.
مەنمۇ ۋەتەن مېھرىگە،
چەكتىم ئىلھام تارىغا.

باھاردىنمۇ گۈزەلسەن،
باھار ئاشىق ھۆسنۈڭگە.
لەپىلدىگەن قىزىل تۇغ،
نۇر چاچىدۇ كۆكسۈڭگە.

ھۆر قوينىڭدا ياپرايمەن،
قىلچە غېمىم زارىم يوق.
سەندىن ئارتۇق يار تېپ،
سۆيگەن ئانام يارىم يوق.

# ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن 1982 - يىللىق تىياتىر كۆرىكى (بىرىنچى قېتىملىق) دىن كۆرۈنۈشلەر

— سۈرەتلەرنى چى يۈلىڭ تارتقان



1 . شىنجاڭ سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئورۇنلىشىدا: ئۇسسۇللۇق تىياتىر «تەڭرىتاغ ئېتىكىدە ئاشىنىدا گۆھەر ئىزلەش».



2 . ئالتاي رايونلۇق جىڭجۈي تىياتىر ئۆمىكىنىڭ ئورۇنلىشىدا: «سالىخا - سەمەن».



3 . قۇتۇبى ناھىيىلىك شىنجاڭ كۈيى تىياتىر ئۆمىكىنىڭ ئورۇنلىشىدا: «خاپىغان ئاچا».



6 . شىنجاڭ جىڭجۈي تىياتىر ئۆمىكىنىڭ ئورۇنلىشىدا: يېڭىدىن يېزىلغان تارىخىي دىراما «چاڭئەنگە تەلپۈنۈش».



5 . ئۈرۈمچى شەھەرلىك جىڭجۈي تىياتىر ئۆمىكىنىڭ ئورۇنلىشىدا: «يېڭى كېلىننىڭ زىياپەتنى رەت قىلىشى».



4 . شىخەنزە شەھەرلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئورۇنلىشىدا: بىر پەردىلىك ئۇسسۇللۇق تىياتىر «ياخشى بالا».

7 . شىنجاڭ دىراما ئۆمىكىنىڭ ئورۇنلىشىدا: «خۇاشيانىڭ ئوغلى».





8 . سانجى ئوبلاستلىق يۈيجۈ تىياتىر ئۆمىكىنىڭ ئورۇنلىشىدا: «بىز ئائىلە كىشىلىرى».




**新疆艺术**（双月刊）　　**XINJIANG ART**　　(قوش ئايلىق ژورنال)　　**شىنجاڭ سەنئىتى**

编　　辑：《新疆艺术》编辑部（乌鲁木齐市民主路32号）
出　　版：新疆人民出版社　　印　刷：乌鲁木齐市印刷厂
国内总发行：乌鲁木齐市邮局　　每单月15日出版
全国各地邮局（所）订阅、零售、代销
国外总发行：中国出版对外贸易总公司　（北京614信箱）
彩页制版：天津市人民印刷厂　　新疆期刊登记号：032

本刊代号：58—7　　定价：0.50元

«شىنجاڭ سەنئىتى» تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى (ئۈرۈمچى دېموكراتىيە يولى 32 - قورو)
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى ئۈرۈمچى شەھەرلىك باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
رەڭلىك رەسىملەر تيەنجىن شەھەرلىك خەلق باسما زاۋۇتىدا سىنكىدا ئىشلەندى
ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ مەملىكەت بويىچە ھەممە جايلاردىكى پوچتا
ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ ۋە پارچە ساتىدۇ.
جۇڭگو نەشرىياتى تاشقى سودا باش شىركىتى تەرىپىدىن چەتئەللەرگە تارقىتىلىدۇ
(بېيجىڭ 614 - نومۇرلۇق خەت ساندۇقى) تاق ئايلارنىڭ 15 - كۈنى نەشردىن چىقىدۇ

ژورنال نومۇرى: 7 — 58　　تىزىم نومۇرى: 032　　پارچە باھاسى 0.50 يۈەن